
# تارىم

10

1989

www.uyghurkitap.com

# يازغۇچىلار قوشۇنىمىز ئۇلغايماقتا



پېشقەدەملەر سۆھبەتتە



پېشقەدەملەر ۋە ياشلار



پېشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
ئىجادىيەت ئۈستىدە

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

10

1989

39 - يىل نەشرى

## بۇ ساندا

تۆمۈر داۋامەت

**جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ**

جۇمھۇرىيەت، ئۆسسۇن يەنە ئابرويۇڭ،
كەلسۇن يەنە زىلزىلىگە كەڭ جاھان.
لەپىلدىسۇن، جۇمھۇرىيەت، بايرىقىڭ،
ئەيلەپ مەڭگۈ ئېگىز كۆكتە شوخ جەۋلان.

*　　　*

مۆيدىن سايىت

**قارا ئالتۇنلۇقتىكى تاڭ**

ئۇ خوجايىنلىرىدىن بارغانسېرى كۆڭلى سوۋۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇلاردىن ئۈمىد ئۈزەلمەي، خىيالى چىگىشلىشىپ قالدى. بۇ بەخت - ئىقبالغا مۇناسىۋەتلىك تەقدىر چۇلۇۋۇرىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويغان ھەرقانداق ئادەمدە بولىدىغان ئىرادىسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق ئىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى شامال تۈگمىنىنىڭ چاقپىلىكىگە ئوخشايدۇ، شامال يۆنىلىشىگە بېقىپ ھەر تەرەپكە پىرقىراۋېرىدۇ.

●　　　*

شۈكۈر يالقىن

**جەنۇبنى ئەسلەيمەن**

مۇقامنىڭ ئانا يۇرتى، ناخشا ماكانى،
مەشرەپ، سەنەم، ئەلنەغمە جەنۇبنىڭ جانى.
ئۇسسۇل جاھانغا بۇندىن تارالغانمىكىن —
دەپتۇ دولانغا بارغان چەت ئەل مېھمانى.

www.uyghurkitap.com

# بۇسـاندا

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

فېلك داجېن ......... پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرەيلى! (ماقالە)....... 4
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ......... ئاياللىق قەلبىنىڭ مېلودىيىسى ............... 123

## نەسرىي ئەسەرلەر

مۆيدىن سايىت ............ قارا ئالتۇنلۇقتىكى تاڭ (پوۋېست) ...... 22
ئابدۇقادىر سادىر ............ ئاخىرقى تۇتقۇن (ھېكايە) ............... 64
شېرىن قۇربان ............ تەزىم (ھېكايە) ............... 87
توختى ئايۇپ ............ ئۇۋچى ئەسلىمىلىرى (ھېكايە) ............ 92
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ............ ئىككى ھېكايە ............... 104
ئەنەيتۇللا قۇربان ............ غازاڭ تۆكۈلىرى (نەسىر) ............ 113

## شېئىرلار

تۆمۈر داۋامەت ............ جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ...... 11
شۈكۈر يالقىن ............ جەنۇبنى ئەسلەيمەن ............... 12
مامۇت زايىت ............ ئۈچ شېئىر ............... 15
ئابدۇسالام توختى ............ تەڭرىتاغ ئالتۇن دىيار ............... 18
مەتتىمىن بارى ............ ئۆزگىرىش...... ............... 19
ئېزىز سايىت ............ شېئىر ۋە رۇبائىيلار ............... 20
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ............ سۆيگۈ بوياقلىرى ............... 56
مۇھەممەتسەئىدى مەتقاسىم ............ ئىككى شېئىر ............... 57
كېرىمجان سۇلايمان ............ شېئىرلار ............... 58
تۇرسۇن ئابلىمىت ............ ياپراقلاردا چاقنايدۇ شەبنەم ............ 59
قەيسەر مىجىت ............ ياش يۈرەكتە سۆيگۈ ئىشتىياق ............ 60
مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا ............ خىلۋەتتىكى ئەكس سادالار ............ 62

بوۋىھەجەر ئارمىيە ...........سۆيگۈ تولدۇرۇپ.......... 63
تۇرسۇنمەھەممەت پەخىردىن ...........چۈشىنىڭ ئاخىرى .......... 115
تۇراپ دايىم ...........تۇغۇلغان يەرنىڭ تۇپرىقى ئالتۇن ........ 117
ئەمەت جاپپار ...........ئىككى شېئىر ........... 119
نىيازئىمىن قۇربانى ...........ۋەتەن بەختى مېنىڭ بەختىم ........ 119
ھوشۇر ئىبراھىم ...........گۈللىگەي ئالتۇن بويۇڭ ......... 120
ئىبراھىم نىياز ...........قاراماي سادالىرى .......... 121
نۇرمۇھەممەت جېلىل ...........سەھرا ......... 122

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

ئۈمىدلىك شائىر، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي
تەرجىمان ........ 127
رەخىم قاسىم ...........ئەدىبلەر ئارىسىدا (زىيارەت خاتىرىسى)... 130

## جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى

مىسىر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى نەجىپ مەھبۇز... 141

## سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

راھىلە ھاپىزوۋا ............شېئىرلار ........ 144

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ۋىلىيام فولكنېر ...........بىر تال ئەتىرگۈل (ھېكايە)........ 146

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

يېقىندا مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى
پايتەختتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ
سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى ........ 158

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

# پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرەيلى

فېڭ داجېن

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز» دە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى باشتىن-ئاخىر بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە-كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەستايىدىل، جىددىي تۈردە نەزەردە تۇتۇشى، تىرىشىپ ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان چېغىمىزدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ يوليورۇقىنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز، «ئۆز ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ھەققىدە ئەستايىدىل، جىددىي» ئويلاندۇقمۇ-يوق، خەلق ئاممىسىغا «ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق» يەتكۈزۈپ بەردۇقمۇ-يوق، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىدۇقمۇ-يوق، دەپ ئويلاپ بېقىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شەك-شۈبھىسىزكى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكى، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىمىزنى ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، يەنە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنى

پەيدىنپەي شەكىللەندى. نۇرغۇن ئاپتور ۋە ئەسەر مەملىكەت بويىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، بەزىلىرى تېخى دۇنياغا يۈزلەندى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ھەممىشە ئەگرى - توقاي يوللاردا مېڭىپ كەلدى، بەزىدە ئىلگىرىلىدى، بەزىدە ئىككىلەندى، بەزىدە چېكىنىدى، بەزىدە ئاچالغا دۇچ كېلىپ، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلالماي، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان ئېھتىياجىغا تازا ياخشى ماسلىشالمىدى. ھالبۇكى، بۇ يىل پايتەختتە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەن مەزگىلدە ئاشكارىلانغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئېغىر ئاپەت رايونى بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىمۇ ئىدىيە، نەزەرىيە، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى، مەدەنىي پائالىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ، تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىزنى يەكۈنلىشىمىز ناھايىتى زۆرۈر.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان. شۇڭا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بەش مۇناسىۋەتنى ئالاھىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ھەمدە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. بۇ مەسىلىدە پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدا نۇرغۇن ساۋاقلار بولغان. بىز بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىيغا بويسۇنۇشىنى تەكىتلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى سىياسىينىڭ بىۋاسىتە كارنىيى دەپ قارىغان؛ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن. بۇ ئېغىشنى تۈزىتىش ئۈچۈن ھازىر «ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيغا بېقىنىدۇ» دېمەيدىغان بولدۇق، «ئەدەبىيات - سەنئەت ۋاقىتلىق، كونكرېت، بىۋاسىتە سىياسىي ۋەزىپىگە بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويمايدىغان بولدۇق. ئەمما بۇ ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتسە بولىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ سىياسىي بىلەن كارى بولمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەدەبىيات - سەنئەت بىرخىل ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسىيدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن «توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشى»، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا

چىڭ تۇرۇشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا قويغان ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى. ئەدەبىيات - سەنئەت رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك دېگەن تەلەپتىن قارىغاندىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىز شۇنى ئىنكار قىلالمايمىزكى، سىياسىي تۇرمۇشمۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى، يەنە كېلىپ ئۇ ئەڭ مۇھىم، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئو- مۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە رېئال تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بىزنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىمىز پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت- سىياسىي تۇرمۇشقا پىسەنت قىلماي تۇرالامدۇ؟ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ، ئەدەبىيات، سەنئىتىمىز ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر بولغان مۇھىم مەزمۇن بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز بۇ مۇھىم مەزمۇننى «سۇسلاشتۇرۇۋەتسە»، ئەدەبىيات - سەنئەت ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىز ھەر بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرىدىن مەلۇم بىر خىل سىياسىي ۋەزىپە ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلمىساقمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت پۈتۈن مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ۋەزىپىگە، مەسىلەن، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ سى- ياسىي ۋەزىپىگە پەرۋاسىز قارىسا بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت يەنىلا مۇشۇنداق سىياسىي ۋەزىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، مۇنداق خىزمەت شەكلى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەت- تە ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ مۇنداق سىياسىيغا خىزمەت قىلمىسا، ئۇنداق سىياسىيغا خىزمەت قىلىدۇ. پايتەختتىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ھەجۋىي رەسىملەر دەل ئاشۇ توپىلاڭنىڭ سىياسىيسى ئۈچۈن خىزمەت قىلمىدىمۇ؟ ھەممىشە سىياسىيدىن سۇسلاش- تۇرۇشنى تەرغىپ قىلغان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ سىيا- سىيسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. شۇڭا بىز ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بىمەنە سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىكىمىز، ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكىمىز كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە خەلق ئۈچۈن ئاكتىپ تۈردە خىزمەت قىلىشىمىز، سوتسىيا- لىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىن ئىبارەت سى- ياسىي ۋەزىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىيات- سەنئىتىمىز ئاندىن سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشىيالايدۇ.

ئىككىنچى، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى بىلەن «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. بىز ھەم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەم پارتىيىنىڭ بارچە گۈللەرنى تەڭ ئېچىلدۇرۇش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز

لازىم. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۆزاقچە ئۆز-
گەرمەيدىغان ئاساسىي فاڭجېنى. ئەمما، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ يۆنىلىش ئالدىنقى شەرت، بىرىنچى
ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ يۆنىلىش بولمىسا، پارتىيىنىڭ «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىنى
توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتا يېقىندىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەت
ساھەسى، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكس
ئەتتى. بەزى ئاتالمىش ئىلمىي ماقالىلەردە ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم
يۆنىلىشى ئىنكار قىلىنىپ، ئېلىمىزدە كاپىتالىزمنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى.
«ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» مۇشۇنداق ئالدىنقى شەرت ئاستىدا سۆزلىنە-
دىغان بولسا، قانچە سايرىغانسېرى سوتسىيالىزمدىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىش كېلىپ
چىقىدۇ. مۇنداق «سايراش»، ئەمەلىيەتتە، پارتىيىنىڭ «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجې-
نىغا خىلاپ. تەبىئىيكى، بىز «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىنى ئالدىنقى
شەرت قىلغان ھالدا پارتىيىنىڭ «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز
كېرەك، بولمىسا بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز راۋاجلىنالمايدۇ، گۈللىنەلمەيدۇ.
بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ ئاساسىي مىلودىيىسىنى تە-
كىتلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ «نىقراتى» مۇ بولۇشى كېرەك. ئەمما،
ئاساسىي مىلودىيە بىلەن نىقراتتا بىرلىككە كەلگەن مۇقام ۋە يۆنىلىش بولۇشى شەرت،
ئۇلار بىر-بىرىگە توپتىن زىت كېلىپ قالسا، بولۇپمۇ سىياسىي يۆنىلىشتە بىر-بىرى-
گە توپتىن زىت كېلىپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولۇشى كېرەك.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر
«ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ «ئېچىلىش-سايراش»
فاڭجېنى توغرىسىدا ھەدەپ گەپ ساتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى پارتىيىنىڭ
«ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنى بولماستىن، بەلكى بۇنى باھانە قىلىپ بۇرژۇئاچە ئەركىن-
لەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىش، پارتىيىنىڭ «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىغا خىلاپ-
لىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىز «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى بىلەن
«ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىنى جەزمەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ
پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسى-
ۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز بېكى-
نىمىچىلىك چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى
يولغا قويۇشى لازىم، مانا بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ
بېرىشىمىزدىكى ئاساسلىق سىياسىتىمىز. بىز چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەتكە قارىتا
قارشى تۇرۇش، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى ئەمەس، بەلكى تەنقىدىي قوبۇل
قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىمىز. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل تەركىبىي
قىسمىنى ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈلگە ۋە ئوزۇق دەپ
قارايمىز. مەيلى چەت ئەل كىلاسسىك ئەدەبىياتى ياكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى
بولسۇن، مەيلى لېرمونتوۋ، گوگول، گوركىي ياكى ئايتماتوۋ بولسۇن، مەيلى شېكسپىر
جېك لوندون ياكى ماركىز بولسۇن، بىزگە كېرەكلىكلا بولىدىكەن ھەممىسىنى قار-

شى ئالىمىز. ئەمما، مىللىتىمىزنىڭ، ئېلىمىزنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرمەكچى بولغانىكەنمىز، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى قەدىرلىشىمىز، بۇ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىشىمىز، مىللىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ئاندىن چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلماسلىقىمىز، ھەتتا ئومۇمىيۈزلۈك غەربلىشىشنى تەشەببۇس قىلماسلىقىمىز كېرەك. پۈتۈنلەي غەربلىشىش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتى مىللىي مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ ماڭىدۇ، بۇ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىزغا پايدىسىز. شۇڭا بىز مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىك چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشىمىز لازىم. ئەمما بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرگە ئوخشاش مىللىتىمىزنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىپ، بېكىنمىچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، كاپىتالىزمنىڭ ئاتالمىش «كۆك رەڭلىك مەدەنىيىتى» نى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلساق، «كۆك رەڭلىك مەدەنىيەت» نى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئورنىغا دەسسەتسەك بولمايدۇ. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتكە قارىتا، ئېسىل مەدەنىيەت بولغان تەقدىردىمۇ پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، بەلكى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى بويىچە، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئوزۇق سۈپىتىدە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈۋېتىپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئورگانىزمى ۋە قېنىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ شاكىلىنى بولسا چەتكە قېقىشىمىز، ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە، مىللىتىمىزگە، خەلقىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، ئىلمىي تەتقىقات سۈپىتىدە، بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ بەزى شاكاللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشى مەلۇم دائىرىدىكى ئېھتىياج بولۇپ، ئۇ باشقا بىر ئىش. ئەمما بۇ ھەقتە كونكرېت بەلگىلىمە، مەلۇم دائىرە بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. دەرۋەقە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە، شۇڭا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەسىلىسى بار، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئوبوروت ساھەسىدە پەيدا قىلىدىغان تاۋار ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز، تاۋار قىممىتىنى ئىمكان قەدەر ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى يەنىلا بىر خىل ئالاھىدە تاۋار، بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات. ئۇنىڭ قىممىتى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئوينىغان غايەت زور رولىدا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ كۆپرەك نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلىدىغان ئىجتىما-

ئىي ئۆزۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۆزۈم ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئۆزۈم ئالدىنقى قاتاردا،
بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئەدەبىيات سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئۆزۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۆزۈمى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالسا، بىز
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزۈمىگە بويسۇنۇپ، ئىقتىسادىي ئۆزۈمىدىن ۋاز كېچە-
شىمىز ياكى ئىجتىمائىي ئۆزۈمىگە تەسىر يەتمەيدىغان تەرەپلەردىن ئىقتىسادىي ئۆزۈ-
مىنى تولۇقلىشىمىز كېرەك. بۇ مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە، ئەدەبىيات-
سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۆزۈمىنى دەپ ئىجتىمائىي ئۆزۈمىدىن ۋاز كېچىشكە
ھەرگىز بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزۈمىدىن ۋاز كەچكەندە،
ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتىنچە
ئىقتىسادىي قىممەتكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ئىقتى-
سادىي قىممىتىنى مەڭگۈ يوقىتىدۇ. ھەقىقىي سەنئەت بۇيۇمى ئىجتىمائىي قىم-
مەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىجتىمائىي ئۆزۈم ھاسىل قىلىدۇ، ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە
بولغاچقا، ئىقتىسادىي ئۆزۈم پەيدا قىلىدۇ. بۇنى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىيات-
سەنئەت تارىخىدىكى سان - ساناقسىز پاكىتلار ئىسپاتلىغان. شۇڭا بىز ئەدەبىيات-
سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۆزۈمى ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەتكە يىراقنى كۆرەلمەسلىك نەزەرى بىلەن قارىساق بولمايدۇ. تەبىئىيكى،
سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نىشانىسىنى
ئۇنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ-
چىقىرىشىمىز، ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۆزۈمى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي
ئۆزۈمىنى، ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولى، ئېستېتىك رولى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولىنى جارى
قىلدۇرۇشنى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت
قىلىدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا، مەيلى كونكرېت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش
ئورۇنلىرى بولسۇن ياكى ئەدەبىيات - سەنئەتنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلار بولسۇن، ئېنىق
تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقى-
رىشنى ساغلام ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ ئەسلىدە بىر مەسىلىمۇ ئەمەس ئىدى، سوتسىيالىستىك ئەدە-
بىيات - سەنئەت ئىشلىرى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، بۇنىڭدا
ئەلۋەتتە پارتىيە رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملى-
رى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى پائال ئېلىپ بېرىۋاتقان چېغىدا، پارتىيە-
نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، يولداش جاۋزىياڭ
پارتكوم «ئاز ئارىلاشسۇن» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيەتتە، پارتى-
يىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلدى،
پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە «ئارىلىشىشى» غا يول قويمىدى، بولۇپمۇ پارتى-

يىنىڭ «لاتقا» غا ئوخشاش ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تارقىلىشىغا ئارىلىشىشىغا يول قويماي، جەمئىيەتكە، خەلققە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زىيانلىق ئەسەرلەرنىڭ جەمئىيەتكە توسالغۇسىز ئېقىپ كىرىشىگە يول قويدى. ئەمما پارتىيىنىڭ بىر قىسىم ساغلام، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تارقىلىشىنى قوللىشىغا، يۆلىشىگە يول قويمىدى. نەتىجىدە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلىنالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى باستى. بىز پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى تەكىتلىگىنىمىزدە، پارتىيىنىڭ فاڭچېن، سىياسەت ۋە چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان ماكرولۇق يېتەكچىلىكىنى، نورمال ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان قوللىشى ۋە ياردىمىنى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدىكى يۆنىلىش خاراكتېرلىك، پرىنسىپلىق مەسىلىلەردىكى سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى نەزەردە تۇتىمىز. بىز پارتىيە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا بىۋاستە ئارىلاشسۇن ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىسۇن دېمەكچى ئەمەسمىز، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمۇ پارتىيىدىن ھەر بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش تەپسىلاتىنى، مەسىلەن، قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش، قايسى پېرسوناژ ياكى مەنزىرىنى يېزىش قاتارلىق جەھەتلەردە چۈشەنچە بېرىشنى ۋە بەلگىلىمە چىقىرىشنى تەلەپ قىلىسا بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى بولۇشى كېرەك. پارتىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئوخشاشمىغان نۇقتا ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قارىمۇ قارشى بولماستىن، بەلكى بىردەك، بىر يۆنىلىشلىك. پارتىيە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلەتكەن كىشىلەرنىلا قانۇنسىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زىيانلىق.

يولداش لى رۈيخۇەن، بىز ھەم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشىمىز ھەم سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم، دېگەنىدى. بىزنىڭ پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بويىچە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى مەقسىتىمىزمۇ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش. ھەممەيلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى.




**تۆمۈر داۋامەت**

# جۇمھۇرىيەت، لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ

— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

قىرىق قېتىم كەلدى باھار، كەلدى كۈز،
ياغدى تالاي يامغۇر، چىقتى شامال ھەم.
قىرىق يىلدا بولدى تالاي بۇرۇلۇش،
تەرەققىيات ئاچتى تالاي جامال ھەم.
بېسىپ ئۆتتۇق كۆپ جەڭگىۋار مۇساپە،
جۇمھۇرىيەت،
ئانا ۋەتەن يۈكسىلىپ.
تالاي كۈرەش—جەڭنى باشتىن كەچۈردىڭ
قانلىق، ئوتلۇق سىناقلارغا يۈزلىنىپ.
سان-ساناقسىز ئېلىشىشتا ھەر قېتىم
ساڭا مەنسۇپ بولدى غەلىبە، شەرەپشان.
ساڭا قارشى چىققانلارنىڭ ھېچبىرى
قىلالمىدى سېنى گۇمران ھېچقاچان.
مەغلۇپ بولدى، رەسۋا بولدى بىر-بىرلەپ،
ئەكسىچە سەن روناق تاپتىڭ گۈللىنىپ.
مايىل بولدى خەلق قەلبى تېخىمۇ،
ئەقىدىسى، ئىشەنچىسى نۇرلىنىپ.
جۇمھۇرىيەت،
بىر گىگانت ئادەمسەن،
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەزمۇت شەرقتە.
بېغىشلايدۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشۇڭ،
ئىلھاملارنى دۇنيادىكى خەلققە.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دېگەن نام،
يېقىملىق ھەم ياڭراق، ئەجەب بەھەيۋەت.
ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى چىللايدۇ
ۋە بېرىدۇ پرولېتارغا كۈچ-مەدەت.

* *

مەن ئەسلىدە بالىسىمەن دېھقاننىڭ،
چۆلگە يېقىن بىر يېزىدا تۇغۇلغان.
جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانغا ئەگىشىپ،
يورۇق كۆرگەن،

قەد كۆتۈرگەن، ھۆر بولغان.
مەن يېتىلدىم، ئۆسۈپ سەپكە قېتىلدىم،
پارتىيىنىڭ ئىللىق نۇرى مېھرىدە.
بۈگۈنۈمۈ كەلدى ئاشۇ قۇياشتىن،
تەبەسسۇم بار شۇڭا ھامان چېھرىمدە.
مەن يېتىلدىم بىللە ئۆسۈپ سەن بىلەن،
يۈرىكىمگە ئىشقىڭ چوڭقۇر ئورناشقان.
سېنىڭ بىلەن ئىستىقبالىم، تەقدىرىم
مەڭگۈلۈككە چىڭ چېتىلغان، ئۇلاشقان.
سەن بولمىساڭ، ئىلگىرىلەيمەن مەن قانداق،
سەن بولمىساڭ،
نەدە ماڭا شەرەپشان.

ئەي ۋەتىنىم،
جۇمھۇرىيەت جانىجان،
ئۆزۈڭ ماڭا ئاتا، ئۆزۈڭ ئانىجان.
شەپقىتىڭنى، چەكسىز ئىللىق مېھرىڭنى
ئۇنتۇمايمەن ئۆمرۈم بويى ھېچقاچان.
سېنىڭ ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن، ئىشلەيمەن،
يۇمۇلمىسا كۆزۈم، بولسا تەندە جان.
جۇمھۇرىيەت، قىرىق يېشىڭ مۇبارەك!
سەن جۇشقۇنلۇق،
سەن ياش شۇنچە نەۋقىران.
گۈللىنىسەن ئەمدى تېخى بەرق ئۇرۇپ،
ئىستىقبالىڭ نۇر ئاچماقتا پارلىغان.
ساڭا ۋاپا كەلتۈرىمەن، سادىقمەن،
تەرىپىڭگە كەلتۈرىمەن كوي - داستان.
راھەت بېغى سەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ،
بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلغان گۈلىستان.
باھارىڭدىن خۇشبۇي ئىپار تارايدۇ،
قۇچىقىڭدا ياشنار ھايات قايىنىغان.
جۇمھۇرىيەت دەريا - تېغىڭ گۆھەردۇر،
قوغدايمىز بىز زىچ ئۇيۇشۇپ تىكىپ جان.
جۇمھۇرىيەت ئۆسسۇن يەنە ئابرويۇڭ،
كەلسۇن يەنە زىلزىلىگە كەڭ جاھان.
لەپىلدىسۇن، جۇمھۇرىيەت بايرىقىڭ،
ئېلەپ مەڭگۈ ئېگىز كۆكتە شوخ جەۋلان.

1989 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

شۈكۈر يالقىن

## جەنۇبنى ئەسلەيمەن

جەنۇب سېنى ئەسلىسەم، سېغىنچىم ئاشار،
ساڭا بولغان مۇھەببەت ئۈزۈلمەي ياشار.
ساڭا بېغىشلانغان قەلب سۆزى تۈگىمەي،
مىسرالاردىن دولقۇنلاپ-ئۆركەشلەپ تاشار.

ئانا ۋەتەن قۇچىقىڭ شۇ ئەلگە ماكان،
ئۈستۈڭ مۇنبەت ۋادى-يۇ، ئاستىڭ تولا كان.
كۆئېنلۇن، ئالتۇن تاغلار بىر ياقتا تۇرسۇن،
بايلىقىڭنىڭ خەزىنىسى كەڭ تەكلىماكان.

كۆمۈش رەڭ دەريالىرىڭ، زۇمرەت كۆللىرىڭ،
ئەلنىڭ قەلبىدەك كەڭرى سەھرا، چۆللىرىڭ.
جېنىمنىڭ رىشتىسىدەك تارتىپ تۇرىدۇ
چۆللەرنى كېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق يوللىرىڭ.

دەريالاردا ئاقىدۇ قاشتېشى، مەرمەر،
بايدۇر تاغۇ تاشلىرىڭ دۇنيالار قەدەر.
ئۆلچىمىگە نېمىدەپ باھا بېرەيكىن،
ھەر چامدىمى ئالتۇنۇ، غېرىچى گۆھەر.

گۈزەل زېمىن، كىشىنى قىلىدۇ مەپتۇن،
كورلا - كۇچا بېغىدىن جەنۇبتا خوتەن.
بۇ ئەزىز تۇپراق مېنى سېغىندۇرىدۇ،
ئەجەب سۆيۈملۈك ئېسىل دىيار بۇ ۋەتەن!

گاھى چىمەنمۇ دەيمەن گۈلشەنمۇ گاھى،
جەننەتلەردىن مىڭ ئەۋزەل ئۇنىڭ چىرايى.
تىمسالىنى ئىزدىدىم، خوتەندىن تاپتىم:
ئىپەك گىلەممۇ ياكى ئەتلەسمۇ - شايى؟

كۇچا كۆرپىسى بىر گۈل، يوقتۇر ساختىسى،
ئاق ئالتۇنىنىڭ دەل ئۆزى مەكىت پاختىسى.
مەرۋايىتتەك گۈرۈچىنىڭ ئامبىرى دەيسىز،
ئاقسۇدىكى شاللىقنىڭ ھەربىر تاختىسى.

كورلىنىڭ نەشپۈتىمۇ، شېكەرشىنمۇ بۇ،
ھالۋىمۇ قوتۇر ئامۇت، بېشەكشىنمۇ بۇ؟
ھەسەلمۇ دەپ سايتىمەن، كۆلۈپ كېتىشتى،
ئاتۇشنىڭ ئەنجۈردىكەن، راستىمۇ - چىنىمۇ بۇ؟

قاغىلىقنىڭ ئانىرى چوڭ چىلەكچە تەڭ،
سايىۋى ئۈزۈمىنى بەشكېرەمدە يەڭ.
قوغانىنىڭ توغىچىنىمۇ ئەزىلى قىزىل،
كۇچا كىشمىشى ئۈرۈكى نەدىن ئالار دەڭ؟

ئالمىدە مېۋە بولسا، قوغۇندەك بولۇر،
قوغۇن بولسا ئالمىدە بىزنىڭدەك بولۇر.
چىلگىدىن تۇناغچە ئاتىمىش خىلى بار،
پەيزىۋاتنىڭ پەيزى دەل شۇنىڭدىن كېلۇر.

چىلگى شاپتۇلدىن تاكى ئەت شاپتۇلغىچە،
(خىلىنى ئېيتالمايمەن ئۇ زادى قانچە).
شۇ لەززەتلىك مېۋىنىڭ ماكانى بۇ يۇرت،
جانغا ھۇزۇر يېسىڭىز تويۇپ قانغۇچە.

«بەنىيەتى شىپا» ① دەپ يەيمىز كۆك ئامۇت
ھەم توق قىزىل ياقۇتەك مارجاندەك شاتۇت.

① شىپا بولار دېگەن نىيەت بىلەن دېمەكتە.

بىمار ئۈچۈن تېۋىپسىز دارۇ - شىپادۇر
بۆگۈر، تازغۇن، يېڭىسار قاتارلىق ھەر يۇرت.

تاغ بۇلاقتىن سۇ ئىچكەن ئۆرۈكزار كەلپىن،
بىر قاراپ باقىن تۈگە پاتار ئىشىكتىن.
ئېسىل گۈلە قۇرۇتار جانان قىزلىرى،
ئانىسى پەردازاتىمىش (ئېھتىيات قىلغىن!).

ئېگىز پامىر يايلىقى، ئويتاغ ئورمىنى،
ئۈچتۇرپانىنىڭ قىمىزى، سېمىز پاخلىنى،
ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىكنىڭ يايلاقلىرىدا،
ئارام ئېلىپ يايرايدۇ ئىنسانىنىڭ تېنى.

ئاسماندىن ئېچىلغانمۇ جەننەتكە روجەك،
ياكى ئىرەم باغىدىن بۇمۇ بىر بۇجەك؟
دەيسىز توققۇز بۇلاقنى كۆرگەن ھامانى،
ئۈنچە - مارجان سۇ بىلەن تولغاندا كۆلچەك.

تېتىك - تېمەن، باھادىر ئوغلانلىرىڭ بار،
ئىرادىلىك ۋە قەيسەر، ئەپچىل، سەنئەتكار.
سەلەي چاققان، تۇرداخۇن، ھاشىم داۋازچۇ،
سېيىت ئاخۇندەك نوچا يەنە نەدە بار؟

قىزلىرىڭدا نومۇس بار ۋە ئايدەك جامال،
ھەر بىرى نوزۇگۇمدەك قەلبى گۈل ئايال.
مۆلچەر تاغدا ياتىدۇ يەتتە قىزلىرىم،
ئامانىساخان بۈيۈك ئىنسانغا تىمسال.

ئەل سۆيگەن ئەزىزلەرنىڭ گۈلزارى سەندە،
ئوت يۈرەك لۇتپۇللانىڭ مازارى سەندە،
شەھەرلەر تۇپرىقىنىڭ ئۈستىگە ئۇچقان،
كۆز تۇتىيا قىلغۇدەك غۇبارى سەندە.

ئەپسانىۋى زۇھرانىڭ گۈلى بارئىمىش،
تاھىر ئاققان دەريانىڭ يولى بارئىمىش.
رابىئەنىڭ بېغىدا ھەربىر تۈۋرۈكتە،
ئاشىق سەئدىنىنىڭ ماھىر قولى بارئىمىش.

شائىر گۇمنام ۋە ئۇستاز زەلىلىي لىرىك،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك».
شاھ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى
تەسنىپ قىلغان چوڭ«دىۋان—لۇغاتىتتۈرك.»

ئوپالدا تاغ باغرىدا مارجان بۇلاق بار،
ھەزرەت موللام مازارى بىزگە ئېيتىشار.
چۈنكى ئۇندا «دىۋان» نىڭ شۇ مۇئەللىپى،
تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ياتار.

پەرىيانە يەكەننىڭ پىرى قىدىرخان،
ئۇ ئەلۋەتتە ئەمەستۇر زاھىد يا ئىشان.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئەزىزلىكى ھەق،
چۈنكى ھاجىپ ۋە مەھمۇد ياشىغان ماكان.

مىڭ ئۆيدە مىڭلاپ يىللىق مەدەنىيەت بار،
بۇ تەبىئىي غار ئەمەس، ئۇلۇغ يادىكار.
بۇنى شۇ ئەل ياسىغان ئۆز قولى بىلەن،
بۇ ئەل شۇنداق ئىجادكار، شۇنداق سەنئەتكار.

سەيلىلەر، سەيلىگاھلار ھەددى-ھېسابسىز،
«ئىمامىلىرىم»،① «سوۋۇتقا»② ۋە «ھەز-
رەت»③ دەمسىز.
يەنە نۇرغۇن جايلاردا ئۆتەر سەيلىلەر،
نورۇز بايراملىرىنى تويىماي كۆرىسىز.

ھېيتگاھ پەشتاقىدىن ناغرا ساداسى—
ياڭرىسا، تۆۋەندە ئەلنىڭ ساماسى.
سەنئەتچى بىرخەلققە خاس زوقۇ-شوخ بىلەن،
ئەۋج ئالار بۇ ئۆتمۈشنىڭ گۈزەل مىراسى.

مۇقامنىڭ ئانا يۇرتى، ناخشا ماكانى،
مەشرەپ-سەنەم، ئەلنەغمە جەنۇبىنىڭ جانى.
ئۇسسۇل جاھانغا بۇندىن تارالغانمىكىن —
دەپتۇ دولانغا بارغان چەت ئەل مېھمانى.

چېلىشلاردا يىگىتلەر چىقىرىشار داڭ،
ياش ئوغۇل-قىزلار ئويىنار ساغاردى غازاڭ.

قۇش سالار، ئوغلاق تارتار، چوگەن ئويىنىشار،
دارۋاز پەلەكتە قالتىس ماڭار خىرامان.

خىلمۇ-خىل مىللىي ئادەت، مىللىي ئەنئەنە،
توي-تۆكۈن، مەرىكەيۇ ئويۇن، تەنتەنە.
باغرى كەڭ خۇشخۇي ئەلنىڭ تەرىپىنى دەپ،
يازسام-يازسام تۈگىمەس مىسرالار يەنە.

بۇيۇرت-بۇئەل قەدىمدىن مەۋجۇت،
قەدىملىقىغا شاھىد قەشقەرلىق مەھمۇد.
زامانەدىن بۇ يۇرتنىڭ مېھنەتكەش خەلقى،
گاھى بەختسىز ياشىغان، گاھىدا مەسئۇد.

بۇندا ھەر نېمىكى بار، ماڭا يات ئەمەس،
ئۇيغۇر دېگەن مەن ئۈچۈن يات بىر ئات ئەمەس.
ئۇيغۇر جان جىگىرىم ھەم قان قېرىندىشىم،
ھېچكىم بىزدەك يېقىن ۋە قاتمۇقات ئەمەس.

بىر كېمىگە چۈشكەننىڭ جېنى بىر بولۇر،
يىغلىساڭ يىغلاپ، كۈلسەڭ كۈلگەنمەن مەغرۇر.
بىر پىيالەكىنىڭ خەمىكى، بىر ئازگال لېيى—
بولۇپ كەلگەن ئەزەلدىن ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر.

دەريالىرىم ئوخشايدۇ تارىمغا مېنىڭ،
دۇتارىڭ تەڭكەش يۈرەك تارىمغا مېنىڭ.
ئاتاڭ ئاتام، ئاناڭمۇ مېھرىبان ئانام،
ئوخشاپ كېتەر نىگارىڭ يارىمغا مېنىڭ.

بىزنىڭ ئەدەبىي مىراس قەدىمى ئورتاق،
ناۋائىي، شاھمەشرەپ، مۇقىمى ئورتاق.
نىزارى، موللامۇسا، خىسلەت قەشقەرى،
ھەممىسى چىن يۈرەكتىن سەممىي ئورتاق.

فۇرقەت يەركەندە يىغلاپ ئوقۇسا غەزەل،
ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان شۇ يۇرتلۇق گۈزەل.
يار-يۆلەك بولۇپ ئۆتتۇق بىر-بىرىمىزگە،
بىزنى مەھكەم باغلىغان تەقدىرى ئەزەل.

① ② ③ سەيلە قىلىنىدىغان جاي ئىسىملىرى.

بىزنىڭ دۇنياۋى، دىنىي بىلىم ئوخشايدۇ،
تۇرمۇش ئۆرپى - ئادىتىم، تىلىم ئوخشايدۇ.
بۇلار تاشقى ھادىسە، بەكمۇ مۇھىمى:
بۇ ئەل بىلەن ۋىجدانىم، دىلىم ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ ھەر شەھىرىدە ئەنجان مەلىسى —
بارلىقى دوستلۇقنىڭ روشەن مەنىسى.
قەشقەر سارىيى نۇرغۇن ئۆزبېك يۇرتىدا،
دوستانە ئالاقىنىڭ بۇ چوڭ بەلگىسى.

تارىخ بويلاپ قانچە ئۇزاققا كەتسەك،
ھىجرىيە ھېسابىدىن مىلادقا ئۆتسەك.
بىر يەردىن چىقىپ كېلەر ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك،
يېقىنلىشىمىز قانچە ئالىسقا يەتسەك.

قوشىندارچىلىق قىلىپ دېمەيمەن زىنھار،
مەن بىر مېھمان ئەمەسمەن ساڭا ئەي دىيار.

بىر خالىس خەيرىخاھمۇ دېمىدىم زادى،
ئوغلۇڭمەن دەۋاتىمەن تەكرار ۋە تەكرار.

يېرىم ئەسىرگە يېقىن بولدى - غۇ، دەيمەن،
تىنماي سېنى ئويلايمەن، غېمىڭنى يەيمەن.
كۆرەلمەي دىدارىڭنى سېغىنغانلىقتىن،
مۇشتاق دىلىمنى زادى يۆگەنلەلمەيمەن.

قېرىغاندا ئىش ماڭا بولسىمۇ ھەرەج،
تېرىپ باقتىم ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن تەمەچ.
يول ئالدىدىن تۆت-بەش تال سۆزلىگۈم كەلدى،
بۇ يۇرتىمۇ ئاخىرى توڭلار ئېرىگەچ.

جەنۇب، سېنى ئەسلىسەم سۆزۈم سوزۇلۇر،
سېغىنىشتىن ھەتتاكى كۆڭلۈم بۇزۇلۇر.
تەلپۈنىمەن سەن سىيان چەكسىز ھەۋەستە،
ئىشتىياقىمدىن پۈتمەس داستان تۈزۈلۇر.

ماموت زايىت

## ئۈچ شېئىر

### تاغلار قەلبى

ئالدىمدا مۇزات ھەم ئابرال، كۇئېنلۇن،
كۆرۈنەر تەسەۋۋۇر كۆزىدە خىرە.
ئۇلاردا مۇھەببەت ياندۇرغاچ يالقۇن،
سېلىشقان ئۆزئارا ئاشىقتەك گىرە.

ئۇلارغا نۇر - رىشتە،
دەريا، يول — رىشتە،
زېمىننى، قۇياشنى بىللە، تەڭ سۆيگەن.
گوياكى يەردىكى ئۈچ پاك پەرىشتە،
بىر ئۇلۇغ ئېتىقاد ئىشقىدا كۆيگەن.

تاغلارنىڭ قەلبىدە بار نەپرەت، سۆيگۈ،
بۇ سۆزنىڭ شاھىدى شۇ بۈيۈك ئۈچ تاغ.

ئۇلاردا ئىنساندەك غەزەپلىك تۇيغۇ،
زىلزىلە قوزغاتقان، بىلەمسەن بىر چاغ.

كەلتۈرگەن قەلبىدىن ئۈچ تاغ ۋۇجۇدقا،
ئۈچ نەپەر ئوت يۈرەك شائىر ئوغلانىنى.
ئويلىغان، بىرلىكتە ئوت ئېچىپ جۇتقا،
چاقناتسۇن تارىمدا سۈبھى-چولپانىنى.

مۇزاتتىن نېمىشېھىد، ئابرالدىن لۇتپۇن،
كۇئېنلۇن قەلبىدىن تۇغۇلغان بىلال.
تارىمدا ياندۇرۇپ ئۇلار ئوت-ئۇچقۇن،
ئۆمۈرلۈك دوست بولۇپ تەڭ تاپقان كامال.

كۆرەشتە، غەم - قايغۇ، شادلىق، ئىجادتا،
بولۇشقان ئۆزئارا ھەمنەپەس - ئورتاق.

ئۇلارغا يات ھەسەت، رەشك ھاياتتا،
سۆيگۈسى تاغلاردەك پاك ئۇلۇغ چاقناق.

ساۋاقداش تۆھپىسى، ئۇستاز شەرەپى،
ئۇلارنى چۆمدۈرگەن ئوخشاش خۇشلۇققا.
قىلىنغان ھەممىشە ياخشى تەرىپى،
بۇ خىسلەت يەتكۈزگەن بۈيۈك دوستلۇققا.

ئىخ مۇزات، كۆئىنلۈن، ئابرال تاغلىرى،
سەئىددىكى ئۈچ ئوغلان خىسلەتتە ئەينەك.
گۈللەيلى بىرلىكتە ئانا دىيارنى،
مەردلەرنىڭ ئىشىدىن ئېلىپ بىز ئۈرنەك.

## تارىم شامالىرى

تەسەۋۋۇر ئۇلپاردىم چاپتى تىنىمسىز،
مەن كەلدىم چېگرىغا — قارا قۇرۇمغا.
قار-مۇزلۇق چوققىلار ھەيۋەت ۋە ئېگىز،
بەخش ئەتتى ھاياجان دىل-ۋۇجۇدۇمغا.

تاغ ماڭا ئاق چاچلىق قوماندان بولۇپ،
كۆرۈندى، سىرداشتۇق ئايەم-بەزمىدە.
سۆزىدىن قەلبىمگە ئىپتىخار تولۇپ،
قەغەزگە چۈشۈردۈم ئۇنى نەزمىدە:

«تېخى ياش-قىرانسەن، بىلمەيسەن ئوغلۇم،
سانسىز قىش-باھارنى ئۆتكۈزدۈم باشتىن.
بىھېساب جەڭلەرنى كۆردى بۇ ئۆمرۈم،
ھومايدىم زۇلمەتكە، كۆلدۈم قۇياشتىن.

قارىغىن، چىقماقتا تارىم شامىلى،
ئىپار ھىد، خۇشاللىق، تىنچلىق تارقىتىپ.
ئانا يۇرت-ئىسلاھات، يۈكسىلىش ئىچرە
ئىقبالغا چاپماقتا ناخشىلار ئېيتىپ.

تارىمنىڭ شامىلى سوقاتتى بۇرۇن،
ئۇلغايتىپ ئەلدىكى نالە-پەرياتنى.
خان-بەگلەر قۇترايتتى چىقىرىپ قۇيۇن،
قامچىسى تارقىتىپ ھەردەم ماتەمنى.

غەزەپتە قوزغىلىپ ئالدى ئەل قارشى،
يىللارنى ئىس-پۇرۇخ ھىدى ئىچىدە.
ياڭرىدى ئازادلىق ئەركىنلىك مارشى،
سۈبھىنى چاقىرىپ زۇلمەت كېچىدە.

ياش-قېرى، ئەر-ئايال بىھېساب مەردلەر،
كۆز يۇمدى جەڭگاھتا، بىلدۈردۈم ماتەم.
ۋاھ، قانداق كۆڭۈللۈك بۈگۈنكى پەيتلەر،
ئەل-يۇرتتا تىنچلىق، قۇرۇلۇش، ئايەم.

تاڭ ئېتىپ، قىرىق يىل ئۆتتى ئاردىن،
بولدى يول گاھ داغدام، گاھ ئەگرى-توقاي.
ئۇن يىللىق ئىسلاھات نەۋ باھاردىن،
دەسلەپكى قەدەمدە ياشنىدى چۆل-ساي.

يۇرت گۈللەر، خەلق بولسا ئىناق،خاتىرجەم،
جېدەلدىن بىزاردۇر ئەقىللىق ئىنسان.
كەشپىيات تۆھپىدە ئەلگە بول ھەمدەم،
ئالدىڭدا باي، گۈزەل، نۇرانە دەۋران...»

تاغ چۆمدى سۈكۈتكە، سۆھبەت توختىدى،
تىكىلدىم غۇرۇردا قارا قۇرۇمغا.
تارقالدى تارىمدىن ئىپارنىڭ ھىدى،
بەخش ئېتىپ مۇھەببەت دىل-ۋۇجۇدۇمغا...

## ۋەتەن

ئالەمدە بار سانسىز پلانىت،
يەر شارىدا نۇرغۇن مەملىكەت.
ھەر بىرىنىڭ خاسلىق، ئۈزلۈكى
يارىشىدۇ ئۆزىگە پەقەت.
باغدىن ئارتۇق كۆرسىتەر تاغنى
پەرزەنتلىككە لايىق مۇھەببەت.
ۋەتىنىم بار-ۋەتەن دېگۈدەك،
يەر يۈزىدە گۈلشەن دېگۈدەك.

ئۇنى ماختاش ئەمەس يېڭىلىق،
مەدھىيىلەر يۇلتۇزدىنمۇ كۆپ.

كۈيلەپ ئۆتتى، تالاي ئەدىبلەر
سۆز كانىدىن گۆھەرلەر تۆكۈپ.
باستى ئىلىم تالاي ئەسىرنى،
كەچمىشلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ.
يەتتى بۈگۈن تۈنجى، ۋايىغا،
تولدى كۆكسى يۈكسەك غايىغا.

مۇشۇ كۈنگە يەتكىچە ۋەتەن
كۆردى نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىق.
مۈكچەيىتتۇردى ئۇنىڭ قەددىنى
گاھى ئۈچ تاغ، گاھى گادايلىق.
ئوڭ - سول خاتا بېسىپ قەدەمنى،
يار بولمىدى ئاڭا ئوڭايلىق.
ماڭدى يېڭىپ ھەر بىر توسقۇننى،
كاراپ بولۇپ ياردى ئۇپۇقنى.

راست سۆزلىمەي يۈردۈق بىر مەھەل،
گۇناھ كىمدە — يەردىمۇ، بىزدە؟
دۆۋلەندى ئاچچىق ساۋاقلار،
خىجىللىقنىڭ گۈلخىنى يۈزدە.
كۆرسەتمەكتە بۈگۈن پەرزەنتلەر
قەسىمىنى ئەمەلدە، سۆزدە.
ئىشەنچىم بار گۈللەشكە تولۇق،
بەل باغلاقلىق ئۆرلەشكە تولۇق.

ياشىنىماقتا ئىلىم ئەمدىلا،
ئەمەس تېخى توققۇزدىمۇ تەل.
باغقا ياندىش چۆللىرىمۇ بار،
كۈتەر ئىشلار قىلماقلىقنى ھەل.
يەڭمەي جاپا - مۈشكۈلاتلارنى،
گۈزەللەشمەس ھۆسنى مۈكەممەل.
شۇڭا بۆسۈپ مۈشكۈل - خەتەرنى،
باشلىۋەتتۇق يېڭى سەپەرنى...

ۋىجدانلىق ئەر نامرات ئانىنى
ھاي قىلاي دەپ پاك تەر تۆكىدۇ.
ئۆز ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن
كۆرمىگ تەشۋىش جاپا چېكىدۇ.
قىلماق ئۈچۈن ئۇنى ھۆر - ئازاد،
جەڭگاھلاردا جانىنى تىكىدۇ.
ۋەتەنسىز ئەر ئەمەس بەختلىك،
بولسىمۇ ئۇ تاج ۋە تەختلىك.

بى ئەقىلدۇر ئۆزى ئىشلىمەي،
ئۆزگىلەرگە تەلمۈرگەن گاداي.
شەرمەندىلىك، تىلەپ شاپائەت،
يات ئالدىدا سارغايتىش چىراي.
شان ئەمەسمۇ ئىنسان ئوغلىغا،
ۋەتىنىنى قىلالىسا باي.
تەشنالىقنى قاندۇرماس سەراپ،
تەلمۈرگەنلەر بولىدۇ خاراپ.

ئىگىسىمەن قەلب، ھېسسىياتىنىڭ،
ياتتۇر ماڭا شۈكرى - قانائەت،
بايمەن روھىي ئوزۇق، سۆيگۈگە،
بۇ — ماڭا زور بەخت - سائادەت.
يارىتىمەن ئەجرىمدە بايلىق،
ئۆزگىلەردىن كۈتمەيمەن ئامەت.
قويىنىدا مەن ۋەتەن ئانامنىڭ،
ئورنىدا مەن كاتتا خاقانىنىڭ.

مەن تۇغۇلدۇم مۇشۇ تۇپراقتا،
چۆللىرىمۇ ماڭا ئۆز باغچا.
قەدىرلىكتۇر ئىرپان ۋە ئەمگەك،
ھەل قىلمايدۇ ھەممىنى ئاقچا.
سازچى، شائىر ھەر ئاددىي پۇقرا،
ھايات خۇددى ئۆزۈلمەس ناخشا.
بار ئىجادكار، باتۇر مىللىتىم،
ئۆز يېزىقىم، تىلىم، سەنئىتىم.

ماڭا مەنسۇپ تۈمەن خىل مېۋە،
ئۆز ئەجرىمدە بال بولغان ھوسۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com


ماڭا مەنسۇپ دوستلار سۆھبىتى،
بەزمە - مەشرەپ، مۇقام، ساز - ئۇسسۇل.
ئۆز ئۆيۈمنىڭ شادلىق، خۇشلۇقى،
يۇت - قولۇمنىڭ ئەركىن - بوشلۇقى.
شائىرىمەن ئانا ۋەتىنىمنىڭ،
تەقدىرىگە تەقدىرىم ئورتاق.
فونتان ئاتار ئىلھامىم ھەردەم،
ئەل تۇرمۇشى شېئىرىمغا بۇلاق.
ۋاپات بولسام، ئۆچمەس قەبرەمدە
ئىجادىمدىن يانغان نۇر - چىراغ.
پەرزەندىم دەپ ئۇنۇتماس خەلقىم،
ھۆرمىتىنى سوۋۇتماس خەلقىم...

* *

كۆز ئالدىمدا ۋەتەن - كائىنات،
مېنى قىلار ئۆزىگە مەپتۇن.
خەلقىم مېنىڭ باھادىر - پەلۋان،
دىلدا غۇرۇر، يۈرىكىم پۈتۈن.
بەخت، ئىقبال سەييارىلىرى
ئايلانماقتا ۋەتىنىم ئۈچۈن.
ۋەتەن — ماڭا سۆيۈملۈك ئالەم،
ياشىمىقىم ئۇنىڭسىز ماتەم!...

ئابدۇسالام توختى

## تەڭرىتاغ - ئالتۇن دىيار

ئاق مامۇق بۇلۇتقا باش تىرەپ ھەر چاغ،
زەبەردەس تىك تۇرغان مەغرۇر تەڭرىتاغ.
چاقنايدۇ ئۈستۈڭدە ئاپئاق كۈمۈش قار،
ۋە لېكىن ئېتىكىڭ گۈزەل - كۆركەم باغ.

تەڭرىتاغ، گۆھەرسەن! بىباھا ئالتۇن،
كۆل ھۆسنۈڭ دىللارنى قىلىدۇ مەپتۇن.
شۇڭا چىن ئىشقىڭدا بارچە پەرزەنتىڭ،
يۈرىكى لاۋۇلداپ بولىدۇ يالقۇن.

تەڭرىتاغ!
ئانامسەن ئەزىز مېھرىبان
تەڭرىتاغ! ئاتامسەن چەكسىز كۆيۈمچان.
نۇرىڭدىن،
مېھرىڭدىن،
ساخاۋىتىڭدىن،
خەلقىمىز تېنىگە تاپتى كۈچ - دەرمان.

سەن گويا ئاجايىپ بىر جەسۇر پالۋان،
مەغرۇر باش كۆتۈرۈپ ئالەمگە باققان.
سەن گويا ھەيۋەتلىك قەيسەر سۇمرۇغ قۇش،
كۆك تامان يۈكسىلىپ قاناتنى قاققان.

سېنىڭ قوش قاناتىڭ جەنۇب ۋە شىمال،
گۈزەللىك ئىلاھى جۈپ ساھىبجامال.
مىڭ جىلۋە قىلىپ ئۇ قۇياش نۇرىدا،
ئىنسانلار ئەقلىنى قىلار ھاڭ-لال.

گۈزەلدۇر ياپيېشىل قارىغايزارلىرىڭ،
گۈزەلدۇر قىپقىزىل لالىزارلىرىڭ.
گۈزەلدۇر بۇلبۇللار شوخ سايراپ تۇرغان
گۈلىستان باغلىرىڭ، چىمەنزارلىرىڭ.

ئەي قۇياش نۇرىدا ياشنىغان دىيار،
گۈزەلدۇر سەندىكى مۇنبەت ئېتىزلار.
گۈزەلدۇر شەھەرلەر، سەھرالار - قىرلار،

گۈزەلدۇر ئەمگەكچان يىگىتلەر - قىزلار،
نەچچە مىڭ يىللاردىن ئەجدادلىرىمىز،
يـاشىغان ماكانىسەن ھەممىدىن ئەزىز.
تەڭرىتاغ!
بىز سېنىڭ سادىق پەرزەنتىڭ،
قەھرىمان ئوغۇزخان ئەۋلادلىرى بىز.
تەڭرىتاغ!
قۇياشلىق بۇ يېڭى دەۋران،
باغرىڭنى ھۇر قىلدى،
بولدۇڭ گۈلىستان.

قوينۇڭدا ئەمگەكچان مەردانە خەلقىم،
ياشايدۇ ئۈمىدۋار، مەردانە ھامان.
تەڭرىتاغ! ھۇر ماكان ئەي ئالتۇن دىيار،
سەن بەخت كانىسەن!
باغرىڭ گۈلباھار!
گۈللىگىن تېخىمۇ قۇياش نۇرىدا
كۆل، ياشنا!
كامال تاپ، بولغىن لالىزار!

مەتتەمىن بارى

## ئۆزگىرىش

قىزىلتاغ ئېتىكىدە تۇرۇپ مەغرۇر،
كۆز تىكتىم يىراقلارغا نەزەر تـاشلاپ.
جەم قىلدىم خاتىرەمنى يېزىش ئۈچۈن،
يېپيېڭى ئۆرۈمچىدىن گەپنى باشلاپ.

بىر-بىرلەپ ئۆتتى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن،
خۇددى توز قانىتىدەك گۈزەل سىما.
يۈرىكىم ھاياجاندا تىپچەكلەپ،
تارىختىن بېشارەتمۇ بەردى ماڭا.

نامايان بولدى شۇ دەم كۆز ئالدىمدا
بۈگۈنكى ئۆرۈمچىنىڭ قىياپىتى.
بۈندىكى ئۆزگىرىش ھـەم تەرەققىيات
ئىجادچان خەلقىمىزنىڭ كـارامىتى.

قاپلىغان ھەممە ياقنى ھەيۋەت كۆركەم،
ئورمانىدەك قەد كۆتۈرگەن ئىمارەتلەر.
ئايلاندى ئارزۇلارمۇ رېئاللىققا،
گۈل ئېچىپ تۇرلۇك ئىستەك، رىۋايەتلەر.

زاۋۇتلار، كارخانىلار گۈدۈكلىرى،
لەرزىگە سالغان گويا يەر-جاھاننى.
بىز قۇچقان كۈرەش - ئەمگەك مېۋىلىرى
تولدۇرغان نېمەتلەرگە داستىخاننى.

بەئەينى كۆمۈش لېنتا تارتىلغاندەك،
سوزۇلغان ئاسفالىتلىق كـەڭرى يوللار.
قىزىل تاغ ئېتىكىدىن باشلاپ ئۇنى،
ئۇلىغان كۈئېنلۇنغا چېۋەر قوللار.

ئۈچىدۇ ئاپتوموبىل ئۈزۈلمەستىن،
قىلچىمۇ توسالغۇسىز شۇنچە راۋان.
ئايلاندى بۈگۈن ئاۋات سەيلىگاھقا،
بۇرۇنقى قۇشمۇ قونماس تاغ، باياۋان.

مولچىلىق رەستە-بازار، بەكمۇ ئاۋات،
داڭقى بار ھەتتا ئەل يۇرت ئارىسىدا.
قارىسام ئۆرۈمچىنىڭ گۈزەللىكى
ئوخشايدۇ خۇددى كۆزنىڭ قارىسىغا.

سوزۇلغان ھاۋا يولى، سىم تاناپلار،
بۇ يەردىن ھەممە ئۆلكە شەھەرلەرگە.

قاتنايدۇ ئوت ھارۋا ھەم كۈمۈش لاچىن،
قولايلىق يولۇچىغا، سەپەرلەرگە.

يۇلتۇزلار چاراقلايدۇ ئاسمىنىدا،
پەرقى يوق كېچە بىلەن كۈندۈزىنىڭ.
يۈرۈشكەن ئىشلار سالماق، قەدەم تەكشى،
ئاپتونوم رايونىمىز مەركىزىنىڭ.

دۇنيانىڭ دىققىتىنى قىلدى جەلپ،
كەشپىيات، تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر.
پايانسىز بۇ زېمىندا قەد كۆتۈرگەن،
خىلمۇخىل مۆجىزىلەر، كۆرۈنۈشلەر.

توي بۈگۈن، ئانا ۋەتەن قىرىق يىلى،
يېتىدۇ سۇنسا نەگە ئەمدى قولى.

گۈللەتتى ئۈرۈمچىنى بۈگۈن مانا،
بەختىيار سوتسىيالىزم پارلاق يولى.

شاد-خۇرام خەلق شۇڭا، تۇرمۇش قوۋناق،
ئىش-ئەمگەك قىزىپ كەتكەن ھەممە سەپتە.
ئىسلاھات تۈرتكىسىدە بارچە مىللەت،
ئۆم-ئىناق بولۇپ ئالغا يۈكسەلمەكتە.

قىزىغان خۇشال بايرام تەنتەنىسى،
ياڭرىغان ھەممە ياقتا نەغمە-ناۋا.
ئالتۇندەك مول ھوسۇللۇق كۈزدە كەلگەن،
مۇبارەك قىرىق يىللىق ئۇلۇغ تويغا.

ئېزىز سايىت

## شېئىر ۋە روبائىيلار

### مەن تۇغۇلدۇم ئانا تۇپراقتا

مەن تۇغۇلدۇم ئانا تۇپراقتا،
ئۆستۈم ئاڭا باغلاپ ئەقىدە.
پەرۋىش قىلىپ كۆتۈرۈپ مېنى،
بەردى ھالال رىسقى-نىسىۋە.

بەردى ھالال رىسقى نىسىۋە،
ئەجرى بىلەن پۈتۈلدى جىسمىم.
ئاتا قىلدى ئەقىل ھەم ئىدراك،
لاۋۇلدىدى يۈرەكتە ئىشقىم.

لاۋۇلدىدى يۈرەكتە ئىشقىم،
ئېمىپ قۇياش ھارارىتىنى.
كۆردۈم ئۇنىڭ ھەر زەررىسىدىن
ماڭا قىلغان شاپائىتىنى.

ماڭا قىلغان شاپائىتىنى
بىلدىم تاغدەك، بولدۇم تاغ يۈرەك.
ھەر چېلىشتا، جەڭگاھ قوينىدا
ئاشتىم داۋان، بولدى ئۇ يۆلەك.

ئاشتىم داۋان، بولدى ئۇ يۆلەك،
چىن ھاياتىمنىڭ پەيزىنى كۆردۈم.
شادلىنىمەن، بەختىمدىن غايەت،
گۈلدىن گۈزەل ئەتىنى كۆردۈم.

### قارىغايدەك ياشايمەن مەغرۇر

قارىغايدەك ياشايمەن مەغرۇر،
ئۆمۈر بويى قەددىمنى كېرىپ.
چوققىلارنى قويىمەن پەستە،
پەرۋاز قىلىپ بۇلۇتنى يېرىپ.

پەرۋاز قىلىپ بۇلۇتنى يېرىپ،
بورانلاردا تاۋلاپ ئىرادە.
مۇشكۇللەرگە ئەگمەيمەن بويۇن،
جاسارىتىم تاغدىن زىيادە.

جاسارىتىم تاغدىن زىيادە
ئۈمىد بىلەن باقتىم يىراققا.
ئەلنىڭ مېھرى قېنىمغا سىڭگەچ،
مەن كۆكلەيمەن ئانا تۇپراقتا.

مەن كۆكلەيمەن ئانا تۇپراقتا،
پۇتۇلگەندۇر ماڭا جاسارەت.
خىسلىتىمدۇر ئەلگە نەپ بېرىش،
دىلدا قاينار سۆيگۈ ھارارەت.

رۇبائىيلار

تۆرەلدىم دۇنياغا، كۈلۈپ ياشايمەن،
بۇ ئالتۇن دىيارنى سۆيۈپ ياشايمەن.
ئەجرىمدىن مۇقەددەس باغ بىنا قىلىپ،
جەننەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشايمەن.

* *

ھاياتنىڭ سىنىقى ھەممىدىن قىيىن،
بولمايدۇ ئۆتكىنى خەجلەپ زەر ـ تىيىن.
ئەجرىڭدىن گۈل چېكىپ ياراتساڭ تۆھپە،
قۇچارسەن شان ـ شۆھرەت،زەپەرلەر كېيىن.

ئاندەك مېھرىبان يوقتۇر دۇنيادا،
چوڭ قىلغان ئۇ سېنى مىڭ بىر جاپادا.
ئانىنىڭ ئەجرىنى قويمىغىن يەردە،
يەتسىمۇ مەرتىۋەڭ ئەرشىئەلاغا.

* *

ئەل ئىشىدا پاك دىيانەتلىك بول،
پاكلىق بابىدا جاسارەتكە تول.
نەپسىنىڭ كەينىدە ئۆزۈڭنى بۇزۇپ،
رىسقىغا باشقىنىڭ ئۇزاتمىغىن قول.

* *

ياخشى خۇلق ئىنسانغا زىننەت،
ۋۇجۇدۇڭدا يېتىلدۇر ئەبەت.
ۋىجدان بىلەن ياشساڭ بىر ئۆمۈر،
ئەل ئىچىدە تاپىسەن ھۆرمەت.

* * *

مەرىپەت يولى داغدام ۋە پارلاق،
باغلىغىن ئاڭا دىلدىن ئىشتىياق.
ئۆمۈرنى قەدىرلە، ئىزدەنگىن دائىم،
گۈزەل ئىستىقبال ئاچىدۇ قۇچاق.

* * *

ئۆتتى يىل، قويدۇڭ قەدەم يېڭى ياشقا،
مۇكچىيىپ بەل، كىردى ئاق، ساقال باشقا.
ئىز قالدۇراي دېسەڭ ئەگەر سەن ھاياتنى،
ياشلىقىڭدا گۈللەر چەككىن قۇرام تاشقا.





# قارا ئالتۇنلۇقتىكى تاڭ

(پوۋېست)

مۇيدىن سايىت

كەچكۈز، تەڭرى تاغلىرىنىڭ چوققىسىغا باش قويغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كان سانائەت رايونىغا شالاڭ بۇلۇت ئارىلىرىدىن سۇس چۈشۈپ تۇراتتى. كان رايونى ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك شاۋقۇن - سۈرەنلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاراملىق ياستۇقىغا باش قويۇۋاتقاندەك خېلىلا جىمىپ قالغانىدى، پەقەت تاغ كەينىدىكى قۇدۇقتىن كۆمۈر تارتىۋاتقان ماشىنىنىڭلا گۈرۈلدىگەن ئۈنى ئاڭلىناتتى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپى تار سايلىق بولۇپ، سايىنىڭ بىر ئۇچى دەرياغا، يەنە بىر چېتى بىر يىللاردا ۋىلايەتنىڭ مۇھىم بىر ئەربابى كان مەمۇرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن «قارا ئالتۇنلۇق» دەپ قويغان بىر ئېگىز بۆز بىلەنلا «ئالتۇنلۇق» ئاتىلىپ قالغان ئىككىنچى قۇدۇققا تۇتىشاتتى. بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قۇدۇقتىن كۆمۈر ئالىدىغان ماشىنىلار ساي بىلەن دۆڭنى ياقىلاپ ئۆتۈشمەكتە ئىدى، دۆڭنىڭ سول يوتىسىدا بىرىنچى قۇدۇققا ئۇدۇل چىقىدىغان چىغىر يول يىلان باغرىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۈندۈزلۈك سىمېنا بىلەن كېچىلىك سىمېنىدىكىلەر ئاللىقاچان ئالمىشىپ بولغاچقا، چىغىر يول ھازىر بوش ئىدى. پەقەت كامىل ئۆزى يالغۇز ئۆرىدەپ كېتىپ بارىدۇ. كەينىدىن قارىغاندا دۆڭگە كۈچىنىپ تەستە چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئالدىدىن قارىسا، مېڭىشى تۈز يولدا كېتىۋاتقاندەك ئادەتتىكىچە ئىدى. لېكىن قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكىنىگە قاراپ ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە پۈتۈن زېھنى بىلەن چوڭقۇر ئوي - خىيالغا چۆككىنىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. ئۇ ھازىر ئاجايىپ غەلىتە بىر ئىشقا دۇچ كەلدى. بۇ، ئۇنىڭ شەخسى تۇرمۇشىدىكى ئەمەس، بىرىنچى قۇدۇقتىكى يۈزنەچچە ئىشچىنىڭ ھالال، جا-

پالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مەنپەئەتىنى يوق قىلىۋېتىش مۇمكىن بولغان چوڭ ئېگىز توسۇق ئىدى. بۇ توسۇق بىرىنچى قۇدۇقنىڭ، ياق، پۈتۈن كاننىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئۆزىنىڭ سايىسى بىلەن غۇۋالاشتۇرۇپ تۇراتتى. كان مەمۇرىيىتىنىڭ بۈگۈنكى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بۇ سايىنى ئۇ تېخىمۇ ئوچۇق كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كانغا كەلگەن بەش يىلدىن بۇيان ئاشۇ سايىنىڭ ئىگىسى بولغان كېلەڭسىز گەۋدىنىڭ قول ئاستىدا يۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ بەكمۇ ئېچىندى.

1

كامىلنىڭ كان-سانائەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كانغا كېلىشى «لۇشيەن تەربىيىسى» ھەرىكىتىنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. كان مەمۇرلىرى ئۇنى چېنىقسۇن، دەپ، ئاكتىپلار قاتارىدا «لۇشيەن تەربىيىسى» خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەركىبىگە قوشۇپ بەردى. ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر كۈنى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئاكتىپلار بىرلىكتە ئاخىرقى قېتىم ئېچىلىدىغان «سىياسەتنى نەقلەشتۈرۈش» يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى، ئىشىك جالاققىدە ئېچىلىپ، ئالدىدا ئاغزى-بۇرنى قان بىر يىگىت، كەينىدىن ئۇنى ئىتتىرگىنىچە كان تېخنىكى، قوشۇمچە ئامانلىق قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل سايىم كىرىپ كەلدى.

— مايەردە تۇر! — سايىم ھېلىقى يىگىتنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئىشىك كەينىدىكى بۇلۇڭغا ئىتتىرىۋېتىپ، قوغداش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ئاسىمغا قاراپ دېدى، — ماۋۇ ئاققۇن ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئارىلىرىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپتىكەن، گەپ سورىسام، ماڭا يېنىۋاتىدۇ تېخى.

— ئاسىم كېجاڭ، سىلە مېنى تونۇيلىغۇ، مەن مىجىت باقىنىڭ قېيىن ئىنىسى...

— قويە ئۇنداق گېپىڭنى، — ئاسىم يىگىتنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — سېنى كىم تونۇپتۇ، ئىسمىڭ نېمە؟ نەدىن كەلدىڭ؟

— سىلى دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيگە كۆپ بارغانغۇ، مەن سىلىگە بېلىق تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرەتتىمغۇ.

ئاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— تۆھمەت قىلما! سېنىڭ ئۆيۈڭنى، بېلىقىڭنى كىم كۆرۈپتۇ؟ سوئالىمغا ئوبدان جاۋاب بەر، — ئۇ ئۆزىنى «لۇشيەن تەربىيىسى» كادىرى ئەمەس، بەلكى يەنىلا ساقچى ئىدارە ئىشخانىسىدىكى سوراقچى سالاھىيىتىدە تۇتۇپ، ئادەت بولۇپ كەتكەن كەسپىي سوئاللىرىنى تەكرارلىدى، — ئىسمىڭ نېمە؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمىشقا كەلدىڭ؟

ھېلىقى يىگىت ئاسىمغا ئەجەبلەنگەندەك تىكىلىپ قاراپلا قالدى.

— ھە، سەن تېخى ئاسىم كېجاڭغا بوھتان چاپلاپ گەپ ياندۇرۇۋاتامسەن؟ — سايىم شۇنداق دېگىنىچە ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىغا مۇشت ئۇردى. يىگىتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەپكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، شەپكىسىنى ئېلىشقا ئېگىلىشىۋىدى، ساغرىسىغا بىرنى تەپتى. يىگىت سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا ئۇسۇۋېلىپ، يۆكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. سايىم ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ سىلكىپ - سىلكىپ تۇرغۇزۇپ، بېشىنى بېسىپ تۇرۇپ دېدى، — ياۋاش بولۇپ بېشىڭنى ئېگىپ تۇر!

يىگىتنىڭ پېشانىسى ۋە ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپ بىردەمدىلا ئادەم قارىغۇسىز هالغا كەلگەنىدى. «لۇشيەن تەربىيەسى» خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بەزى كادىرلار نارازىلىق بىلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. كامىلنىڭ تېنى قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك پۈچىلىنىپ كەتتى. قاراپ تۇرۇشقا تاقىتى قالماي ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، قاپىقىنى تۈرگىنىچە سىرتقا ماڭدى.

— كامىل، نەگە بارىسەن، ئولتۇر. مۇهىم ئىشنى مۇزاكىرە قىلىمىز، — دېدى ئاسىم. كامىل ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، سايىمغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ غۇدۇڭشىدى:

— ئادەم ئۇرغۇسى كەلسە، ئۆزىنىڭ قوشداش ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ ئۇرمامدىكىن!

— نېمە؟ نېمە؟ كىمنىڭ ئادەم ئۇرغۇسى كەپتۇ؟ بۇ دېگەن ئىككى لۇشيەن كۈرىشى، بىلدىڭمۇ؟! — سايىم كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كامىلغا گۈلەيدى.

— بىلىمەن، ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىز لۇشيەن ئۇرۇشى ئەمەس، لۇشيەن تەربىيەسى! هېچبىر ئاساسسىزلا ئادەم تۇتۇپ، ئادەم ئۇرساق، بۇنىڭ نەرى لۇشيەن تەربىيەسى بولىدۇ! كانغا سىرتتىن ئادەم كەلمەمدۇ؟ ئىشچىلارنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى كەلمەمدۇ؟ — دېدى كامىل سايىمغا قاراپ، ئۇنىڭ زەردىسى قاينىغانىدى.

ئاسىم تاياق يېگۈچىنى چىقارغۇزۇۋېتىپ كامىلغا دېدى:

— بىز سېنى لۇشيەن ئېگىنى ئۆستۈرۈۋالسۇن، دەپ ئاكتىپلار قوشۇنىغا قوشۇپ قويساق ئەجەبلا بىر گەپنى قىلىسىنا؟

— بىز هازىر قالايمىقان ئادەم تۇتۇپ، ئادەم ئۇرۇپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلساق بولمايدۇ! — دېدى كامىل زەردىسى تېشىپ. كامىلنىڭ بۇ گېپى ئاسىمنى چىچاڭشىتىۋەتتى.

— هە، سېنىڭچە - زە بىز قالايمىقان ئادەم تۇتۇپ، ئادەم ئۇرىدىغان زومىگەر ئىكەنمىز - دە. مۇنداق دېگىن! مەن ساڭا دەپ قوياي، سېنىڭ مەيدانىڭ ئېنىق ئەمەسكەن، ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاشكارىلىدىڭ...

ئاسىمنىڭ چىشىغا تەگكەن كۈندىن بىر هەپتە ئۆتۈپ، كامىلنىڭ شارائىتى ناچار، خەۋپ - خەتىرى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان بىرىنچى قۇدۇققا چۈشۈپ ئىشلەيدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە قۇدۇق باشلىقىغا ئۇقتۇرۇلدى. قۇدۇق باشلىقىنىڭ «كامىل قايسى ۋەزىپە بىلەن ئىشلەيدۇ» دېگەن سوئالىغا «ئىشچىلار نېمە ئىش قىلسا ئۇمۇ شۇنى قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىلدى.

كامىل ئەتىسى ئەتىگەندىلا تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۆزىگە ئارقىتىپ بېرىلگەن ئىشكە

يەمەي بىلەن چىراغ بېكىتىلگەن بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيدى. بېلىگە كەمەرنى چىڭ باغلاپ، ئوڭ يانپىشىغا كىسلاتالىق باتارېيە قۇتىسىنى ساڭگىلىتىپ ئاستى، ساقال ئالغاندا قارايدىغان كىچىك ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. ماڭىمۇ يارىشىدىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى شولىسىنى كۆرۈپ. سۇدانىنى ئالدى - دە، كانغا كەلگەندىن بۇيان قۇدۇق ئاستىغا چۈشىدىغان تۇنجى كۈنىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستى.

— كەلدىڭىزمۇ، ئۇكام، — كامىل قۇدۇق بېشىغا كەلگەندە، خۇددى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قۇدۇق باشلىقى مەجىت باقى كۆمۈر تارتىش ماشىنىسى ئورنىتىلغان ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ تولۇق ئىش كىيىمى كىيگەنىدى.

مەجىت باقى يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس چېچەك ئىزى بار، بۇغداي ئوڭ، 35 ياشلار چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، پاكار بولسىمۇ كەڭ يەلكىلىك بەستى، چوڭ كۆزى، شاپ بۇرۇتى ۋە بوم ئاۋازى ئۇنى كىشىلەرگە سۈرلۈك كۆرسىتەتتى.

— مەجىتكا، ھەقىچان ئەتىگەنلىك سمېنىغا ئىشقا چۈشىمەن، دەپ ئۆزۈمنى بىلىپلا كەلدىڭىزغۇ، — دېدى كامىل.

مەجىت باقى ئوڭايسىزلىنىپ بىرنېمە دېيەلمەي قالدى. چۈنكى يۇقىرىدىن تېخنىكنىڭ دەپ ئەۋەتىلگەن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن خادىمنى كانغا تازا كېرەكلىك ۋاقىتتا ئاسىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىشچى قاتارىدا قۇدۇققا چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەنىدى.

مەجىت باقى بىلەن كامىل قۇدۇققا قاراپ مېڭىشتى.

— تىك قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 150 مېتر، يانتۇ قۇدۇقنىڭ 280 مېتر، پىيادە چۈشۈپ چىقىمىز. چىققۇچە ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز ئىشچىلار سەل قىينىلىدۇ. قائىدە - بەلگىلىمىگە ئانچە توغرا كەلمىسىمۇ، ئۇلار تىك قۇدۇقتىن تۇڭغا چۈشۈپ چىقىدۇ... — مەجىت باقى سۆزلىگەچ ئالدىدا ماڭاتتى. كامىل ھەر 20 مېتىردا بىر لامپۇچكا يىلىلداپ تۇرغان چاڭ - توزانلىق، يانتۇلۇقى 45 گرادۇسلۇق بۇ ناتونۇش يەر ئاستى يولدا گاھ يېنىچە دەسسەپ، گاھ ئالدىغا مۈدۈرۈپ ماڭاتتى، قۇدۇقنىڭ تۆۋەن ئېغىزىدىكى 200 ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ يورۇقى گويا تەھتى ئەسرادىكى جىن چىراغتەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. كامىل تۆۋەنگە چۈشۈپ بولغۇچە ئون نەچچە قېتىم تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. مەجىت باقى دەسلەپ ئۈچ - تۆت قېتىم كەينىگە يېنىپ كامىلنى يۆلەشتۈردى، «بىر يېرىڭىز ئاغرىدىمۇ؟» دەپ سوراپ تۇردى. كامىلنىڭ كۆڭلىنى ياساپ «تونۇشمىغان يەرنىڭ ئويى - چوڭقۇرى تولا، ئۇكام، بىر - ئىككى قېتىملا ماڭسىڭىز ئۆگىنىپ قالىسىز» دەيتتى - يۇ، ئەمما ئىچىدە قاتتىق بىئارام بولاتتى.

— مەجىتكا، قۇدۇقىڭىز مېنى يىقىتىمەن دەپلا تۇرامدۇ - قانداق؟ — كامىل ئاخىرقى قېتىم يىقىلغاندا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ چاقچاق قىلدى.

— قورقماڭ، يىقىلسىڭىز يۆلەپ قويىمىز.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى.

ئوچۇق كۆڭۈل يىگىتكەن، چىقىشىپ قالغۇدەكمىز. «ھە - ھۇچىلار» غا قوشۇلغىنىغا قاراپ، قۇرۇق ھارۋىنى ئېلىپ قاچىدىغان ئۆپكىسى يوق بىرنېمە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق. «قاۋان» غا تىك قارىيالىغان بولسا ۋىجدانى بار ئىكەن... مىجىت باقى شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ كامىلغا قاراپ قويدى.

كامىل قۇدۇق باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇدۇق ئاستى ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆردى. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ئىش ئورۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە كۆمۈر قېزىش ئەھۋاللىرىنى، ھەر قايسى ئىش ئورۇنلىرىدىكى كۆمۈرنى غول يولغىچە قول ھارۋىسىدا ئىتتىرىپ ياكى سۆرەپ ئەكىلىدىغانلىقىنى، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى كۆردى. بۇلارنى پراكتىكا جەريانىدا ئورۇمچىدىكى كۆمۈر كانلاردا كۆرگەنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ناھايىتى زور پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدى. XX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بۇ قەدەر ناچار كۆمۈر قۇدۇقلىرىنىڭ بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، بولۇپمۇ چاڭ - توزان سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يوقلۇقى ئۇنى تېخىمۇ تەئەججۈپلەندۈردى. لېكىن كۆرۈش بىلەنلا بولدى، ئارتۇقچە سوئاللار سورىمىدى. ئىككىسى قۇدۇق ئىچىنى ئارىلاپ يۈرگەندە، ئىشچىلار كامىلنى ئىملاپ ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ چىراي شەكلىنىڭ قانداقلىقىنى ئوچۇق بىلگىلى بولمايتتى، گاھىلارغا يېقىن كەلگەندە كۈلۈپ قوياتتى، كامىل ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

— ئۇكام كامىل، كۆرۈشنى بۈگۈنچە مۇشۇيەردە بولدى قىلايلى، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىرۋارىقى بىلىۋالارسىز. ئىشتىن چۈشۈشكە يەنە ئىككى سائەت بار ئىكەن، ئىككىنچى سىمېنىدىكىلەر يىغىن ئاچماقچىدى، مەن سىزنى ئۇلارغىمۇ تونۇشتۇرۇپ قوياي، — مىجىت باقى ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى، — سىزنى قۇدۇققا چۈشۈرۈشنى ئاسىم ئىمىنكام ئۆگىنىشكە كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىپ قىلىۋالدى. ئىمىنكام يەنە ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇ كەلگەندە بىرنېمە دېيىشەيلى. ئۇنىڭغىچە قۇدۇق ئىچىنى ئارىلاپ يۈرەرسىز. ئەمدى بىز تىك قۇدۇق بىلەن چىقىپ كېتەيلى.

ئۇلار كۆمۈر تارتىپ چىقىرىدىغان تىك قۇدۇق ئاغزىغا كەلدى. كامىل يۇقىرىغا قارىۋىدى، قۇدۇق ئاغزى ئاسمان قەرىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتەك كۆرۈندى. ئىككىسى تۆڭگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېغىز باشقۇرغۇچى بىر كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، ئۈستى تەرەپتە قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك بولدى - دە، سىم ئارقان مىدىرلاپ تۆڭ ئورنىدىن بىر سىلكىنىپ قوزغىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. كامىل قۇدۇق باشلىقىنىڭ ئاسىم توغرىلىق دېگەنلىرىنى ئەسلەپ ئىچىدە ئۇ يەنە نېمىلەرنى قىلار، دەپ ئويلىدى.

ئاسىم ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئامانلىق قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، كانغا «لۇشيەن تەربىيىسى» خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھەم سىياسىي يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا سوراقچى ھېسابلاپ، ھەدېسىلا ئىشچىلارغا ھەيۋە كۆرسەتمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ ئېلىپ بېرى-

ۋاتىپىنى ئەدىمۇ تەربىيە بولسۇن؟ كان ئىشچىلىرىنىڭ زور بىر قىسمى بويتاق بولۇپ، بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ، تۈزۈك مەدەنىي پائالىيەتمۇ يوق ئىدى. ئىچى-ئىچىدىن بۇرۇختۇم بولۇشقان ئىشچىلار ياتاق-ياتاقلاردا سورۇن تۈزۈشۈپ ھاراق ئىچىشىپ، ئىچ پۇشقى بىلەن دەردىنى چىقىرىشاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇرۇش-ماجىرامۇ كۆپ بولىدۇ ئەلۋەتتە. ئاسىم ئىشچىلارنىڭ مۇشۇ «قالاقلىقى» غا دىكتاتورا يۈرگۈزۈۋاتاتتى، بولۇپمۇ يۇقىرىغا يوللىنىلغان ئاخىرقى خىزمەت خۇلاسىسىدە كۆرسىتىلىدىغان ئالاھىدە كۆزىرى ئۈچۈن چوڭ «دەسمايە» تەييارلىدى. ئاسىمنىڭ بىر ئىغىز «تەربىيىسى» نىڭ ھېكمىتى بىلەن ناھەقتىن-ناھەق نەچچە ئون ئىشچى قاتتىق ئۇرۇپ سوقۇلدى، بىرنەچچىسىگە ھەر خىل ماركىلىك قالپاق كىيدۈرۈلدى، يەنە بىرنەچچىسى قاماققا ئېلىندى.

ئاسىم بەستلىك، كۆچتىڭگەر، كالامپاي، قىلىن كالپۇكلۇق، سەل قارامۇتۇق، 45 ياشلار چامىسىدىكى ئادەم. ئۇ 1953-يىلى كەچ كۇرستا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەنسەپتىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە قارا خىزمەتچىلىككە كىرگەن، كېيىن يەنە شۇ تۇغقىنىنىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە ساقچى-كادىرلار مەكتىپىنىڭ بىر يىللىق كۇرسىدا ئوقۇغانىدى. 1958-يىلىدىكى ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە «چوڭ خىزمەت» كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ قوغداش بۆلۈمىگە باشلىق بولغانىدى. ئۇ ھازىرلا بىرەرسىگە چاڭگال سالىدىغان ئالمان قۇشتەك ئالقىنىنى ئېچىپ، بارماقلىرىنى يېيىپ ماڭاتتى. ئىشچىلار ئۇنىڭ كالامپاي تۇرقى بىلەن ھەرىكىتى ۋە ئاماق يېيىشىگە قاراپ ئۇنى كەينىدىن «قاۋان» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان مۇنداق بىر «ئارتۇقچىلىقى» مۇ بارئىدى: ئۇ بۈگۈن بىرەر كىشىنى ئۇرغان ياكى ئۇردۇرغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇ ھەقتىكى گۇمان ۋە پاراڭلىرىنى ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكى بىلەن بېسىش ھەم ئۇ ئىشتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوقلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك، ئەتىسىلا ھېلىقى ئۇرۇلغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىككى ئۈچىنى زورمۇ-زور باشلاپ كىرىپ مېھمان بولۇپ، ھارىقىنى ئىچىپ چىقاتتى. قارىماققا ھېچكىمگە، ھېچقاچان غۇم-ئاداۋەت ساقلىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھە، كامىل، نېمە ئوقۇۋاتىسەن؟ — كەچقۇرۇن كامىل بېرىلىپ كىتاب كۆرۈۋاتقاندا يېنىدا ئۇشتۇمتۇت ئاسىم پەيدا بولدى. كىتابنى كامىلنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ، ئېچىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

كامىل ئادەتتە ئۆزىنىڭ كەسپىگە دائىر كىتاب-ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرەتتى. چارچىغان ۋاقىتلىرىدا ئارىلاپ ئەدەبىي كىتابلارنىمۇ كۆرۈپ قوياتتى. كۆرگەندىنمۇ قىزغىن ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ، ئەدەبىي زوقلىنىشنى، ئىلھاملىنىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن قۇدۇق ئاستىغا تۇنجى قېتىم چۈشۈشى بولغاچقا، يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىپ يۈرۈپ خېلى چارچىغانىدى. ئۇ، ياتىقىغا كىرىپلا باش-كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ باقتى. قۇدۇق ئاستى ئىش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، ئىشنىڭ ئېغىر،

ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ھالى بىلەن كان مەمۇرلىرىنىڭ كارى بولماسلىقى... كاللىسىغا كىرىۋالغان ـ بۇ پىكىر خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ كارۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ياستۇقى ئاستىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابىنى ئالدى. بۇ ناۋائىسىنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانى ئىدى. كىتابىنىڭ ئالدىنقى قېتىم ئوقۇپ توختىغان يېرىنى ئاچتى.

ئېمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق
ئىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ چوڭقۇر پىكىر ـ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغاندا، سايىم باشلىق «ھە ـ ھۇچىلار» دىن ئىككى ـ ئۈچەيلەن كىرىپ چىقىپ كەتكەنىدى. شۇلار ئاسىمنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىغان بولسا كېرەك.

ـــ ھە، ئەجەب قىزىل، ئىنقىلابىي كىتابلارنى ئوقۇماي، نەدىكى بىر خۇراپىي موللىنىڭ قارا ـ سېرىق توقۇم كىتابىنى ئوقۇۋېتىپسەنغۇ؟

ـــ بۇ، خۇراپىي موللىنىڭ توقۇم كىتابى ئەمەس، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ كىتابى، ـــ دېدى كامىل، ئۇنىڭ ناۋايىنىڭ كىتاب ئىچىدىكى سەللىلىك رەسىمىگە قاراپ شۇنداق دېگىنىگە ھەيران بولۇپ.

ـــ نېمە؟ نېمە ناۋاي دېدىڭ؟ نەلىك ئادەم ئۇ؟ شىرمان نان ياقامدىكەن؟ ئاسىمنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ كۈلكىسىنى قىستىدى. ئاسىم بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئەخمەق ئەتكۇسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ـــ كىتابنى كۆرۈپ بېقىپ بىر نېمە دەيلى، ـــ ئاسىم كېتابنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ، ئىشىككە بارغاندا بۇرۇلۇپ توختاپ. قوشۇپ قويدى، ـــ سەن ئۆزۈڭنى ئوبدان چېنىقتۇرۇپ، ئىدىيەڭنى ئىنقىلابىيلاشتۇرساڭ بولغىدەك. كامىلغا ئاسىمنىڭ كېيىنكى گېپىمۇ ئېغىر تۇيۇلمىدى، ئەمما كىتابىنىڭ تارتىۋېلىنىشى يۈرىكى سوغۇرۇۋېلىنغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

2

«لۇشيەن تەربىيىسى» خىزمىتى ئاخىرلاشتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر «تەنتەنىلىك» ئۇزىتىپ قويۇلدى، ئەمما ئاسىم كاندا قېپقالدى. ئۇنىڭ «تەربىيە» جەريانىدىكى كۆزىلىرى كاننىڭ قالايمىقانچىلىق كېسىلىنى داۋالاشتىكى تۆھپىسى ھېسابلىنىپ، كان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كان باشلىقى بولۇپ، بۆلۈمچە باشلىقلىقتىن بىر سەكرەپلا ناھىيە دەرىجىلىك ئىككى ھوقۇقنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. بۇ 1977 ـ يىلىنىڭ كۆز مەزگىلى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېبارەن ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى ئاسىم شۇجى، ئاسىم مۇدىر بولدى. «قاۋان» دېگەن لەقىمى جىم ـ جىملا بېسقىپ قالدى. چۈنكى ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى ھامان كېتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمدى ئۇ كاننىڭ ئاساسلىق خوجايىنى بولۇپ قالدى ـ دە!

ئۇزۇن ئۆتمەي مۇئاۋىن كان باشلىقى ئىمىن زايىت پىكىر قىلىپ كامىلنىڭ ئىشىنى كان پارتكومى بىلەن مەمۇرىيەتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇزاكىرىگە قو-

يۇپ تۇرۇۋالدى. يېقىندا ئاسىم رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. پارتكوم شۇجىسى كېسەل بولۇپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا، كانىنىڭ پارتىيە، مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئاسىمنىڭ قولىغا قالغانىدى. يېقىندا ئىمىن ۋە بىرىنچى، ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقلىرى كانىدا مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن تېخنىك خادىمنىڭ يوقلۇقى، شۇ سەۋەبتىن يۇقىرى مەكتەپنىڭ كۆمۈر كانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان كامىلنى كانىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىشنى تەكىتلەشتى، لېكىن ئاسىم ئاساسىي مەسئۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن كامىلنىڭ «لۇشيەن تەربىيىسى» جەريانىدىكى ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، بىر مەزگىل ئوبدان چېنىقىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزدە بار تېخنىك خادىم ھازىرقى ئېھتىياجىمىزدىن چىقالايدۇ، دېگەن پىكىرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، سايىم قاتارلىق بىر نەچچە كىشى ئاسىمنىڭ پىكرىنى تىرەجەپ قۇۋۋەتلەپ چىقتى. ئاخىرىدا كامىل يەنىلا بىرىنچى قۇدۇقتا «چېنىقىش» تا تۇرۇۋېرىدىغان بولدى.

ئاسىمنىڭ كامىلنى بىرىنچى قۇدۇققا كۆچەپ ئىشتىرىپ تۇرۇشىدا كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى: بىرىنچى قۇدۇقنىڭ ئىش ئورنى جاپالىق بولۇپ، سەللا دىققەتسىزلىك قىلىنسا سېسىق گاز چىقىپ كېتىپ، ئىشچىلارنى زەھەرلەپ قوياتتى، ئۈستىنىكى تاش قەۋىتى بوش بولۇپ، خەتىرى كۆپ ئىدى، ئۇ كامىل ئۆز كەسپىگە قويۇلماي مۇشۇنداق قۇدۇققا ئىشچى قىلىپ چۈشۈرۈلگىنىگە چىدىماي كانىدىن بەسىنىپ، ئۆزلۈكىدىن يۆتكىلىپ كېتىش تەلىپىنى قويىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەم ئوڭاي، ھەم بوش چىقارماي چىرايلىق قۇتۇلىمىز، دەپ قارىدى. بۇ ئاسىمنىڭ سايىم بىلەن ئېغىز - قولاق يېقىنىشىپ پىشۇرغان مەسلىھەتى ئىدى. سايىم كانىدا ئۆزىنىڭ تېخنىك دېگەن نامىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ غېمىدە؛ ئاسىم ئۆز قورسىقىدا قانچىلىك ئۇماچ بارلىقىنى ئۆزى بىلەتتى. ئۇ ئۈچ - تۆت قېتىم كامىلنىڭ قاتتىق گېپىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇنىڭغا يانىدۇرۇپ گەپ قىلالماي ئىشچىلار ئارىسىدا كۈلكىگە قالدى. كامىلنىڭ ئىمىن، مىجىت باقى ۋە شۇلار بىلەن بىر قېلىپتىكى ئىشچىلار بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئۆزىلا ئاسىم ئۈچۈن ھامان خەتەرلىك ئىدى.

بىرىنچى قۇدۇقنىڭ كۆمۈر قەۋىتى بەك نېپىز بولۇپ، شۇ نېپىز كۆمۈر قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 201 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تاش قەۋىتى بار ئىدى. ئەمما بۇ قۇدۇق ئىشچىلىرىنىڭ كۈنلۈك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى شەرت - شارائىتى ياخشى باشقا قۇدۇق ئىشچىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ھالدا بىرىنچى قۇدۇقتىكى ئىشچىلار ھەرقانداق قىلىپمۇ يىل بويى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي، ئىش ھەققىنى تولۇق ئالالمايتتى. شۇنچە كۆپ پىكىر بېرىلگەن بولسىمۇ جاۋاب بىرلا بولدى: كان بويىچە بىرلىككە كەلگەن ۋەزىپە تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىرىنچى قۇدۇقتىكى بىر تۈركۈم كادىرلار بىلەن ئىشچىلار خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇلار باشقا قۇدۇققا ئالمىشىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. بۇنىڭغىمۇ جاۋاب تەييار ئىدى: ئۇنداقتا بىرىنچى قۇدۇقنى تاشلىۋېتەمدۇق؟ شارائىتىڭلارنى ياخشىلاپ بېرىمىز، ئىشلەپ

تۇرۇڭلار. ئۇرغۇن كۈچ، قان-تەر، ئىقتىساد بەدەل بېرىلىپ تەييار بولغان قۇدۇقنى ئىشچىلارنىڭمۇ تاشلىۋەتكۈسى كەلمەيدۇ-دە! بولۇپمۇ مىجىت باقىدەك ئىشچى-كادىرلارنىڭ ھەرگىز تاشلىغۇسى يوق. ئۈمىد بىلەن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا «ھەممىنى تۈپتىن ھەل قىلىمىز» دېگەن «لۇشيەن تەربىيىسى» خىزمىتىمۇ تۈگىمىدى. بىرىنچى قۇدۇقنىڭ ئەھۋالىدىلا ئەمەس، كان بويىچىمۇ ئازراق ياخشىلىنىش بولمىدى. لېكىن كان خىزمىتى توغرىلىق يۇقىرىغا يوللانغان دوكلاتلاردا... بولىدىلا، بۇ تەرىپى ھەممىگە ئايانغۇ!...

مانا، كامىلنىڭ كانغا كەلگىنىگە تۆت ئاي، قۇدۇققا چۈشكىنىگە ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كانغا دەسلەپ كەلگەن، ھەتتا قۇدۇققا يېڭى چۈشكەن چاغلىرىدىكى ئوچۇق كۆڭۈللۈكلىكى، كۆپرەك بىلىش-تونۇشقا تەلپۈنىدىغان قىزغىنلىقى بىردىنلا سۇسلىشىپ، بىر ئايدىن بۇيان خىيالچان، جىمغۇر بولۇپ قالدى. قۇدۇق باشلىقى ھەم سېمېنا، گۇرۇپپا باشلىقى قانداق ۋەزىپە تاپشۇرسا باش تارتماي ئىشلەپلا، باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان، ئىشچىلار بىلەن ئۇدۇل كەلسە سالاملاشسىمۇ، لېكىن ئوچۇق-يورۇق پاراڭلاشمايدىغان، ئىمىن بىلەن مىجىت باقىلاردىنمۇ ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى. كامىل ئۆزىنىڭ قۇدۇققا ئىشچى قاتارىدا چۈشۈرۈۋېتىلگىنىنى ئېغىر ئالمىدى، بەلكى بۇنى بىر قۇدۇقنىڭ بولسىمۇ پۈتۈن شارائىت ۋە تۈزۈلۈشى بىلەن بىۋاسىتە تولۇق تونۇشۇۋېلىشىنىڭ ئوبدان پۇرسىتى، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىدە بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ قۇدۇق ئىچىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى — غول ۋە تارماق يول لىنىيەلىرىنى، ھەربىر ئىش ئورۇنلىرىنى، كۆمۈر قەۋىتى بىلەن تاش قاتلاملىرىنى خەرىتىلەشتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئىمىن بىلەن مىجىت باقى قىزغىن قوللاپ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولدى. كامىل چوڭقۇر كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدىكى، كۆمۈر قاتلاملىرى قانداق تۈزۈلۈشتە بولغان بولسا، تارماق يوللار شۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان بولۇپ، بەكمۇ ئېگىز-پەس ھەم تار، ھەمپاكار ئىدى. ھەربىر ئىش ئورنىدىكى كۆمۈرنى كىچىك قول ھارۋىلىرىدا ئىتتىرىپ-سۆرەپ غول لىنىيىگە ئەكەلگىچە ئىشچىلار بەكمۇ قىينىلاتتى. ۋاقىت ئۈنۈمسىز ئاۋارىچىلىقلار بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى. كامىل ئىشچىلارنىڭ جاپاسىنى ئازايتىشنى مۇشۇ ئىشتىن باشلىماقچى بولدى، لېكىن بۇنى كۈندىلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئاساسىدا پەيدىنپەي قىلىش كېرەك. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەكلىپىنىڭ سىخېمىسىنى ئىشلىمەكچى بولدى. بىر كۈنى ياتىقىدا بىرىنچى قۇدۇقنىڭ تارماق يوللىرى بىلەن ئىش ئورۇنلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ ئولتۇرغىنىدا سايىم كىرىپ كەلدى. ئۇ، كامىلنىڭ ئالدىدىكى سىخېمىنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. سىخېمىدىكى ھەر خىل كۆرسەتكۈچلەر، شەرتلىك بەلگىلەردىن سايىمنىڭ كۆزى ئىلىمىر-چىلىمىر بولۇپ، ھېچنەرسىنى بىلەلمىدى. پەقەت «بىرىنچى قۇدۇقنىڭ يېڭى ئىش ئورنى بىلەن تارماق يوللىرىنىڭ ئۆزگەرتىش كۆرسىتىش سىخېمىسى» دېگەن خەتنى ئوقۇيالىدى.

—سەن ئۆزۈڭنى بىرىنچى قۇدۇقنىڭ تېخنىكى قىلىۋالدىڭمۇ؟ سىزىۋالغانلىرىڭنىڭ

نېمە بۇ؟ ئۆزۈڭچە ھازىرقى ئىش ئورۇنلىرى بىلەن يوللارنى ئۆزگەرتمەكچىمۇ؟ — دېدى ئۇ، سىخىمىنى تۈرمەللەپ يۆگەۋېتىپ.

— قۇدۇقنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇشۇنداق قىلماي بولمىغىدەك، — دېدى كامىل ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ.

— شۇنداق بولسۇنمۇ، دەيلى، بوپتۇ، ئەمما لېكىنزە بۇنداق قىلىشنى ساڭا كىم تاپشۇردى، ئەجەب مېنىڭ خەۋىرىم يوقكىنا؟ بىلىپ قوي، سەن بىر ئىشچى، مەن كاننىڭ باش تېخنىكى، پۈتۈن قۇدۇقلارنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىغا مەن مەسئۇل. مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ قۇدۇقلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ھوقۇقى يوق، — سايىم سىخىما قەغەزىنى سىقىمدىغان قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ كامىلغا يېقىنلىدى.

— تېخنىك دېگەن نامىم بولمىسا ئىشچى دېگەن نامىم بار. مۇشۇ نامىمغا لايىق قۇدۇق ئىشلىرىغا قارىتا پىكىر، تەكلىپ بېرىش ھوقۇقۇم بار، — كامىلمۇ بوش كەلمىدى.

— ئەمما لېكىنزە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىش ھوقۇقۇڭ يوق.

— كىم ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىمەن، دەپتۇ؟ تەكلىپنى قوبۇل قىلالمىدۇ-قىلمامدۇ، بۇ، قۇدۇق باشلىقىنىڭ ئىشى.

كامىلنىڭ گېپىنى سايىم ئۈزۈۋەتتى:

— قۇدۇق باشلىقىنىڭمۇ مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا ھەددى ئەمەس.

سايىمنىڭ ئۆزىنى گويا كاننىڭ بارلىق تېخنىكا ئىشلىرىغا بىردىنبىر مەسئۇل خادىم ئورنىدا قويۇۋاتقىنىغا كامىل ئىچىدە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى-دە، سىخىمىنى قايتۇرۇپ بەر، دېگەن ئىمانى قىلىپ سايىمغا قولىنى ئۇزاتتى. سايىم بۇ ئىمانىنى كۆرمىگەندەك سېلىپ، كامىلنىڭ كارنۇتتىغا ئۇدۇل قويۇلغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇكام كامىل، مەن سېنىڭ بىلەن بىر ئىش توغرىلىق پاراڭلىشاي دەپ كىرگەندىم، — دېدى سايىم ئولتۇرۇپ خېلى جىملىقتىن كېيىن.

سايىمنىڭ تۇرۇپلا «ئۇكام» دەپ قالغىنىغا ھەيران قالغان كامىل ئۇنىڭغا قارىدى.

— قانداق ئىش؟

— مەن قارىسام قورسىقىڭدا خېلى ئۈمىچىڭ باردەك قىلىدۇ، ئەمما لېكىنزە بۇ كاندا بىلىمىڭنى ئىشلىتەلمەيسەن، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى قارا قورساق، بىلىم — تېخنىكا دېگەننىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال، دېگەندەك، سېنىڭ ئېقىشىڭغا، ئۇكىنىڭ يېتىشىشىنى قاراپ ئىش تۇتمايدىغان بولساڭ، ئىشچىلىقتىن ھەرگىز بېرى كېلەلمەيسەن. ئۇسۇشۇلۇڭ تاغنىڭ نېرىسىدىكى گەپ دېگىنە. مېنىڭ ھەسلىھەتىم: سەن بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەت. يۆتكىلىش تەلىپىڭنى قويساڭلا، بۇ ئىشىڭغا مەن ياردەملىشىمەن، خالىغان يېرىڭگە يۆتكەپ قويۇش توغرىلىق ئاسىم مۇدىرغا دەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن، مۇ دىر مېنىڭ لەۋزىمنى يىرمايدۇ. ئەمما لېكىنزە مېنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلۈمنى باشقىلارغا تېنىپ قويغۇچى بولما.

— كامىل سايىمنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ ئاچچىق ئۇچىيىدىكى غەرەزىنى بىلىپ بولدى: ئاسىم كاننىڭ باشلىقى، سايىم تېخنىك بولۇپ تۇرۇۋدىكەن، كامىلنىڭ بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، رولىنى جارى قىلدۇرالىشى ناتايىن؛ كامىل كاندىلا بولىدىكەن، ھامان بىر كۈنى سايىمنىڭ «تېخنىك» لىق كارامىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ-دە، ئاسىممۇ كۈچ بېرەلمەي قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا پايدىسىز. شۇڭا ئۇلار بىر ئامال قىلىپ كامىلنى كەتكۈزۈۋەتمەكچى. ياخشى كۆڭۈلمىش!

سايىم چىقىپ كەتتى. كامىل ئۇنىڭدىكى سخېمىنى قايتا ئىغىزغا ئالمىدى. كېرەك بولىدىكەن، سىزدىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغۇ، لېكىن سايىم ۋە ئاسىملارلا بولىدىكەن، ئۇ قەغەزدىكى بىزىقچىلار بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

كامىل مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كۆڭلىگە گۈزەل ئارزۇ-غايىنى پۈكۈپ چىقىپ، كانغا زور ئىرادە بىلەن كەلگەنىدى. لېكىن كېلىپلا ئاسىمنىڭ ھىيلىلا ئۇستىگە غۇلاپ چۈشىدىغان قىيادىكى يانتۇ قۇرام تاشتەك ۋەھىمىسىگە دۇچ كەلدى. ئەمدى يەنە سايىممۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تىكلىنىپ تۇرماقتا... كامىلنىڭ بىر ئايدىن بۇيانقى خىيالغا پېتىپ، جىمغۇرلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى، لېكىن ئالدىنقى كۈنى بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە ئۇنى قايتىدىن چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويدى.

كامىل ئىچكىرى بىر ئىش ئورنىدا ھارۋىغا كۆمۈر ئۇسۇۋاتاتتى. ھارۋىنى ئىتتىرگۈچى 45 ياشلاردىكى كونا ئىشچى ئىدى. ئۇ بىر چەتتە تۇراتتى. كامىل كۆرەكتىكى كۆمۈرنى ھارۋىغا ئاتاي دەپ تۇرغاندا ھېلىقى ئىشچى:

— كامىل، قېچىڭ! — دەپ توۋلىدى-دە، كامىلنى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى. كامىل مۇدۇرۇلۇپ بېرىپ بوش كۆمۈر دۆۋىسى ئۇستىگە يىقىلىشى بىلەن تەڭلا گۈلۈپ قىلغان قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. كامىل نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئىش ئورنىنى چاڭ-توزان قاپلاپ كەتتى. كۆمۈر قېزىۋاتقان ياش ئىشچى «ساۋۇتكا!» دېگىنىچە ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. كامىلمۇ ئېسىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ مانا شۇ چاغدىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ يەتتى، «ساۋۇتكا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى، كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزلىرىگە ياش تولدى.

ساۋۇت قول ھارۋىسىنىڭ يېنىدا ئوڭ يوتىسىنى تۇتۇپ ۋاي-ۋايلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەم بېشىدىن يوغان تاشلاردىن يەتتە-سەككىزى تۇراتتى. كامىل كۆمۈر ئۇسۇۋاتقاندا دەل ئۇنىڭ باش ئۇستىدىكى تاش قەۋىتى بىلىنمەر-بىلىنمەس چاراسلاپ قالدى. بۇنى كامىل سەزمىدى، ساۋۇت پېشقەدەم ئىشچىغا خاس تەجرىبىسى ۋە بۇ قۇدۇقنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تاش چۈشۈش خەۋپىنى پەملىدى-دە، كامىلنى ۋارقىراپلا ئىتتىرىۋەتتى، لېكىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كامىل بىلەن ھېلىقى ئىشچى ساۋۇتنى يۆلەشتۈردى، لېكىن ئۇ زادىلا تۇرالمىدى. ئۇنىڭ يوتىسى سۇنغانىدى. كامىل ھارۋىدىكى كۆمۈرنى تۆكۈۋېتىپ، يۇمشاق كۆمۈردىن يېرىم ھارۋا قاچىلىدى. ساـ

ۋۇتنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يالقۇزدى - دە، هارۋىنى سۆرەپ ماڭدى. هېلىقى ئىشچى كەينىدىن ئىتتىردى...

بۇ ئىش كامىلغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ مۇشۇ بىر ئايدىن بۇيان ئۆزىنىڭ بولمىغۇر ئوي - خىياللارغا پېتىپ، ئىشچىلاردىن قېچىپ يۈرگىنىدىن خىجىل بولدى. ئۇ نېمىنى ئويلىغان؟ ئۇ بۇ كاندىن باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىپ كېتىشنى ئويلىغانىدى. ئەمما نەگە يۆتكىلىشى خۇددى بولۇتلۇق ئايسىز كېچىدەك ئۇنىڭغا قاپقاراڭغۇ ئىدى. راست، ئۇ نەگە يۆتكىلىدۇ؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغىمۇ؟ ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق. ئۇ ئون ياشقا كىرگىچىلا ئاتا - ئانىسى كەينى - كەينىدىن قازا قىلىپ كەتكەن. ئۇنى بىر ئوقۇتقۇچى تاغىسى باللىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي يېنىغا تارتىپ باقتى، ئوقۇتتى. كامىل كان - سانائەت ئىنستىتۇتىغا بىردىپ ئىككىنچى يىلى تاغىسىمۇ قازا قىلدى. كامىلغا كان ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق خەۋىرى كەلگەندە تاغىسى:

— ئوغلۇم كامىل، بىزدە كۆمۈركان تېخنىك خادىملىرى يوق دېيەرلىك. ئىشچىلار- نىڭ ئەمگەك شارائىتى بەكلا ناچار، كۆمۈرنى ئاساسەن يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىپ چە- قىرىدۇ. سەن تېخنىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىگىلىۋال. مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بارغان يېرىڭدە ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىنى يېنىكلىتىشكە، شارائىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشقىن، — دې- گەنىدى. كۆيۈمچان تاغىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئېسىگە كېلىشىگىلا پۈتۈن ۋۇجۇدى كۆيگەندەك لەرزىگە كېلىپ، ۋىجدانى ئازابلىنىشقا باشلىدى. مەن نەگە يۆتكىلىمەن؟ نېمىشقا يۆت- كىلىمەن؟ بۇ يەردىكى جاپادىن قېچىپمۇ؟ ماقۇل، مەن يۆتكىلىپ كېتىپ بۇ جاپالار- دىن قۇتۇلدۇم دەي، ئىشچىلارچۇ؟ ئۇلار جاپادا قېلىۋەرسە مەيلىمۇ؟ نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر قاتلىمىدا قاپقارا چاڭ - توزان ئىچىدە جان تىكىپ ئىشلەۋاتقانلار كىملەر؟ ئۇلار مېنىڭ قان قېرىنداشلىرىم ئەمەسمۇ؟ مەن شۇلارنى تاشلاپ كەتمەك- چىمۇ؟ ياق! هەرگىز كەتمەيمەن! ئاسىم ۋە سايىمنىڭ مۇقامىغا دەسسىگىلى تاسلا قاپتىمەن. توزاننى كېمەيتىپ، مۇمكىن بولسا تامامەن يوقىتىپ، ئىشچىلارنىڭ كەسپىي كېسەلگە دۇچار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سېسىق گاز ئېلىپ كېتىش، بوش تاش قاتلاملىرىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، كۆمۈر قاتلىمى ئىچىدىكى تاش قەۋىتىنى قانداق بىر ياقلىق قىلىش، قانداق قىلغاندا كۆمۈرنى قالدۇرماي تولۇق قاز- غىلى بولىدۇ ... مانا بۇلار مەن قىلىدىغان تېخنىكىلىق ئىشلار ئەمەسمۇ؟

كامىل شۇ كۈندىن باشلاپ قۇدۇقتا روهىي ئازادلىك بىلەن چۈشىدىغان، ئىش جەريانىدا ئىشچى ۋە كادىرلار بىلەن قىزغىن چاقچاقلىشىپ پاراڭلىشىدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇدۇق تۈزۈلۈشىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى، تېخنىكىغا دائىر مۇهىم ئىشلارنى چېلىقتۇرسا خاتىرىسىگە يېزىپ ماڭدى، هېس قىلىغانلىرىنى مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن سېلىشتۇردى، تەتبىق قىلدى. قانداق بىر ياقلىق قىلىشنى بىلەل- مىگەنلىرىگە قارىتا پېشقەدەم ئىشچىلاردىن مەسلىهەت سورىدى، ماتېرىيال كۆردى.

www.uyghurkitap.com



3

كامىل بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، باش - كۆزىنى يۇيۇپ تۇرۇشىغا ياتاقتا ئىمىن مۇدىر كىرىپ كەلدى.

— ئىشچىلار بىلەن باشقىدىنلا چىقىشىپ كەتكەن ئوخشايسىز. بولۇپمۇ مىجىت باقى سىزنىڭلا كېيىنگىزنى قىلىدۇ، ياخشى يىگىتكەن، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئېچىلىپ كەتتى، دەيدىغۇ، — دېدى كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— مىجىتكام تەجرىبىلىك، قابىل ئادەمكەن، قۇدۇق باشلىقىلا ئەمەس، كان باشلىقى بولغىچىلىكى بار ئادەمكەن، — دېدى كامىل. ئۇ، ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن كېيىنكى گېپىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— توغرا كۆزىتىپسىز. مىجىت باقى جان تىكىپ ئىشلەيدىغان تەجرىبىلىك ئادەم. ئەمما كەسپىي بىلىمى يوقتە. شۇڭا ئىشتا سەل قارامىلىق قىلىپ قويىدۇ. تېخنىكىلىق تەلەپكە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇنى كېنىمىز بويىچە ئومۇمىي كېسەل، دېيەلەيمىز بولىدۇ. ئۇچ قۇدۇقتىكى كادىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر تەجرىبىسى بار. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كان تېخنىكىسى جەھەتتە مەخسۇس تەربىيە كۆرمىگەن. سىز كەلگىچىلىك كان بويىچە بىرلا تېخنىك بار ئىدى. ئۇنىڭ قانداق بولۇپ تېخنىك ئاتىلىپ قېلىشى بىر ھېكايە دەڭا.

— ئۇنى ئەمەلىي تېخنىكا بىلىمىگە باي دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — كامىل كان باشلىقىنىڭ ئالدىغا كۈرۈشكىدا چاي قۇيۇۋېتىپ سوراپ قويدى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ھېچقانداق غەيرىلىكنى سەزمىگەن ئىمىن كامىلغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— تېخنىكا بىلىمى بارمىش! ئۇ ھېلىقى «بالايى ئىنقىلاب» باشلىنىشتىن ئۇچ ئايلا بۇرۇن كانغا كەلگەن. قۇدۇقتا بىر ھەپتە چۈشۈپلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۆبە ھەربىي رايوندىكى بىر ئەربابنىڭ نەۋرىسى ئىكەن، ھەر ئاينىڭ بېشىدا مائاشىنى ئالغىلى كېلىدۇ، كاندا ھېچكىم غىرىڭ - پىرىڭ قىلالمايتتى. «ئىنقىلاب» باشلىنىش بىلەن تەڭلا ئۇمۇ كاندا پەيدا بولدى. ئۆزىگە ئوخشاش ئالىقاناتلارنى ئەتراپىغا يىغىپ «ئىنقىلاب»نى باشلىۋەتتى. كېنىمىزنى ئاز پاراكەندە قىلمىدى. «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلغاندا سايىم «ئامما ۋەكىلى» سۈپىتىدە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا ئىشلىرىنى تۇتتى.

— مۇنداق دەڭ، — كامىل كۈلۈپ كەتتى.

— كېيىن «ئىنقىلابىي كومىتېت» ئەمەلدىن قالغاندا سايىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل تېخنىكا خادىم دېگەن نامى ساقلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن بۇيان هازىرغىچە كۆز مونچاقتەك ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. تېخى ئۇ ئۆزىنى باش تېخنىك دەۋالىدۇ. ئادەتتە قۇدۇققا چۈشمەيدۇ. قۇدۇق ئىچىدىن قورقىدىكەن. قۇدۇقتا بىرەر تېخنىكىلىق چاتاق چىقسا سۆرىگەندەك چۈشىدۇ - دە، ئۇنداق - بۇنداق قىلىڭلار، دەپ قويۇپلا قېچىپ چىقىدۇ. ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىمەيدۇ، نەگە، قانداق قول سېلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۆتكەن يىلى «لۇشيەن تەربىيىسى» خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپلا ئۇنى كاننىڭ قوغداش

ئىشلىرىغا قوشۇمچە مەسئۇل قىلىپ قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ قالدى.

كامىل پىسىڭگىدە كۈلدى، ئىمىن مۇدىرمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سايىم ھەققىدىكى گېپىمىزنى بولدى قىلايلى، — ئىمىن تۇرمەللىۋالغان گېزىتتىن بىر يۆگەملىك يىرتىپ موخۇركا ئوردى، ئۇنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇكام كامىل، مىجەت باقىغا يەنە كۆمۈرنى باشقىچىرەك ئۇسۇلدا پارتلىتىپ باقساق، دېگەن تەكلىپنى بېرىپسىز. كونكرېتراق دەپبېقىڭا.

كامىل ئالدىنقى ھەپتىدە تارماق يوللارنى رەتكە سېلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا بىرقانچە ۋاقىتتىن بۇيان قۇدۇق تۈزۈلۈشىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، كۆمۈر قېزىپ چىقىرىش ۋەزىيىتىنى ئورۇنداش، كۆمۈر سۈپىتىنى ياخشىلاش توغرۇلۇق كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى قۇدۇق باشلىقىغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە دېدى. مانا بۇ تەكلىپىگە 35 يىل قۇدۇق ئاستىدا كۆمۈر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن، ئونبەش يىل قۇدۇق باشلىقى بولۇپ، بەش يىلنىڭ ئالدىدىلا كاننىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، كاندىكى ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىر ئادەممۇ قىزىقىشىپتۇ. كامىل بۇ قىزىقىشنىڭ راست، سەممىيلىكىگە ئىشەندى. ئۇنى خېلىدىن بېرى ياقتۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، تېخى چوڭقۇرلاپ سىردىشىپ باقمىغانىدى. مانا، ئۇ ئادەم ئۆزى ئىزدەپ كىرىپتۇ. كامىلنىڭ دىلىمۇ، تىلىمۇ باشقىچىلا ئېچىلىپ كەتتى.

— مەن بوش ۋاقىتلىرىمدا باشقا ئىككى قۇدۇقنىمۇ چۈشۈپ كۆرۈپ باقتىم، — دېدى كامىل قىزغىنلىق بىلەن، — ئىككىنچى، ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ تاش ۋە كۆمۈر قاتلىمى بىرىنچى قۇدۇقنىڭكىدىن قاتتىق ئىكەن، بىرىنچى قۇدۇقنىڭ تاش قاتلىمىلا بوش بولۇپ قالماي، كۆمۈرىمۇ بەك بوش. كۆمۈرىمىزنىڭ بەك ئۇۋاقلىنىپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ مۇشۇ. بىرىنچى قۇدۇقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئون مېتر ئارىلىقتا بىر بۇرغا سېلىپ، دورىنى ئاز قاچىلاپ پارتلىتىپ باقساق، بىرىنچىدىن، كۆمۈر بەك ئۇۋۇلىنىپ كەتمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، كۆمۈر قاتلىمى ئوتتۇرىسىدىكى تاش قەۋىتىمۇ تولا پارچىلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ تاشلارنى تېرىش ۋە تازىلاشتا ئادەم كۈچىمۇ، ۋاقىتمۇ كۆپ تېجىلىدۇ. تېجەپ قېلىنغان ئادەم كۈچى بىلەن يېنىك پارتلىتىشتا تەۋرىنىپ بوشاپ قالغان كۆمۈرنى ئاسانلا قېزىۋالالايمىز. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغىلى...

— قوبۇل قىلىنامدۇ - يوق، دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — ئىمىن مۇدىر ئىتتىك گەپ ئارىلىدى، — ئازراق بىر يەردىن ئېھتىيات قىلىۋاتىسىزغۇ، دەيمەن. سىناپ كۆرەيلى. ئۇنۇمى سىزگە، چاتاق چىقىپ قالسا، چاتىقى ماڭا ھېساب بولسۇن. بۇنداق قېزىش ئۇسۇلى خىيالىمغىمۇ كىرىپ باقمىغانىكەن. ئوقۇمىغانلىق دەڭا، — ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، كامىلغا قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز سىزنى تېگىشلىك ئورنىڭىزغا قويۇپ ئىشلەتمەيۋاتىمىز. ۋەزىيەتمۇ ئۇگىشلىپ قالار، ياخشى كۈننىڭ ئاپتاپ تەپتىنى سېزىۋاتىمەن. سىز ھەرگىز بوشىشىپ قالماڭ، يەنە قانداق تەكلىپلىرىڭىز

www.uyghurkitap.com



بولسا بېرىپ تۇرۇڭ. مەن مىجەت باقى بىلەن كېلىشىپ قويدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى قۇدۇقنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا سىز مەسئۇل بولۇسىز، ھە، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، يەنە بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن، سىزنى ھازىرغىچە ئۆيگە باشلىيالمىدىم، ئۆي تامىقىنىمۇ سېغىنغانسىز، يۈرۈڭ.

ئىمىن مۇدىرنىڭ ساپ كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىدىن، ئۈمىد، ئىرادە، ئىشەنچ بېغىشلىغۇچى سەمىمىي ئۈتۈنۈشلىرىدىن كامىلنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۆز-زىنى خۇددى يېتىملىك قايغۇسى ئەزگەن چاغلاردا باشپاناھلىق قىلىپ تاغدەك يۆلەك بولغان، مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن كۆيۈمچان تاغىسى يېنىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى، ئى-مىن مۇدىرنىڭ تەكلىپىگە نېزىقاپمۇ تۇرمىدى. ئىككىسى ياتاقتىن بىللە چىقتى. بۇ، ئۇنىڭ كانغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆي تامىقىغا تەكلىپ قىلىنىشى ئىدى.

كامىل ئىمىن مۇدىرنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك مۆرە تىرەپ مېڭىپ، ئېيىگە قۇلاق سالغاچ پات-پات قاراپ قوياتتى. ئىمىن مۇدىر ئوتتۇرا بوي، سېمىزمۇ-ئو-رۇقمۇ ئەمەس، مۇسكۇللىرى چىڭ ئادەم بولۇپ، پېشانىسىنى چاپادا ئۆتكەن يىللىرى-نىڭ سىزىقلىق سىفىرىدەك چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان، ئۇدۇل چىشلىرى مۇڭگۈزدەك، ئەمما ئېزىق چىشلىرىنىڭ تەگىدىن تولىسى چۈشۈپ كەتكەن، ئۆسكىلەك، يارىشىملىق بۇ-رۇتلۇق ئىدى، سەرگۈزەشتىسىگە قارىغاندا، چاچلىرى تولىمۇ بەك ئاقىرىپ كەتمىگەنىدى. كانغا يېڭى ئىشچىلار كەلسىلا ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئارىلاپ، ئەھۋال سوراشقاچ، ئازادلىق-تىن بۇرۇن ئورۇمچى، فۇكاڭلاردا خاڭچۇ (كۆمۈر كان ئىگىلىرى)لارغا قانداق جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى، 40 - 30 كىلوگىرام كۆمۈرنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ 80 - 70 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقتىن قانداق ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، يېگەن تاياق، چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كامىلمۇ بۇ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىنى بىر قېتىم ئاڭلاپ قالغان، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئاشقانىدى. بايىقى سۆھبەت بۇ پېشىۋانىڭ ئوبرازىنى ئۇنىڭ كۆڭلىدە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

4

كېيىنكى يىلنىڭ بىرىنچى پەسىللىك كۆمۈر قېزىش ۋەزىپىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىلىق سان ئاسماندىن مېتورىت تاش چۈشكەندەك، پۈتۈن كاننى تەۋرىتىۋەتتى.

— بىرىنچى قۇدۇق ۋەزىپىنى كارامەت ئاشۇرۇپ ئورۇنداپتۇ.

— كۆچمە بايراقنى ئىككىنچى قۇدۇقتىن بىرىنچى قۇدۇق تارتىۋالغۇدەك...

— كامىل كاراملىتىنى كۆرسىتىپتۇ!

— بىرىنچى قۇدۇقنىڭ ۋەزىپىنى بۇنچىۋالا ئاشۇرۇۋەتكىنىگە ئىشەنمەيمەن...

— ئىككىنچى قۇدۇق يىقىلماس بايراق...

غۇلغۇلىنىڭ مەزمۇنلىرى ئەنە شۇنداق ھەر تۈرلۈك بولسىمۇ، يەنىلا بىرىنچى قۇ-دۇق بىلەن ئىككىنچى قۇدۇققىلا مەركەزلەشكەنىدى. ئىككىنچى قۇدۇقتىكى بىر تۈركۈم

ئىشچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كاندىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ تەۋرەشتىن خۇشال ئىدى. بەلكى مۇشۇنداق تەۋرىتىشنىڭ دائىم بولۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇنداق تەۋرىتىش كاننىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى بىر ئىزدا توختاپ قالغان چوڭ چاقىنى ئالغا سىلجىتىشتا زور پىشاك بولاتتى.

تالاش-تارتىشنىڭ خۇلاسىسى چىقىدىغان پەيت كەلدى. كان باشلىقى ئاسىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كان بويىچە گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك قۇدۇق كادىرلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە مالىيىگە مەسئۇل خادىملىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى. ئاسىمنىڭ يىغىنىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدىكى سۆزىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىم ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ۋەزىپە ئورۇنداش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، ئىككىنچى قۇدۇق بىلەن بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قۇدۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر ناھەقچىلىكنى ئالاھىدە تەكىتلىدى:

— كان بويىچە قۇدۇق تەۋەسىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك كۆمۈر چىقىرىش ۋەزىپىسى ئىككى يېرىم توننا، — ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىم ھالقىلىق سانسىپىرلارنى ھەم ئاستا، ھەم تەكرارلاپ ئېنىق قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، — مۇشۇ بويىچە ئېيىتقاندا بىرىنچى قۇدۇقتىكى 107 ئادەمنىڭ كۈنلۈك ۋەزىپىسى 267 يېرىم توننا، پەسىللىك ۋەزىپىسى (26 ئىش كۈنىنى بىر ئاي ھېسابلايمىز) 20 مىڭ 865 توننا بولۇپ، پەسىللىك ۋەزىپىسىنى 4092 توننا ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. ئىككىنچى قۇدۇققا كەلسەك، بۇ قۇدۇقتا 225 ئادەم بار. ئۇلارنىڭ كۈنلۈك ۋەزىپىسى 562 يېرىم توننا ...

ئىككىنچى قۇدۇق باشلىقى گەپنى بۆلۈپ تۇۋلىدى:

— بىزدە كاننىڭ يولىيورۇقى بويىچە 75 ئادەمنىڭ كۆمۈر ۋەزىپىسى يوق!

— باشقا قۇدۇقلاردا ھەممە ئادەمنىڭ كۆمۈر ۋەزىپىسى بار، سىلەردە نېمىشقا يوق؟ — ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى سوئال قويدى.

— ئۇلار كاننىڭ بەگزادىلىرى، — بۇ، بىرىنچى قۇدۇق باشلىقى مىجىت باقىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بىز ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق ناھەقچىلىك كاساپىتىدىن باش كۆتۈرەلمەي كېلىۋاتىمىز ....، — بۇلۇڭدا بىرسى ۋارقىرىدى.

— قايسى ناھەقچىلىك؟ ئاغزىمغا كەلدى، دەپ پەلەپەتىش سۆزلەۋەرمەيلى — ھە! سۆزىمىزنىڭ سىياسىي تەرىپىنىمۇ ئويلىشايلى، — ئاسىم پاراڭلارنى باسماقچى بولغانىدى، بىراق غۇدۇراشلار تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

— يولداشلار، ئالدى بىلەن مەن ئەھۋالنى تونۇشتۇراي، — ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىم ئىمىن مۇدىر بىلەن مالىيە خادىمىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. غۇلغۇلا-پاراڭلار توختاپ، ئولتۇرغانلارنىڭ قۇلىقى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. ئۇ ھەرقايسى قۇدۇقنىڭ كۈنلۈك، ئايلىق، پەسىللىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ دېدى، — خۇلاسىلىساق، بىرىنچى پەسىلدە بىرىنچى قۇدۇقتىكى ھەر بىر ئادەم كۈنلۈك ۋەزىپىنى ئىككىنچى قۇدۇقتىكىلەرگە قارىغاندا يېرىم توننىدىن،

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى قۇدۇقتىكىلەردىن ئاز كەم 300 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان!

مالىيە خادىمىنىڭ ئىنچىكە ھېسابلىشىدىن چىقىرىلغان يەكۇندىن يەنە شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ياغاچ، پارتلىتىش دورىسى، توك ۋە باشقا ماتېرىيال سەرپىياتى جەھەتتە ئەڭ ئاز، كۆمۈرنىڭ تەننەرخى ھەممىدىن بەك تۆۋەن بولغىنى يەنىلا بىرىنچى قۇدۇق بولۇپ چىقتى.

مەجلىسخانىنى يەنە غۇلغۇلا قاپلاشقا باشلىدى.

— گەپ يوق بايراق بىرىنچى قۇدۇقنىڭ...

— بايراقنى مۇشۇنداق ھەقىقىي ئىشلىگەنلەر ئالسا بولىدۇ...

— كىم بۇرۇن ھەقىقىي ئالماپتىكەن؟...

قۇدۇقلار ئارا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلغان مۇسابىقىنىڭ خۇلاسىسى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم بولۇپ تۇراتتى. بۇرۇنقى خۇلاسە يىغىنلىرى بوگۇنكىدەك ئالاش - تارتىشلىق بولۇپ باقمىغانىدى. سانلىق مەلۇمات ئاندا - مۇندىلا ئېلان قىلىناتتى - دە، ئاممىنىڭ كەڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلمايلا رەھبەرلىك تەرەپتىن كۆچمە بايراقنىڭ ئىككىنچى قۇدۇققا بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلاتتى. باشقا قۇدۇق كادىرلىرى بۇنىڭغا ھەر قانچە نارازى بولسىمۇ، ئىچىدىلا تىنىپ قالاتتى. ئوچۇق ئېيتقان ھالەتتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى. شۇڭا بولدىلا دەپ، يىغىننى ئىتتىك تۈگىتىپ، ئازراق بولسىمۇ ئۆيلىرىدە ئارام ئېلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى. كان رەھبەرلىكى مۇددىئاسىنى ئېنىق ئېيتمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ كادىر - ئىشچىلار پىكىرلىرىنى ئېيتىۋېرىشتى. ئىككىنچى قۇدۇقتىكى ۋە كان كادىرلىرىدىن بولۇپ 6 - 5 كىشىدىن باشقا ھەممىسى كۆچمە بايراقنى بىرىنچى قۇدۇق ئالسا بولىدۇ، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇشتى.

— ھە، ئۇششاق پاراڭنى قويۇپ دىققەت قىلىڭلار، — ئاسىم ئىككى شاپىلاقنى بىرىگە ئۇرۇپ كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى. گەپ - سۆزلەر سەل بېسىققاندىن كېيىن تامىقىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى، — بىزنىڭ مۇسابىقىمىز نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسىلا ئەمەس، بىز ئۇنىڭ سىياسىي تەرىپىگىمۇ قارىشىمىز كېرەك. كۆپچىلىك بۇ مۇھىم تەرەپنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىلەر. قىزىلبايراق دېگەن ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆچمەننىڭ كىگىزى ئەمەس. ئۇنى بىر يەرگە تىكىلگەندە كېيىن ئالساق، سانائەتتە داچىڭ يېقىلماس كەنىمىز ھەرگىز يىقىتماسلىقىمىز لازىم. مەسىلەنگە ئالساق، سانائەتتە داچىڭ يىقىلماس بايراق، يېزا - ئىگىلىكىدە داجەي يىقىلماس بايراق. كېنىمىزدىمۇ بىر بايراق بار. ئۇ بولسا ئىككىنچى قۇدۇق. بۇ بايراقنى كان پارتكومى 6 - 5 يىلنىڭ ئالدىدىلا تىكىلگەن. شۇنچە يىلدىن بۇيان ئۆرۈلمىگەن بايراقنى بىز ئۆرۈۋېتىمىزما؟ ئۆرىۋېتىمىز، كۆچمە بايراقنى باشقا قۇدۇققا بېرىمىز دېگۈچىلەر گېپىنىڭ سىياسىي پۇرىقىغا دىققەت قىلسا بولىدۇ! — ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئارىدىن بىرسى توۋلىدى:

— ئۇنداقتا كۆچمە بايراق دېگىچە ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ بايرىقى، دېسەكلا بولمىدىمۇ؟!

ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى گەپ ئارىلىدى:

— ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ ئۆزى بايراق بولسا، يەنە ئۇنىڭغا بايراق بېرىمىز. دەپ ھۇ يەرگە يىغىلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— بۇنىڭ نېمىسى مۇسابىقە؟

— مېنىڭچە، بايراقنى بىرىنچى قۇدۇققا بەرسەك ھەق بولىدۇ.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — ئالدىنقى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان سايىم ئىسىم مۇدىرغا لەپپىدە قارىۋېلىپ، كېلىنى قىردى، — تونۇشتۇرۇشتىن قارىغاندا بىرىنچى قۇدۇق بىرىنچى پەسىللىك ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغاندەك قىلىدۇ، شۇنداق بولسۇلىمۇ دەيلى، مېنىڭچە ئويلىشىدىغان مۇنداق ئىككى نۇقتا بار. بىرى، ئىسىم شۇجى ئېيتقاندەك، بىزنىڭ مۇسابىقىمىز نوقۇل ئىشلەپچىقىرىشنىلا كۆزدىلەندۇرەمدۇ ياكى سىياسىينى كۆزدىلەندۇرەمدۇ؟ مېنىڭچە، مۇھىمى سىياسىينى كۆزدىلەندۇرىدۇ. مەسىلەنكە ئالساق، داچىڭ، داجەي ...

ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى سايىمنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى:

— سايىم، سەن دەۋاتقان قايسى زامانىدىكى سىياسىي، ھازىر قايسى زامان؟

سايىم دۇدۇقلاپ قېلىپ، گويا نېمە دەيمەن، دەپ مەدەت تىلىگەندەك ئىسىمغا قارىدى.

— قاچانلا بولمىسۇن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھەر بىر ساھە، ھەر بىر ئورۇنغا بىرەر ئۈلگە كېرەكتۇ. «ئۈلگىنىڭ كۈچى چەكسىز» دېگەن گەپنى بىلمەمسىلەر؟ — ئىسىم ئوتتۇرىغا ھېچكىم رەت قىلالمايدىغان چوڭ قائىدە سۆزلىگەندەك قىياپەتتە ئاۋۋال سايىمغا، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ قويدى.

— مەن دېمەكچى بولغان بىرىنچى نۇقتىنى ئىسىم شۇجى مېغىزلىق قىلىپ خۇلاسىلىدى. بۇ، شۇنداق گەپ، — سايىم ئولتۇرغانلارنىڭ ئۇنىڭ گېپىگە قانچىلىك دىققەت قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي توختاپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن دېمەكچى بولغان ئىككىنچى نۇقتا، بىرىنچى قۇدۇق مەھسۇلاتنى قانداق يوللار بىلەن ئاشۇردى؟ ئىشەنچلىك قېزىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قالايمىقان قېزىپمۇ؟ قوللانغان يېڭى ئۇسۇلىنى كان پارتكومى تەستىقلىغانمۇ؟ بۇ ئىش كاننىڭ مەسئۇل تېخنىكىغا خەۋەر قىلىنغانمۇ؟ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق.

سورۇننى ئېتىرازلىق غۇدۇراشلار قاپلاپ كەتتى.

— كامىلنىڭ تەكلىپىنى قۇدۇق كادىرلىرى ئەتراپلىق ئويلىشىپ توغرا تاپقان.

مەنمۇ توغرا تاپتىم. كامىلنىڭ تەكلىپى مانا بىرىنچى پەسىلدىلا زور ئۈنۈم بەردى. كامىل ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارغىمۇ تەكلىپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىمۇ ئۈچىنچى قۇدۇقتا ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ، — ئىمىن نەزەرىنى سايىمغا تىكتى، — سايىم، سەن بىرىنچى قۇدۇقتىكى يېڭى قېزىش - پارتلىتىش ئۇسۇلىدىن خەۋىرىم يوق، دەيسەن، ئۈچ ئايدىن بۇيانقى شۇنچە داغدۇغا بىلەن بولۇۋاتقان ئىشتىن خەۋەر تاپمىدىڭمۇ؟! دېمەك، ئۆتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ بىرىنچى قۇدۇقىمۇ، ئۈچىنچى قۇدۇققىمۇ چۈشۈپ باقماپسەن. سەن زادى قانداق تېخنىك؟ تېخنىك بولساڭ ھازىرغىچە كامىلچىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بىرەر تەكلىپ بېرىپ باقتىڭمۇ؟

سايىم كەينى - كەينىدىن نەيزىدەك سانچىلىۋاتقان سوئالدىن جايىدا ئولتۇرالماي نەچچە قېتىم قىمىدىنىپ كەتتى، چىرايىدىن قان قېچىپ تاتاردى. «سىز گەپ قىلمىسىڭىز بولمىدى» دېگەن ئىلتىجالىق نەزەر بىلەن ئاسىمغا قاردى. شۇ تاپتا ئاسىمنىڭ ئىچكى بىئاراملىقىمۇ سايىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. كۆپچىلىك يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىمىنغا رازىمەنلىك بىلەن قارىشىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئۆزئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى.

— ئەمدى بايراقنى قايسى قۇدۇققا بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىم مۇنداق، — ئىمىن گېپىنى پەس ئاۋازدا سالماق قىلىپ باشلىدى. يىغىن ئەھلى ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇلار بۇ پېشقەدەم خاكچىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قىزىقىپ جىم بولۇشتى، — ئادەم ھەممە ۋاقىت كېسەل بولماي ساق تۇرىمەن، دېيەلمەيدۇ، كېسەل بولۇپمۇ قالىدۇ. شۇنداقلا كېسەل ئادەممۇ كېسەل پېتى يېتىۋەرمەيدۇ. ساپساق ئادەمگە كېسەللەر قاتاردا مۇئامىلە قىلساق قاملاشمىغاندەك، بىمارنىڭ كېسىلىنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ساق ئادەملەرنىڭ ئۆلگىسى قىلىۋالساقمۇ ئەپلەشمەيدۇ. بىزنىڭ مۇسابىقىمىز كۆمۈرنى كۆپ ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىلغان، — ئىمىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قايسى قۇدۇق ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان بولسا بايراق شۇنىڭ. بايىقى تونۇشتۇرۇشلارنى ئاڭلىدۇق. ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشى، ماتېرىيال سەرپىياتىنىڭ ئازلىقى جەھەتتە باشقا ئىككى قۇدۇقنى بىرىنچى قۇدۇق بېسىپ چۈشىدۇ. بايراقنىڭ قايسى قۇدۇققا بېرىلىپ بولىدىغانلىقى ئۆز- ئۆزىدىنلا ئېنىق، مەسىلىنىڭ مۇھىم تەرىپى بايراق ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ۋەزىپىسىنى زادىلا ئورۇندىيالماي كېلىۋاتقان قۇدۇقنىڭ قانداق قىلىپ ۋەزىپىنى شۇنچە كۆپ ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى، بۇنى ئەتراپلىق ئويلىشىمىز، ئوبدان خۇلاسىلىشىمىز لازىم. باشقا قۇدۇقلارمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، كۆمۈرنى كۆپ قېزىپ چىقىرىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تېپىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا مۇسابىقىنىڭ رولى، ئەھمىيىتى بولىدۇ.

ئىمىنىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى ھامان ئاسىم ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، كالپۇكلىرى مىدىرلاپ قالدى. ئۇ بىر نېمە دېدىمۇ ياكى دېيىشكە تەمشەلدىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمىدى. يىغىن زالىنى «قوشۇلىمىز، بايراق بىرىنچى قۇدۇقنىڭ...» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ چىققان ئالقىش ساداسى بېسىپ كەتتى. كۆپچىلىك خۇشال. پەقەت بىر نەچچە كىشىنىڭ چىرايى تۇتۇق، تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. بىرسى ئاسىم، يەنە بىرسى سايىم بولسا، قالغانلىرى ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ كادىرلىرى ئىدى.

— بوپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ بولسۇن، — ئاسىم ئالدىدىكى شىرەگە ئارتىپ قويغان، خەتلىرىنىڭ تولىسى سويۇلۇپ چۈشۈپ، چاڭ - توزان سىڭىپ ھەم ئۆڭۈپ بەترەڭ ھالغا كېلىپ قالغان لەۋھەنى قولىغا ئېلىپ:

— مىجىت باقى! — دەپ چاقىردى.

— بايراقنى بىرىنچى قۇدۇقتىكى ئىشچىلارغا ۋەكالىتەن كامىل تېخنىك تاپشۇرۇپ ئالسا ياخشى بولاتتى، ئەمما ئۇ، يىغىنغا قاتناشتۇرۇلمىدى. مەن قۇدۇق باشلىقى بولسامۇ، ئۇنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئېلىپ قوياي، — مىجىت باقى بۇلۇڭدىن ئولتۇرغانلارنى ئارىلاپ ئالدىغا ماڭدى...

ئاسىم كىم ئۇنىڭغا تېخنىك دەپ نام بېرىپتۇ؟ دېگەن بولسىمۇ، شۇ يېغىندىن باشلاپ كامىل پۈتۈن ئىشچىلار ئارىسىدا «كامىل تېخنىك» دەپ، سۆيۈنۈش بىلەن تەرىپلىنىدىغان بولدى.

5

ئىمىن بىلەن مىجىت باقىنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقىپ، كامىل بىرىنچى قۇدۇقنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغاندىن بۇيان ئۇ بۇرۇنقىدەك بىر سىمېنىدىلا چەكلىنىپ قالمىدى، مانا ئەمدى ئۈچ سىمېنىنا ئارىلاپ، كۈنىگە ئون نەچچە سائەت ئىشلەيدىغان بولدى. ئادەم ئۆزى سۆيۈنۈپ ئىزدەنگەن ئىشىدا ئازراق نەتىجىگە ئېرىشكەندە، شۇنىڭ ئىلىيامىدا تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلىگۈسى، ئىزدەنگۈسى كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا كىشىنىڭ ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشقۇسى كەلمەيدۇ، بەلكى ۋاقىت يېتىشمەيۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. كامىل شۇنچە تىنىمسىز ئىشلىسىمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغان بولدى. يېقىندىن بۇيان كان رايونىنىڭ يەر قاتلىمىنى كۆرسىتىدىغان بىر يۇرۇش خەرىتىسى بىلەن ھەر قايسى قۇدۇقلارنىڭ ھازىرقى تۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىنى ئىشلەپ چىقىرىش كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. بىرىنچى قۇدۇقنىڭ ھەممە تەرىپىنى بىلىپ بولدى، خەرىتىسىمۇ ئاللىقاچانلا سىزىلىپ پۈتتى. ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ تۈزۈلۈشىنىمۇ ئۈچ - تۆت قېتىم مەخسۇس چۈشۈپ تەكشۈرۈپ ئا-

uyghurkitap.com





ساەن ئىگىلىۋالدى. خەرىتىنىڭ دەسلەپ-
كى نۇسخىسىنىمۇ تەييارلاپ قويدى. يەنە
بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ
چىقسىلا، بۇ قۇدۇقنىڭ خەرىتىسى رەس-
مىي قولدىن چىقىدۇ. گەپ ئىككىنچى قۇ-
دۇقتا قالدى. بايراقنى كامىل تارتىۋال-
غاندەك، ھېلىقى يىغىندىن كېيىن
ئىككىنچى قۇدۇق باشلىقلىرى
ئۇنى كۆزسە تەتۈر قارىۋالىدىغان بولۇش-
تى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ كامىلنى
قارشى ئالمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئىك-
كىنچى قۇدۇقتا ھەر قانچە چۈشكۈسى
بولسىمۇ، ئىلاجىسىنى قىلالمىدى. ئەگەر
ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ خەرىتىسى سىزىلمى-
سا، پۈتۈن كاننىڭ خەرىتىسىنى سىزىش
ئارزۇسى ئىشقا ئاشمايتتى. كامىل ئاشۇن-
داق تىت - تىت بولۇپ يۈرگەندە،
ئىككىنچى قۇدۇقنىڭ كېچىلىك سىمېنا
باشلىقى كامىلنى ئىككىنچى قۇدۇققىمۇ
چۈشۈپ بېقىشنى، پىكىر - تەكلىپلىرى بول-
سا قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
چۈشۈشكە ھېچبىر باھانا - سەۋەب تاپالماي
يۈرگەن كامىلغا بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقتى. شۇ كۈنىلا بىللە چۈشۈشنى مەسلىھەتلى-
شىپ كېلىشىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ خالىسلىقىدىنمۇ، ئىشى ئوڭغا تارتىپ، ئۇ كۈنى قۇ-
دۇق باشلىقلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىشقا كەلمىدى. سىمېنا باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار
كېچىلىك سىمېناغا كەمدىن - كەم كېلىدىكەن، ھەتتا كۈندۈزلۈك سىمېنالاردىمۇ قۇدۇق
ئاستىدا 4 سائەتتىن ئارتۇق تۇرمايدىكەن. كامىل سىمېنا باشلىقىنىڭ يول باشلىشى-
دا ئىش ئورۇنلىرىنىڭ يېرىمىنى كۆرۈپ بولۇپ، شامالچىنىڭ يېنىدا ئۇسسۇلۇق ئىچىپ
ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىمىن پەيدا بولۇپ قالدى.

— سىزنىڭ قۇدۇقتا چۈشىدىغانلىقىڭىزنى ئەمەت ماڭا چۈشتە ئېيتقانىدى. ئەسلى-
دە سىلەر بىلەن بىللە چۈشمەكچى ئىدىم، ئەمما ئۈچىنچى قۇدۇقتا ئازراق ئىش چى-
قىپ قېلىپ، شۇ قۇدۇقتا كېتىپ قالدىم. ھازىر شۇ يەردىن كېلىشىم، قانداق، بىر قۇر
كۆردىڭىزمۇ؟ — ئىمىن كامىلنىڭ يېنىدا يەرگىلا ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى.

— يېرىمىنى بىر قۇر كۆردۈم، — كامىل قولىدىكى سۇدانىنى ئىمىنگە سۇنۇۋې-
تىپ دېدى، — ئىمىنكا، ئۆزىڭىز خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئادەم، سالامەتلىكىڭىزمۇ ئانچە

چە ياخشى ئەمەس. كۆرسەتمە - يولىيورۇقلىرىڭىز بولسا دەپ، ئىشقا بىزنىلا قويۇپ بەرسىڭىز بولاتتى؛

ياشلىق باھارىنى، ئۆمۈر گۆھەرىنىڭ قىرانلىق دەۋرىنى خاڭنىڭ توپا - تۈتەكلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەم كامىلنىڭ كۆڭۈل قەسرىدە ئۇشىرۋاندەك گىگانت شاخقا ئايلانماقتا ئىدى.

— ئىمىنكام قۇدۇققا چۈشمىسە نەپىسى قىسىلىپ قالىدۇ، — ئەمەت چاقچاق قىلىپ دېدى، ئىمىن بىلەن كامىل كۈلۈشتى.

— ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — ئىمىن سۇدانىنى كامىلغا بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ بايىقى گېپىگە جاۋاب بەرگەندەك قاراپ دېدى، — سىز نېيىتقاندەك بۇ ئىشلارنى ئاللىبۇرۇن سىزگە ئوخشاش ئەزىمەت يىگىتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك ئىدى، نېمىشقىدۇر، ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ. سىلەرگە قويۇپ بېرىدىغان كۈنلەرمۇ پات - ئارىدا كېلىدۇ.

كامىل بۇ پېشقەدەم خاڭچىنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭ نەقەدەر كەڭ، ئارزۇ - ئۇمىدىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش گۈزەل ۋە پاكلىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ بارماقتا ئىدى.

ئۇلار ئارامنى ئېلىپ بولۇپ، قالغان ئىش ئورۇنلىرىنى، تاش ۋە كۆمۈر قاتلاملىرىنى، ئاساسىي يول بىلەن تارماق يوللارنىڭ ئېلىنىش ئەھۋالىنى خېلى ئىنچىكە كۆردى. كامىلنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىشكە قىزىقىپ سورىغان سوئاللىرىغا ئىمىن بىلەن سىمىنا باشلىقى تەپسىلىي جاۋاب - چۈشەنچە بېرىپ ماڭدى. كامىل كۆرگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى ئىككىنچى قۇدۇق قۇرۇلۇشىدىكى ھەشەمەتچىلىككە ھەيران قالدى.

يەر قاتلىمىنىڭ ئويۇل قاتتىق تاشلىق بولۇشىغا قارىماي، تۆت غول يولىنىڭ ھەممىسىلا باشتىن - ئاخىرغىچە سېمونت - شېغىل قۇيۇلمىسىدا ئەگمە قىلىپ ياسىلىپتۇ. قۇدۇقنىڭ بۇ قۇرۇلۇشىغا قانچىلىك سېمونت، قانچىلىك تاش - شېغىل، قۇم ۋە قانچىلىك ئادەم كۈچى كەتكەنلىكى مالىيە خادىملىرىنىڭ دەپتەرلىرىدىمۇ ئېنىق ئەمەستۇ. چاڭ - توزان سۈمۈرۈش، يۈز بەرگۈسى ھەر خىل خەۋپ - خەتەرنىڭ (بۇ قۇدۇقتا خەتەرلىك ھادىسىلەرنىڭ چىقىش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز) ئالدىنى ئېلىش - مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنىڭ ھەر ھالدا زامانغا لايىقلىقى، ئىش شارائىتىنىڭ تولۇق ۋە ياخشىلىقى كامىلنى ئويغا سېلىپ قويدى. بۇ قۇدۇقتىكى ھەشەمەتچىلىكنىڭ، ماشىنا، ئۈسكۈنە — ئىقتىسادنىڭ ئۇندىن بىرى باشقا قۇدۇقلارغا بېرىلگەن بولسىچۇ، كاشكى. بوغۇزغا يارىشا سۈتى يوق كالىدەك، بۇ قۇدۇقنىڭ بېرىۋاتقان مەھسۇلاتى قىلىنغان ئەجىرگە لايىق ئەمەس ئىكەن، تۆت تەرەپنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىلگىرىلەپ قازغىلى بولمايدىكەن. ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قېلىۋېتىپتۇ. بۇ قۇدۇققا نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆڭۈل بېرىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئىمىن مۇدىرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، نېمە ئۈچۈن كېسەلچان ئادەمنى ساقلىقنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ كۆككە كۆتۈرىدۇ؟ كامىلنىڭ كاللىسىغا ئەنە شۇنداق بىر قاتار سوئاللار كىرىۋېلىپ ئۇنى ئويغا بەند قىلىپ قويدى. نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالغا ئىمىن مۇدىرمۇ، سىمىنا

باشلىقىمۇ ئۇچۇق بىر نەرسە دېمىدى. پەقەتلا «ئاستا-ئاستا بىلىپ قالىسىز» دېيىش بىلەنلا بولدى قىلدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭدىكى سىر كامىلغا بارا-بارا ئايان بولدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ «مېۋىسى» بولغان «ئىنقىلابىي كومىتېت» كاندىلا ئەمەس، ۋىلايەتتە كۆمۈر كان ساھەسى بويىچە بىر بايراق تىكلىمەكچى بولۇپ، ئىككىنچى قۇدۇقنى زامانىۋى قۇدۇق قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى. يەرلىكتىن، يۇقىرىدىن تەكرار-تەكرار پۇل تەلەپ قىلىپ ئېلىپ، يەتتە، سەككىز يىلدا ئاران مۇشۇ دەرىجىدە «زامانىۋى» لاشقان تۇسكە كىرگۈزدى. قۇدۇقنىڭ ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلۇشى ھۆددىگە بېرىلگەن چاغدىن تارتىپلا كان رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشسىز باللىرى ھەم تۇغقانلىرىنى، يېقىن يار-بۇرادەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، تېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشمىشتىن خېلى يىراق تۇرغان ئىككىنچى قۇدۇققا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇلار «قۇدۇق» تا بىر مەھەل تۇرغاندىن كېيىن، «ياخشى، قايتا تەربىيە ئالغان» لىق سالاھىيىتى بىلەن ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مەنسەپ-مەرتىۋە دەرىجىسى بويىچە بىر قىسمى يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كەتتى، ئوقۇش ئۆۋىتىنى كۈتۈشكە تاقەت قىلالمىغانلىرى «ئىشى ئاز، پۇلى جىق» زاۋۇت، كارخانا ۋە ئىدارە-جەمئىيەتلەرگە كادىر بولۇپ يۆتكىلىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمىلىرى بولسا قۇدۇق ئۈستىدىكى مۇھىم تېخنىكىلىق ئورۇنلارغا، باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا ياكى ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرۇپلا بېرىسە، ئاي ئاخىرىدا ئىش ھەققى ئۆز پېتى قولغا كېلىۋېرىدىغان ئورۇنلارغا قويۇلدى. ئۇ رەھبەرلەرنىڭ بىر قىسمى «ئېھتىياج» سەۋەبىدىن ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، قولى كاندىن تارتىلمىغانىدى. ئاسىمۇ ئۇلاردىن قالماي، كانغا پۈتمىسى قويۇۋېلىپلا يېرىم يىل ئۆتە-ئۆتمەي تولۇقسىز ئوتتۇرىنىمۇ پۈتتۈرمىگەن ئىككى ئوغلىنى ئەكىلىپ ئىككىنچى قۇدۇققا كىرگۈزدى. يەنە ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا چوڭ ئوغلىنى كاننىڭ ياغاچ-ماتېرىيال ئامبىرىغا ئامبارچى قىلدى. كىچىك ئوغلىنى بىر سېمىنىغا باشلىق قىلىپ بېكىتتى. ئۇلار ئىشلەمدۇ-ئىشلىمەمدۇ سوراشقا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ. ھەتتا يامان ئىش قىلىپ قويسىمۇ ھېچكىم چىش يېرىپ گەپ قىلالمايدۇ. «نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟»، «بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن يول قويۇلىدۇ؟» كامىل ئۆزىگە مۇشۇنداق سوئاللارنى قويۇپ، سوئالىغا ئۆزى جاۋاب ئىزدەپ ئويلىنىدى. قانائەت تاپقۇدەك جاۋابقا ئەقلى يەتمىدى. «ھوقۇق بولسىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ» غان جاھانمۇ بۇ؟! ياق، بۇ ناھايىتى زور ئادالەتسىزلىك! بۇنداق كېتىۋەرسە ئىشلىرىمىز قانداق روناق تاپىدۇ؟ ئۇنى يوقىتىش كېرەك. مانا، مۇشۇ خىلۋەت كاندىكى ئىشچىلار ھەققانىيەتنى ياقلاپ مەيدە كېرىپ چىقتىغۇ. ھوقۇقنى ھەممىگە قادىر دەپ قاراپ، مەنسىپىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ئاسىمۇ ھەققانىي چوقانلارنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالدىغۇ؟ يول بېرىشكە مەجبۇر بولدىغۇ. كامىلنىڭ تەكلىپلىرىنى ئىشچىلار قوللاپ، شۇ بويىچە ئىشلەيدىغان بولۇۋىدى، ئۇ دەسلەپتە چىچاڭشىپ پوپوزا قىلىپ باقتى. مىجىنت باقى بىلەن ئۈچىنچى قۇدۇق باشلىقى:

— ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا كامىل بەرگەن تەكلىپنى

بولمايدۇ، دەيدىكەنسىلەر، ئۇنىڭدىن ياخشىراق تەكلىپلەر بولسا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ
باقمامسىلەر؟ — دېۋىدى، ئاسىم بىلەن سايىم دۇدۇقلىدى، پەقەتلا:

— تەكلىپ بويىچە ئىشلەيمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋالساڭلار مەيلىڭلار، جاۋابكارلىقنى
كامىل بىلەن قۇدۇق باشلىقلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ، — دېيىشكىلا مەجبۇر بولدى.

ئۇنىڭ بۇ قۇرۇق پوپوزىدىن قۇدۇق باشلىقلىرى قورقۇپ قالمىدى. چۈنكى كا-
مىلنىڭ تەكلىپى ئۈستىدە ئەتراپلىق، تەكرار - تەكرار ئويلاشقانىدى، تەكلىپنىڭ چوقۇم
ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ هاسىل قىلغاندىن كېيىنلا ئەمەلىي ئىشلەشكە كىرىش-
كەنىدى. تەكلىپنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىنىشىنىمۇ ئىمىن مۇدىر ئاكتىپ قوللاپ، كامىلغا،
قۇدۇق باشلىقلىرىغا چوڭ مەدەت بولغانىدى. ئاسىمنىڭ هېلىقى گېپىگە ئىمىن مېيىس-
قىمدا كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى. قۇدۇق باشلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك خادىملار باش قوشقان يىغىن باشتىن - ئاخىر كەسكىن مۇنازىرە بىلەن ئېلىپ
بېرىلدى. يىغىندا كامىلنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگۈچىلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى
ئىگىلىدى. ئاسىم بىلەن سايىم قاقاس بىر شورلۇق دۆڭدىكى ئىككى تۈپ كۆك بۈيە-
دەك چوقچىيىپلا قالدى. كامىلنىڭ ئۈمىد - ئارزۇ چىرىغى تېخىمۇ پارلىدى، ئىشەنچ ئى-
رادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، بەزىلەر ئۇنىڭغا بۇ كاندىن ياخشىراق يەرگە يۆتكىلىپ
كەتسىڭىز ئىستىقباللىڭىز ئاجايىپ ياخشى بولاتتى، دېيىشتى. «ياخشى يېرى» قۇرۇسۇن.
ئۇلارنىڭ ئۇنى كەت دېيىشىدىكى غەرىزى روشەن، ئۇلارنىڭ ئابروي - ئىناۋەت مۇنارى-
غا دەز كەتتى. ئۇلار بۇنى ئىمىن مۇدىر بىلەن كامىلدىن كۆرۈۋاتىدۇ. لېكىن كامىل
هازىرنىشچى - دە، شۇڭا ئۇلار كامىلنى هېچنېمە قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئىمىن مۇدىرنىچۇ؟ ئۇ
ئادەمنى تېخىمۇ هېچنېمە قىلالمايدۇ. ئۇلارغا مۇشۇنداق بىر ئادەم كېرەكتە. ئۇلار
ئۆزلىرى قۇدۇققا چۈشمەيدىكەن، قۇدۇق ئەھۋالىنى پەقەت ئىمىن مۇدىرنىڭ ئاغزىدىن-
لا بىلىدىكەن. يۇقىرىدىن بىرەر باشلىق كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولسا، ئۇلار قۇ-
دۇق ئۈستىدىكى پائالىيەتلەر، ھەر خىل ئۆگىنىش ئەھۋالى بىلەن تەييار سانلىق مەلۇمات-
لارنى تونۇشتۇرۇپلا قۇدۇق ئاستى ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ئىمىن مۇدىرغا ئىتتىرىپ
قويىدىكەن. ئىمىن ئىچى كۈچلۈك، لېكىن كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئۆزى جاپادىن قاچمايدى-
غان، ئىشچىلار ئۇچۇن ئىچ-باغرى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ هېلىقى با-
هالاش يىغىنىدا ئېيتقان «كېسەل ئادەمنى ساق ئادەملەرنىڭ ئۆلگىسى دېسەك قاملاشمايدۇ»،
دېگەن گېپىنىڭ مەنىسى نەگە باردى؟ يالغۇز ئىككىنچى قۇدۇقتىلا قارىتىلغانمۇ؟ ھو-
قۇقتا چوقۇنۇش نادانلىق، ۋىجدان ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنى نەپسىگە يەم قىلىۋېتىش ...
بۇلار مۇ بىر خىل كاتېگورىيىدىكى كېسەللىكقۇ! بۇنداق كېسەللىكلەر بىزدە ئازمۇ؟ كېسەل
بولىدىكەن داۋالاش كېرەك. ئۇسمىنى دوختۇرلار كېسىپ ئېلىۋېتىدىغۇ. قاپاقباش قاۋان
مەنىسى چىراغدەك چاقناپ تۇرغان گەپنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىغان هالىغا كاننى بېشىغا
كىيىۋالىدۇ. توغرا، ئۇ، كاننى بېشىمغا كىيىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ كىيگەن ئەمەس، يۇقىرىدىكى
بەزىلەر ئۇنىڭ كىيىشىنى لايىق كۆرۈپ كىيدۈرگەن. نېمىشقا؟ ئاسىم قانداق قىلغاندا
يۇقىرىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ بالداقمۇ - بالداق ئۆرلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ نەچ-

چە يىلدىن بۇيان ئۆزى نەپەس ئېلىپ كېلىۋاتقان جەمئىيەت ھاۋاسىدىن بىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا شۇ پۇراق بولسىلا بولدى، خاتالىشىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلمايدۇ، تۆت تەرەپ، تۆت پەسىلنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پەرقى يوق، شۇ پۇراق قاياقتىن كەلسە، شۇ تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا بويىنىدا شارىك، بېلىدە پۇرژىنىسى بار. بەدەن قۇرۇلمىسى ئاجايىپ ئەۋرىشىم، ئاشۇ خىل پۇراق ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك مۇشۇنداق ئەۋرىشىم ئادەملەرنى يېتىلدۈردى. ئىمىنكام توغرا ئېيتىدۇ: جاھان بۇنداق ئۆتۈۋەرمەيدۇ، ياخشى كۈنلەرنىڭ ئاپتىپىنىڭ تەپتى كېلىۋاتىدۇ.

6

كامىل سائەتنىڭ قاتتىق جىرىڭلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. سائەتنىڭ شىرە ئۈستىدە تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كامىل كۈندىلىك قىلىدىغان ئىشلىرىنى كىچىك ۋاراقچە قەغەزگە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىپ سائەت ئاستىغا باسۇرۇپ قوياتتى. مەيلى كېچىسى، مەيلى كۈندۈزى ئۇخلىماقچى بولسا سائەتنىڭ سىگنال كۆرسەتكۈچىنى ئويغىنىشى كېرەك بولغان ۋاقىتقا توغرىلاپ قوياتتى. مىجىت باقى يۈز بېرىپ قالغۇسى ھەممە ئېھتىمالنى نەزەرگە ئېلىپ، ياتاقتا ئادەم ئۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن بويتاقلار ياتىقىدىكى ئىشچىلارنى ئۈچ سىمېنىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كامىلنىڭ ياتىقىدا ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ ئىشچى ياتاتتى. ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا بىر ياتاقدىشى ئۇخلاۋاتاتتى. يەنە بىرى، ئىشقا چىقىپ كەتكەنىدى. كامىل سائەتنىڭ جىرىڭلىشى ياتاقداشلارنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزمىسۇن دەپ، سائەت قوڭغۇرىقىنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن قول ياغلىقى بىلەن ئوراپ، ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇۋالاتتى. ئۇ بۈگۈن بىرىنچى قۇدۇقتا ئەتىگەنلىك ئىككىنچى سىمېنىدىن تۆت سائەت بۇرۇن چۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئاخشام سائەتنى باش تەرىپىگە قويغىنى ئېنىق ئىدى. قانداق بولۇپ شىرە ئۈستىگە چىقىپ قالدى؟ قول ياغلىقىمۇ قوڭغۇراقتىن ئېلىۋېتىلىپتۇ. كامىل يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ ياتقان ياتاقدىشىغا ئېگىشىپ قارىدى. ياتاقدىشى شېرىن ئۇخلاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، كۆزىنىڭ ئەتراپى بىلەن لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس لىپىلداپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كۈلۈۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. كامىل ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ، سۆيۈنۈش بىلەن ئىللىق كۈلۈپ قويدى.

كامىلنىڭ ياتاقداشلىرى كانغا ئۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن كەلگەنلەر بولۇپ، كاننىڭ مۇھىتى ئۇلارنى بەسىندۇرگەنىدى. ئۇلار ھەمىشە كاندىن كېتىشنىلا ئويلايتتى، ئىشقا سۆرىگەندەك مېڭىشاتتى. كامىلنىڭ تۈرلۈك بېسىملارغا پەرۋامۇ قىلماي قۇدۇق ئىشلىرىنى جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلىشى، ھەرقانداق ئىشتا ئەستايىدىللىقى، تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى، ۋاقىت جەھەتتە ئۆزىگە بولغان قاتتىق تەلەپچانلىقى، ئۈمىدۋارلىقى، باشقا ئىشچىلارغا ئوخشاش بۇ ئىككىسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ، ھۆرمىتىنى ئاشۇرغانىدى. بولۇپمۇ ياتاقداشلىرىنىڭ ئارام ئېلىش، ئۇخلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، سائەت قوڭغۇرىقىغا قول ياغلىقىنى ئوراپ

باش تەرىپىگە ئەكىلىۋېلىشى ئۇلاردا كامىلغا قارىتا قايىللىق، ئۇزلىرىگە نىسبەتەن خە-
جىللىق تۇيغۇسىنى قوزغىغانىدى. شۇڭا ئۇلار تونۇگۈن مەسلىھەتلىشىپ مۇشۇ ئەمەلىي
ھەرىكەتنى بىلەن «بۇنىدىن كېيىن بىزدىن بۇنچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بو-
لىدۇ» دەپ قويماقچى بولغانىدى.

كامىل شۇ تاپتا ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن يەنە خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس
قىلدى. ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاقداشلىرى ئويغۇنۇپ قالمىسۇن دەپ سۇ تەييار-
لاپ قويۇپ، بىرىنچى قەۋەتتىكى مېكىنىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانىدا، ياتاققا سايىم كىرىپ
كەلدى. بۇ ئەتىگەن سائەت تۆت بولغان ۋاقىت ئىدى. سايىمنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭ
قەۋەت تەرەپتىن كەلمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئۇ كامىلنىڭ
ياتىقىغا باش تىقىپ باقمىغانىدى، كامىل تەئەججۈپلىنىپ سايىمغا قارىدى.

— ئولتۇرۇڭ، كېچىدە كىرىپ قاپسىزغۇ؟

— ئۈچىنچى قەۋەتتە تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، سۇ چىقىرىش پومپىسىنى تاش
بېسىۋاپتۇ. ئاسىم شوجى سىزنى چۈشۈپ پومپىنى چىقىرىۋېلىشقا ياردەملىشسۇن دەيدۇ، —
دېدى ئۇ، شىرەنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغىنىچە.

— قاچان گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ؟ — كامىل جىددىيلىشىپ سورىدى.

— ئاسىم شوجى بۇنى ماڭا ھازىرلا ئېيتتى، يېرىم سائەتچە بولغان ئوخشايدۇ.

— بۇ ئىشنى مەن ئىشتىن يېنىپ كېلىۋېتىپ ئاڭلىغانىدىم، كەم بولغاندىمۇ تۆت
سائەتتىن ئاشتى، — دېدى كامىلنىڭ كارىۋاتتا ياتقان ياتاقدىشى ياستۇقتىن لىككىدە
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ، كامىلمۇ، سايىممۇ تەڭلا ئۇنىڭغا قارىدى. باياتىن
ئۇنىڭ ئۇخلىغاندەك جىممىدە ياتقىنى بىلەن ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغىنى كامىلغا
ئايانىدى.

— ئۆزۈم چۈشەي دېسەم، بالامنىڭ ئاخشامدىن بېرى قىزىتمىسى ئۆرلەپ قال-
دى، — دېدى سايىم غودۇڭشىپ.

— ئۇنداق بولسا ئەھۋالنى مىجىتكامغا ئېيتىپ قويۇپ باراي، — دېدى كامىل
خەۋپىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

— سىز ئۈچىنچى قەۋەتتە كېتىۋېرىڭ، مىجىتكامغا مەن ھازىرلا دەپ قوياي، —
كامىلنىڭ ھېلىقى ياتاقدىشى سەدىق گەپ قىلماچ كىيىنىشكە باشلىدى. كامىل
ئۈچىنچى قەۋەتتە قاراپ چاپتى، ئۇنىڭ ئېس - يادى ھازىر ئۈچىنچى قەۋەتتىكى سۇ
خەۋپىگىلا مەركەزلەشكەنىدى. باش كوزىنىڭ تاڭ قاراڭغۇلۇقىدىكى تاغ ھاۋاسىمۇ ئۇ-
نىڭغا قىلچە تەسىر قىلالمايۋاتاتتى. كامىل قەۋەت ئاغزىغا كېلىشىگە يۇقىرى تەرەپتىن
ئىسمىن مۇدىر كېلىپ قېلىپ، نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى.

كامىل ئۇنىڭغا سايىمنىڭ دېگەن خەۋىرىنى ئېيتتى.

— سىز بىرىنچى قەۋەتتە بېرىڭ. ئۈچىنچى قەۋەتتە مەن چۈشەي. مەن شۇ ئىش
بىلەن كەلدىم.

— ئاسىم شوجى مېنى چۈشسۇن، دەپتۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى كامىل.

— مەن بولغاندىكىن بولدى، سىز بىرىنچى قۇدۇققا بېرىڭ، — بۇ قېتىم ئىمىن مۇدىرنىڭ تەلەپپۇزى كامىلغا جىددىيرەك ئاڭلاندى.

— بىرىنچى قۇدۇقتا گاز چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بار دەپ ئاڭلىۋىدىم، خەۋىرىڭىز بارمىكىن؟ — كامىل سورىدى.

— گاز چىقىش ئېھتىمالى بار ئىكەنتۇق ... بولدى، سىز كېتىۋېرىڭ، — ئىمىن گېپىنى دەپ بولۇپلا قۇدۇق ئاغزى تەرەپكە ماڭدى.

كامىل بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىمىن مۇدىر قۇدۇق ئاغزىدا غايىب بولدى. كامىل بىرىنچى قۇدۇققا قاراپ يۈگۈردى.

— گاز چىقمىغاندۇ؟ — كامىل قۇدۇققا چۈشۈپلا يولۇققان بىر ئىشچىدىن سورىدى.

— چىقمىدى، — جاۋاب ئاۋاز باشقا بىر يەردىن ئاڭلاندى. كامىل شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇن قەدەمچە نېرىدا گاز سۈمۈرگۈچ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان مىجىت باقىنى كۆردى.

— گازنىڭ قاچان چىقىپ قېلىشىنى توغرا پەرەزقىلالماي، سىزنى بىرىنچى سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈشسىڭىز دەپتىمەن. ئالدىنقى سېپىنا ئىشتىن چۈشمەستىلا گازنىڭ پۇرىقى كۆچەيگىلى باشلىدى. سىزگە ئادەم ماڭدۇرايلى، دەپ تۇرساق، ئىمىنكام پەيدا بولۇپ قالدى، — مىجىت باقى كامىل تەرەپكە كېلىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەي، بۇ ئادەمنى! قۇدۇق ئىچىدىكى گازنىڭ سېسىق پۇرىقىنى ئۆيدە تۇرۇپ سېزىپ قالدىمىكىن، يەۋاتقان تامىقىنى تاشلاپلا كېلىپتۇ. تەكشۈرۈپ، گاز چىقىۋاتقان جاينى تاپتۇق. ياخشى، ئانچىكىلا بىر يېرىقتىن چىقىۋاتقانىكەن. يېرىق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى سېغىز لايدا قېلىن سۇگىۋەتتۇق.

— ئۇنداقتا ماڭا ھازىرچە بۇ يەردە ئىش يوق ئوخشايدۇ. مەن ئۈچىنچى قۇدۇققا باراي، — دېدى كامىل.

— بارماڭ.

— نېمىشقا؟ — كامىل ھەيران قېلىپ سورىدى.

— نېمىشقىلىقىنى بىلمەيمەن. ئىمىنكام ماڭا كامىل كەلسە بىرىنچى قۇدۇقتىن نېرىغا بارمىسۇن دېدى. گېپىنى مەنمۇ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى مىجىت باقى.

كامىل تېخىمۇ ھەيران قالدى.

مېنىڭ ئۈچىنچى قۇدۇققا چۈشمەكچى بولغىنىمنى ئىمىنكام قانداق بىلىدۇ؟ نېمىشقا مېنى بىرىنچى قۇدۇققا بېرىڭ، دەيدۇ؟ گازنىڭ گېپىنى قىلسام، ئۇنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىنى دېمەي، نېمىشقا يەنە مېنى بىرىنچى قۇدۇققا بۇيرۇيدۇ؟ ياكى بىرەر پىتنىچىنىڭ سۆزى بىلەن ئىمىنكام مەندىن رەنجىپ قالغاندىمۇ-يا؟ ئارىدا قانداق گەپ-سۆز بولۇنغاندۇ؟ ياق، گەپلەردىن ئىمىنكامنىڭ مەندىن رەنجىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت يوق. كامىلنىڭ كاللىسى ھەر خىل پەرەز-خىياللار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇ مىجىت باقىنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن ئۈچىنچى قۇدۇققا قاراپ ماڭدى.

ئۈچىنچى قۇدۇقنىڭ غول يولى ئوشۇقتىچە سۇ ئىدى. كامىل رېزىنكە ئۆتۈك بىلەن سۇنى شالاپشىتىپ كېچىپ باردۇ. ئۇنىڭ بۇ قۇدۇقتا مۇشۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ئون قېتىمدەك چۈشۈپ، ھەر بىر ئىش ئورۇنلىرىغىچە بارغان، كۆزەتكەننىدى. بۇ قۇدۇق دەرياغا سەل يېقىن بولۇپ، سۇ يۈزىدىن يۈز مېتىردەك پەس ئىدى. خۇددى ئۆيدىن يامغۇر ئۆتكەندەك، بىر يەرلەردىن سۇ سىرغىپ ئاقسا، يەنە بىر يەرلەردىن تامچىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ قۇدۇق ئادەتتە «سۇ قۇدۇق» دەپمۇ ئاتىلاتتى، كامىل سۇ پومپىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەچكە، ئۇدۇل شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئارىلىقتا ئۇنىڭغا ھېچكىم يولۇقمىدى. ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى تاش ئاستىدا قالغان پومپىنى چىقىرىش ئۈچۈن تاش يۆتكەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. كامىل سۇ كېچىپ يۈرۈپ ئون نەچچە ئەگمىدىن ئۆتۈپ يۈز مېتىردىن ئارتۇقراق ماڭغاندىن كېيىن سۇ پومپىسى ئورنىتىلغان جايغا يېتىپ كەلدى. دېگەندەك بىر سمېنىدىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلغان بولۇپ، قول - قولىغا تېگىشمەي سۇ كېچىپ يۈرۈپ تاش يۆتكىشىۋاتاتتى. لېكىن ئىمىن مۇدىر بىلەن قۇدۇق باشلىقى كۆرۈنمەيتتى.

— سىزمۇ كەلدىڭىزمۇ؟ ياخشى، — دېدى سمېنا باشلىقى كامىلنى كۆرۈپ.

— ئىمىنكام قېنى؟ — كامىل ئالدىراپ سمېنا باشلىقىدىن سورىدى.

— سۇنى ئېقىتىپ تۇرغۇدەك جاي ئىزدەپ قۇدۇق باشلىقى بىلەن ئاياغ تەرەپكە كەتتى.

كامىل تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن يەرنى بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— بۇ يەرگە نېمىشقا تىرەك قويمىغانتىڭلار؟ — كامىل سمېنا باشلىقىدىن سورىدى. سمېنا باشلىقى:

— ئۆتكەن ھەپتىلا سىز تىرەك قويمىساڭلار بولمىغۇدەك، تاشلار بوشاپ قاپتۇ، دېگەندىن كېيىن قۇدۇق باشلىقىمىز ئەنسىرەپ ئاسىم شۇجىغا تۈۋرۈك ئۈچۈن ئون تال ياغاچ تەستىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، كۆمۈرنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كېتىدۇ، ئۆزۈڭلار باشقا ئامال قىلىڭلار، دەپتۇ، — دېدى. لېكىن ئاسىم بىلەن سايىمنىڭ «كامىل تېخنىك ئەمەس، ئۇ نېمىنى بىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئېيتمىدى. كۆڭلىدە بولسا ئاقىۋەتنىڭ كامىلنىڭ ئېيتقىنىدەك بولغىنىدىن ئۇنىڭ بىر نەرسىنى بىلىپ دېگىنىگە قايىل ئىدى.

كامىل گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن تاش دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ ئاياغ تەرەپكە كەتتى. بۇ قۇدۇقنىڭ ئاساسىي ئىش ئورۇنلىرى ئاياغدا ئىدى. سۇنىڭ ئاياغ تەرەپكە يىغىلىۋېلىپ كۆمۈر قېزىش ۋە توشۇش ئىشىغا كاشىلا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھازىرقى تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن يەرگە كىچىك «سۇ ئامبىرى» ياسالغان. غول يولنىڭ بىر تەرىپىگە ياسالغان كىچىك ئېرىقچە ئارقىلىق ئېقىپ ئامبارغا يىغىلغان سۇ پومپا ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىۋېتىلەتتى. ھازىر كۆلچەكنى تاش تىندۇرۇۋەتكەن، پومپا ئىشتىن توختىغانىدى. سۇ ئىش ئورۇنلىرىغا ئېقىۋاتاتتى ۋە بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — ئاياغ تەرەپتىن قۇدۇق باشلىقى بىلەن شالاپشىتىپ سۇ كېچىپ

كېلىۋاتقان ئىمىن مۇدىر ئارا يولدا كامىل بىلەن ئۇچرىشىپ سورىدى.

— ھەئە... — كامىل قىسقىلا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— بوپتۇ... ئەھۋال مۇشۇنداق، ئۇكام. كۆلچەك تاش بىلەن تولغان، سۇ پومپىسى كاردىن چىققان. يەنە بىر - ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە ئامال قىلالمىسا، ئۇچىنچى قۇدۇق راستىنلا سۇ قۇدۇقى بولۇپ قالىدۇ، — ئىمىن گويا ئۆزىچىلا سۆزلەۋاتقاندەك، ئاغزى گەپتە بولسىمۇ، كۆزى ھەر تەرەپتىن سىرغىپ ۋە تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان سۇدا ئىدى.

— ئىش ئورۇنلىرىدا سۇ تېزدىن ئاشتى، — دېدى قۇدۇق باشلىقى.

كامىل مانا شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئىشتانلىرىنىڭ تىزىغىچە ھۆللۈكىگە دىققەت قىلدى. ئۇلار سۇنى بۇ دەرىجىدە دەپ ئويلىمىغاچقا، سۇ كىيىملىرىنى كىيىۋالمىغانىدى.

— زاپاس شلانكا بارمۇ؟ — كامىل قۇدۇق باشلىقىدىن سورىدى.

— بار، قانداق دەيسىز؟

— بىر قىسمىمىز ئاياغ تەرەپكە پومپىدىن بىرنى قويۇپ، شلانكىنى بۇرۇنقىسىغا ئۇلاپ سۇنى چىقىرىۋەرسەك، بىر قىسمىمىز تاش ئاستىدىكى پومپىنى چىقارساق دەيمەن.

— ئۇ پومپىنى نەدىن تاپىمىز؟ — ئىمىن كامىلنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— كان ئىسكىلاتىدا پومپىدىن بىرنەچچىسى بار، دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ؟

— ئۇ قول قويمىسا، پومپا توگۆل پومزەكمۇ ئالالمايسىز!

ئىمىننىڭ «ئۇ» دېگىنىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ يەتكەن كامىل يەنە سورىدى:

— ئامباردىن ماتېرىيال ئېلىش رەسمىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى بېجىرىدىغۇ؟

— بۇنداق چوڭ ماتېرىيالنى ئۇنىڭ ئۆزى تەستىقلايدىغىنىنى بىلمەمسىز؟ ئۇ ھازىر كاندا يوق. ئاخشاملا شەھەرگە كەتكەن.

— ئەھۋالنى ئېيتساق ئامبارچى بېرەر.

— ئامبارچىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلىسىزغۇ. ئۇمۇ يوق.

كامىل ئىمىن مۇدىرغا لەپپىدە قاراپ، نەپرەت ئوچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزنى كۆردى. قۇدۇقنىڭ سۇ ئىچىدە قېلىش خەۋپىگە يەنە قانداقتۇ بىر يامان نىيەتنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى سەزگەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قانداق سۇيىقەست ۋە كىمگە قارىتىلغانلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. بۇنىڭدىن قۇدۇق باشلىقىمۇ خەۋەرسىز ئىدى...

بىرىنچى قۇدۇقتىكى گاز چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ئىمىن قۇدۇقتىن چىقىپ تۇرۇشىغا ئايالى ئامىنەم پەستىن چىقىپ كەلگىنىچە ئۇنى بىر يانغا تارتتى.

— سۇ قۇدۇقتا تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ... — ئامىنەم ھەم جىددىيلەشكەنلىكىدىن، ھەم ئۆردىگە تېز ماڭغانلىقىدىن ھۆمۈدەپ كەتكەچكە، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرگىچە ئىمىن ئالدىراپ سورىدى:

— تاش گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ؟ ئادەمنى بېسىپتىمۇ؟!

— ئادەمنىغۇ باسماپتۇ، سۇ پومپىسى تاش ئاستىدا قاپتىكەن...

— مۇشۇ ئىشقىمۇ مۇنچىۋالا ھولۇقامسەن؟

— مەسىلە سۇ پومپىسىدا ئەمەس، كامىل تېخنىكقا ئوۋال بولىدىغان بولدى!

— نېمىشقا كامىلغا ئوۋال بولىدۇ؟ گېپىڭنى ئوچۇق ئېيتمامسەن! — ئىمىن سەل جىددىيلەشتى.

— ھېلى خەلچەم ئۆيگە كىرىپ سىلىنى سوردى. بىرىنچى قۇدۇققا كەتتى دېسەم، ئاپلا، چاتاق بولدى، دەيدۇ، ئۆزى ئالدىراپ تۇرىدۇ. چىرايىمۇ بۆلەكچە، نېمە گەپ، دېمەمسىز؟ دېسەم، ئىمىنكامىنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتسام ياخشى بولاتتى، بوپتۇ سىلىگە دەي، — دەپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

خەلچەملەر يېتىشقا تەمشىلىپ تۇرسا ئاسىم كىرىپتۇ. سىز باللارنىڭ يېنىغا كىرىپ تۇرۇڭ، دەپ خەلچەمنى چىقىرىۋېتىپ، سايىمغا بىر نېمىلەرنى دېگىلى تۇرۇپتۇ. خەلچەم ئۇلارنىڭ كېچە-كېچىلەپ كىشىلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىسىنى قېقىپ يۈرىدىغان كېسىلىنى بىلگەچكە، گۇمانلىنىپ دەھلىزدە چاي دەملىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق ساپتۇ.

— سۇ قۇدۇقتا تاش گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، سۇ پومپىسىنى تاش بېسىپ كاردىن چىقىرىپتۇ. مېنىڭ پىكرىم بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە كامىلنى چۈشۈر، — دەۋېتىپتۇ ئاسىم دېگەن. قاۋان، — لېكىن ئۇنى مېنىڭ پىكرىم بويىچە ئەمەس، ئۆز ئىختىيارى بويىچە چۈشۈرۈش كېرەك. ئۇ ھازىر قانداق قىلسام كانىغا باش تېخنىك بولارمەن، دەپ قۇدۇقمۇ قۇدۇق شاپاشلاپ يۈرىدۇ، سۇ قۇدۇقتا تاش گۆمۈرۈلۈپ چۈشكىنىنى ئاڭلىسا چۈشمەي قالمايدۇ، سەن ئۇنىڭغا سمېنا ئالمىشارغا ئاز قالغاندا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم دېگىن. سۇ پومپىسىنى تاش بېسىۋېلىپ كاردىن چىقارغىنىنى ئېيتما. ئامالىنى ئۆزلىرى قىلسۇن. بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم بارلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمە. كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. مەن ھازىر شەھەرگە ماڭىمەن. سېنىڭ باش تېخنىكلىق ئىشىڭنى رەسمىيلەشتۈرۈشنى ئەتىگەنلىككە روزى جۇرىن بىلەن مۇزاكىرە قىلىمىز. ئىمىنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئاز كۈندە ئارامغا چىقىپ كەتسە، ئورنى سېنىڭ بولىدۇ، دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئىمىن مۇدىر ئاسىمنى ھەر قانچە قارا قورساق، دەپ قارىغاندىمۇ، بۇ دەرىجىدە سۇيىقەست ئىشلىتىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى. خەۋەر ئىشەنچلىك ئىدى. چۈنكى خەلچەم ئاسىمنىڭ ھەدېسىلا سايىمنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈۋېلىپ ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدىن ئۇنىڭغا بەكلا ئۆچ ئىدى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، زەردە — خۇن يۈرەتتى. سايىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تالاغا چىقاي دېسە، ئېرىنىڭ باشلامچىسى ئاسىم. ئۇنى چىشلەپ تارتىپ قېلىشتىن قورقاتتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئوتتۇرىغا چىقىپ سايىمدىن قۇتۇلۇپ كەتسىغۇ ياخشى، قۇتۇلماي قالسا، تېخىمۇ ئازابلىنىشىدىن قورقاتتى. خەلچەمنىڭ سايىمدىن يەۋاتقان

www.uyghurkitap.com



تايىقى ئاز ئەمەس ئىدى.

ئاسىم ئۈچىنچى قۇدۇقتا تاش گۆمۈرۈلگەننى خېلى بالدۇرلا ئاڭلىغانىدى. لېكىن بۇنى كامىلنى ھۆل خىشقا دەسسىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ، ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى. ئۇ، كۆڭلىدە ۋاقىت كەينىگە سۈرۈلسە كېيىنكى ئىش ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارايتتى. كامىلغىلا ئاساسلىق بىرەر ئىللەتنى ئارتالىسا، ئىمىنىنىڭمۇ تىلى تۇتۇلىدۇ، ئۈچىنچى قۇدۇقتا ھېچ بولمىسا بىر ھەپتىلا كۆمۈر قېزىلمىسا، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا چوڭ مەسىلە بولاتتى. گۇناھىنىڭ ھەممىسىنى كامىلغا ئارتىپ، ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندالماسلىقى كامىلنىڭ ئۆز بېشىمچىلىك بىلەن قالايمىقان ئارىلىشىشىدىن بولغان، دەپ ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى تولۇق بېرىدىغانلا بولسام، يەنىلا مەن ياخشى بولۇۋېرىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇ خىياللىرىنى سايىمغا ئېيتمىغان بولسىمۇ، پۇرىقىنى ئازراق چىقىرىپ قويىدى. ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن سايىمنى پاخشە كېسەك ئورنىدا پايدىلانماقچى بولدى. لېكىن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە سايىمنىڭ كاللىسى سەل سەگەكلىشىپ ئىشلەپ قالدى. ئاسىمنىڭ «بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم بارلىقىنى بىلدۈرمەي، ئۆز نامىڭدىن ئېيت» دېگىنىدىنلا، ناۋادا بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، ئوتتۇرىغا مېنى چىقىرىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇڭا كامىلغا «ئاسىم شۇجىنىڭ پىكرى» دەپ ئۇچۇقىنىلا ئېيتىۋەتتى، ئىش تەتۈرىچە نەتىجە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىنىپ قالغۇدەك بولسا ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ شۈرۈسىنى تەييارلاپ قويىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كامىلغا تېخىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئېيتىشنى خىيال قىلدى. ئەگەر ئىش ئاسىمنىڭ دېگىنىدەك «ئوڭ»غا تارتىپ قالسا، بۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ زور بولىدۇ-دە. شۇڭا ئۇ دەماللىققا ئۆيدىن چىقمىدى. ئۆيدىن چىقمىغانسېرى خەلچەمنىڭ ئىچى تىت-تىت بولدى. ئۇ بۇ ئىشتىن ئىمىننى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتى. خەلچەم ئائىلە ئايالى بولسىمۇ ئىمىن مۇدىرنى چوڭ بىلەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى. كامىلنىڭ ناھەقتىن ناھەق بەدنامغا قېلىشىغا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. سايىم كۆڭلىگە پۈككەن ۋاقىتنى كۈتۈپ ئۇخلىمايتاتتى، خەلچەممۇ سايىمنىڭ كامىلنى ئىزدەپ ئۆيدىن چىقىشىنى كۈتۈپ ئۇخلىمىدى. سائەت تۆتكە يېقىن سايىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا خەلچەممۇ ئىمىن مۇدىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى يېقىن ئىدى.

ئىمىن ئايالىنى ئۆيگە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۈچىنچى قۇدۇق تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ مەقسىتىگە يېتىپ باقىنىنى كۆرەي. كامىلنى قۇدۇققا چۈشۈرمەيمەن، قانداق گېپى بولسا ماڭا دېسۇن قېنى، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئېس-يادى كامىلنى بىرىنچى قۇدۇق تەرەپكە ماڭدۇرۇۋېتىشتا ئىدى... مانا، كامىلمۇ ئۆزىگە ئوخشاش سۇ كېچىپ ئالدىدا تۇرىدۇ. قايسى بىر يەردە بىرەر خەۋپ-خەتەر چىقسا شۇ يەرگە ئۆزىنى بۈركۈتتەك ئېتىپ تۇرىدىغان بۇنداق جان پىدا يىگىتنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا قۇدۇقتىن چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولامدۇ؟ مەسىلىنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتسۇنمۇ-يا؟ راستىنى دەپمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ھازىر بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرىدىغان پەيتمۇ ئەمەس. مۇھىمى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، سۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەش كېرەك.

— ئۇكام كامىل، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىدە، قولمۇقول جىددى تۇتۇش قىلىپ پومپىنىمىزنى چىقىرارمىز. ئەگەر ئۇ بۇزۇلغان بولسا، رېمونت قىلىپ بولغىچە ...، — ئىمىننىڭ گېپى ئاخىرلاشقىچە قۇدۇق باشلىقى گەپ ئارىلىدى:

— ئۇنىڭغىچە پۈتۈن ئىش ئورۇنلىرىغا سۇ لىپپىدە تولىدۇ. بۇ سۇنى چىقىرىپ بولغىچە بىر ھەپتە ئۆتىدۇ.

— كۈنپېتىش تەرەپتىكى كونا تۆتىنچى نومۇرلۇق ئىش ئورنى تاشلىۋېتىلگەنمۇ دەيمەن؟ — كامىل قۇدۇق باشلىقىدىن سورىدى.

— كۆمۈر قېزىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن تاشلىۋەتكەن، قانداق دەيسىز؟ — قۇدۇق باشلىقى ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— مەن ئالدىنقى ئايدا داۋاننىڭ كەينىدىكى ئازادلىقتىن بۇرۇن كولانغان بىر كۆمۈر قۇدۇقىغا چۈشۈپ كۆرۈپ باققانىدىم. ئۆزۈم سىزغان ھەرقايسى قۇدۇق ئىش ئورۇنلىرىنىڭ جايلىشىشىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىگە قاراپ ھېسابلىسام، ئۇنىڭ كۈنچىقىش تەرەپكە سوزۇلغان بىر يولىنىڭ ئاخىرى دەل شۇ تاشلىۋېتىلگەن تۆتىنچى نومۇرلۇق ئىش ئورنىنىڭ ئاستىدىكەن.

— مەن ئۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن قاراپ بېقىپلا قورققان. سىز قورقماي كىردىڭىزمۇ؟ — ئىمىن ھەيران قېلىپ سورىدى.

— راست، ئاغزىدىن قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىكەن. مەن كان رايونىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىش، ئازادلىقتىن بۇرۇن كۆمۈرنى قانداق ئۇسۇلدا قازغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىپ چۈشكەنىدىم. ئۇ چاغدا ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقاندەك بۇرغا، پارتلىتىش دورىسى بولمىغاچقا كۆمۈرنىلا چوقۇپتۇ، تاش بىلەن ئانچە كارى بولماپتۇ. مەن كۆرگەن قۇدۇقنىڭ ھېلىقى يېرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇيۇل قۇرام تاشلار ئارىلىرىدا بەزى يېرى بىر ئىلىك، بەزى يېرى ئۇنىڭدىن تارراق يانتۇ چاك بار ئىكەن. مېنىڭچە بۇ چاك كونا تۆتىنچى نومۇرلۇق ئىش ئورنىدىمۇ بار. لېكىن ئۇ چاك-دەزلەر كۆمۈر، تاش توزانلىرى بىلەن پۈتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بىز ئۇ يەرنى بىر قۇر تازىلىۋېتىپ، سۇ قويۇپ باقساق مەلۇم بولىدۇ. چوقۇم چاك بار. بىز شۇ چاكلارغا بىر مېتىر ئارىلىق قويۇپ ئىككى يەردىن، ئەڭ ياخشىسى، 50 سانتىمېتىر، بولمىغاندا 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بۇرغىلاپ، ئازراقلا دورا قاچىلاپ پارتلىتىمىز، كۈچسىز دورا قۇرام تاشلارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئەمما يېرىقتىكى توپا-چاڭلارنى ئۈستىگىمۇ، ئاستىغىمۇ پۈركۈپ چىقىرىۋېتىدۇ.

— بىلدىم، بىلدىم. شۇ يېرىقتىن سۇنى تۆۋەنگە ئېقىتىۋېتىمىز دەيسىزغۇ دەيمەن، — قۇدۇق باشلىقى گويا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يىراقتىكى بىر ئادىمى توغرىلىق بەختسىز خەۋەر ئاڭلاپ غەم-غۇسسىدە يۈرگەندە، قايتىدىن خۇش خەۋەر كېلىپ، كۆڭلىدىكى قايغۇ تۇمانلىرى تارقاپ، شادلىق ئاپتىپى پارلىغاندەك ئىچ-ئىچىدىن شادلانغان ھالدا تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— شۇنداق بولسۇنمۇ دەيلى، — ئىمىن تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك ھالەتتە

سوردىدى، — بىز چاكىنى ئېچىپ بولغۇچە سۇمۇ كۆپىيىپ بولىدۇ، ئاندىن بىز ئاردىلىقتىكى بىر مېتىرچە ئېگىز دۆمبەلنى يونۇپ بولغىچە ...

— ئىككى ئىشنى تەڭلا باشلايمىز. ئىككى ئادەم يېرىقىقا بۇرغا سېلىۋېردۇ. تۆت ئادەم دۆمبەلگە ئىككى قاتاردىن يىلان باغرى شەكلىدە ھەر 50 سانتىمېتىردا بىر بۇرغا سالىدۇ. 30 سانتىمېتىر كولاشىلا كۇپايە، دورىنى جىقراق قاچىلاپ پارتلاتساق، يېقىن ئاردىلىقتىكى پارتلاش بىر-بىرىنى كۈچەيتىپ، تاشنى چوقۇم چاك-چېكىدىن پارچىلىۋېتىدۇ. قوزغىۋېتىلگەن تاشلارنى كولاپ چىقىرىۋېتىشكە كۆپ بولسا يېرىم سائەت كېتەر. كونا تۆتىنچى نومۇرلۇق ئىش ئورنى قۇدۇق بويىچە ئەڭ پەس بولغاچقا، سۇ شۇ تەرەپكە ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەلكى خېلى ئۇزۇنغىچە سۇ قۇدۇقتا پومپا ئىشلىتىشكە ھاجەتمۇ قالماس!

— باركاللا، ئۇكام!

— بىلىم دېگەنزە ... !

— ۋاقىت ئۆتمىسۇن، سىز، — ئىمىن مۇدىر قۇدۇق باشلىقىغا قاراپ دېدى، — بۇرغۇچى ۋە پارتلاتقۇچىلارنى بەلگىلەڭ، كامىل بىلەن ئىككىمىز ھازىر بېرىپ تاش، كۆمۈر قالدۇقلىرىنى سۈپۈرەيلى.

قۇدۇق باشلىقى جىددىي لېكىن خۇشال ھالدا ئون ئىككىدەك ئىشچىنى كونا تۆتىنچى نومۇرلۇق ئىش ئورنىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئالتە بۇرغۇ بەس-بەس بىلەن تاغ باغرىنى تېشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ شىددەتلىك تېز ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان دىرىلدىگەن تىترەتكۈچ سادا سۇنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.

7

سايىمنىڭ ئۆزى دەرەخ ئارىسىدا، كۆزى يولدا ئىدى. ئۇ ئاسىمنىڭ شەھەردىن چىقىشىنى كۈتمەكتە. ئۇ مۇشۇ دەرەخلىكتە ئولتۇرغىلى تويپتوغرا ئىككى سائەت بولدى. يىراقتىن ماشىنىنىڭ ئۈنى ئاڭلانسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بويۇنداپ قارايتتى. لېكىن ئۇ كۈتكەن ماشىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كۈتكىنى كانىنىڭ قىزىل سىرلىق قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئىدى. كانغا تېخى بىرەر كىچىك ماشىنا بېرىلمىگەچكە، ئاسىم شەھەرگە بىرەر ئىش ياكى يىغىنغا بارماقچى بولسا، كاندا تاسادىپىي ھادىسە چىقىپ قالسا ماشىنا كېرەك بولۇپ قالار، دەپ ئويلاپمۇ قويماي، يوغانلا بىر ماشىنىغا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ھايدىتىپ كېتەتتى. ئاخشاممۇ شۇ ماشىنىدا كەتكەنىدى. ئۇ قاتتىق سېمونىتتا ساغرىسىنىڭ ئاغرىشىغا چىداپ ئىككى سائەت ئولتۇردى. ئاسىمنى ساقلاپ يەنە بىر كۈن ئولتۇرسىمۇ چىدايتتى، ئەمما بىر ئىشقا چىدىيالمىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراشلىرى ئىدى. ئىشخانا بىناسى ئالدىدىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قارىشى «ھە، دوپپاڭ سۇغا چىلاشتىمۇ؟» دېگەندەك بىلىنىپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئاسىم كەلگەن

ھالەتتىمۇ شۇنچە ئادەملەرنىڭ كۆزىچىلا ئۇ نېمە دېيەلىسۇن؟ يەنىلا ئىشخانىغا كىرگەندە ئېيتقان ياخشىراق. ئەمما باشقىلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن دەپ قويسىچۇ؟ ئۆزىنىڭ خىيالىدىن بوي-بېشى تىكەنلەشكەندەك تىترەپ كەتتى. ياق، چەتكىرەك بېرىپ ساقلاپ تۇراي. بۇ يەردىكى ئىشلاردىن تۇنجى گەپنى مېنىڭدىن ئاڭلىسۇن. ئۇ شۇنداق ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۈنچىقىش تەرەپكە ماڭدى. كىشىلەر كەينىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈۋاتامدىكىن، دەپ پات-پات كەينىگە قاراپ قويۋاتتى. يولدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىچە خۇدۇكسىنىپ، يول ياقىسىدىكى بۆك جىگدىلەر ئارىلاش تىكىلگەن نەچچە قاتار تېرەكلىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ماڭدى. ئالاھەزەل بەش يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن بۆككىدە باغجانلىغان تال، جىگدىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قىردا ئولتۇردى. مانا سائەت ئون بىرمۇ بولدى. ئاسىم تېخىچە چىقمىدى. سايىمنىڭ كۆڭلىدىن ھەر خىل خىياللار كەچتى. سۇ قۇدۇقتىكى ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسا... ئاچچىقىدىن كەلمەيۋاتامدۇ-يا؟ سايىمنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ، كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس ئىدى.

سايىم دەل مۇشۇ تال-جىگدىلىككە كېلىپ ئولتۇرغان چاغدا، ئاسىم ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى روزى سالىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىدى.

— بايا كانىغا ماڭاي دەپ تۇرسام تېلېفون كېلىپ قالدى. چاتاق بىر ئىش بوپتۇ،— دېدى ئاسىم روزى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپلا.

— قانداق چاتاق ئىش بوپتۇ؟ — روزى مۇدىر ئىرەنسىز سورىدى.

— ئۈچىنچى قۇدۇقنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ، كەم بولغاندىمۇ بىر ھەپتىگىچە ئۇ قۇدۇقتىن كۆمۈر چىقىرالمىغۇدەكمىز.

— ھە! قانداق بولۇپ سۇ بېسىپ كېتىپتۇ؟ — روزى مۇدىر سەل جىددىيلەشتى.

— قانداق بولماقچى، كامىل دېگەن ھېلىقى تەنتەكنىڭ چاتىقى بولمامدۇ.

— سىز ئۇنى بىرىنچى قۇدۇقتىلا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنتىڭىزغۇ؟

— شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، بەزىلەرنىڭ يەل بېرىشى بىلەن كۆپكەن تۇپتەك قويغان يەردە تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن دەپ باشباشتاقلىق بىلەن قۇدۇقمۇ-قۇدۇق قاتراپ، قۇدۇق، سىمىنا باشلىقلىرىغا خىلىلا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپ يۈرگەنىدى. ئۈچىنچى قۇدۇقتا ئازراق تاش گۆمۈرۈلۈپ چۈشكىنىنى ئاڭلاپ، بىگىسىنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەپتۇ دەپ ئويلىغانمۇ قانداق، ئۆزىچىلا قۇدۇققا چۈشۈپ، قۇدۇق باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، خىيالىغا كەلگىنىچە ئىش قىلىپ شۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپتۇ. تېخى يەنە 15 مىڭ يۈەنلىك بىر سۇ پومپىسىنى كېرەكتىن چىقىرىپتۇ. بۇ ئاپئاشكارا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق.

— ئاڭلىسام ئىككىنچى قۇدۇقمۇ گەپ تېپىپ يۈرگىدەكقۇ؟

— بۇنى بىر دېمەڭ. ھە دېسىلا ئىككىنچى قۇدۇقنى ئۆزلىرىنى كۆرسىتىۋېلىش، ئۆرلەشنىڭ شوتىسى قىلىش ئۈچۈنلا قۇرغانىكەن. ئەمەلىيەتتە كەتكەن ئىقتىسادنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ چىقىرىپ بېرەلمىگۇدەك. قۇدۇق قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئۆز چۈنتىكىنىمۇ ئوبدانلا تولدۇرۇپ ئېلىشىپتۇ، دەپ يۈرۈپتۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىرى ئارسلان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## سۆيگۈ بوياقلىرى

### ئاق ئۈجمە دەرىخى

يىلدا يەيدۇ ياپراقلىرىنى،
مېۋىسىنى قۇشقاچ ۋە ئادەم.
ئوغرىلار قىش تەڭگىلىرىنى،
نەشتەر سانچار شىۋىرغانمۇ ھەم.

دەسسەلگەچكە پاتاڭلىرى كۆپ،
ئۆسەلمىگەن تېرەكلەردەك تىك.
ساڭگىلىغان شاخلىرى پەسكە،
مېۋىلىرى يېيىلگەچ ئېگىپ.

قەدىناس ئۇ قەدىم ھويلىغا،
يىلتىزىدا ئۇخلايدۇ باھار.
ئاشۇ ئۈجمە مېنىڭ قەلبىمنىڭ
زوق-ئىشقىنى ئۆزىگە تارتار.

### تەكلىماكان لىرىكىسى

1

ئەتراپىڭ يېشىللىق، باغرىڭ قۇم، قاقاس،
شېكەرسەن خۇددى كۆك تاۋاق ئىچىدە.
قىش كۈنى مۇز سوغىسەن، تومۇزدا قاقاس،
لۇر سۆيۈپ ياتىسەن كۈندۈز-كېچىدە.

سەندە بار ساناقسىز بارخان چوققىسى،
شاماللار دۈۋىلەپ رەت-رەت قوپۇرغان.
ئۇ مىسلى تۈمەن مىڭ تۆگە لوكىسى،
كۆزگە قۇم تۇسىدە تاشلىنىپ تۇرغان!

مۈكچەيگەن قەدىمىي قېرى توغراقلار،
قۇرۇغان قومۇشلار ئېغاڭلار سولغۇن.
سەھەر-كەچ بەئەينى چوغلۇقتەك چاقنار
شەپەقنىڭ رەڭگىگە چىلىنىپ يۇلغۇن.

باغرىڭنى كەزگەندە سەۋدايى بوران،
پەرىشان خىيالدەك ئاقىدۇ قۇملار.
ۋە بارخان دۈۋىسى كۆچىدۇ سەرسان،
كۆچكەندەك ئېقىنى بويلاپ دولقۇنلار.

ۋىلىلداپ گاھ يالقۇن، گاھى ئېقىندەك،
ئازدۇرماق بولىدۇ كارۋاننى ئالۋۇن.
باقساق ئۇ كۆزۈنەر شۇنچە يېقىندەك،
يەتكەن يوق ئۇنىڭغا ھازىر ۋە بۇرۇن.

نەگىدۇر تاپ بېسىپ چاپار توپ جەرەن،
بولغاندەك يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى.
سۆكسۆكنىڭ يېنىدا ئۇخلايدۇ بۆجەن،
چۈشىدە يىلتىزنى كولايدۇ ئېسى.

شەرقىڭدىن ئۆرلىگەن ساياھەتچى كۈن
ھارىدۇ غەربىڭگە يەتمەستە تېخى.
ئاسمانىڭ كۆزلىرى چىمىلدار ھەر تۈن،
رەڭ تۈزگەن جامالىڭ تالدۇرغان چېغى.

سېنىڭدە مۆجىزە، تىلسىملار تولا،
ساناقسىز قۇملىرىڭ دانىچىلىرىدەك.
قۇياشقا ئەگىشىپ ۋە تاشلاپ شولا،
ھېسلىرىم ئۇستۇڭدە ئۇچۇرتتى لەگلەك...

2

قار بەردى ۋە تۆكتى يامغۇرنى ئاسمان،
ئەزەلدىن تارىمنى كەلدىڭ سۇمۇرۇپ.
شۇندىمۇ يۈزۈڭگە يۈگۈرمىدى قان،
كەتمىدى چاڭقاقلىق سەندىن سۇرۇلۇپ.

سەپەرۋەر ئەيلىدىم كەڭرى جاھاننى،
ساڭا بار بۇلاقلار ئىچكۈزسە زەمزەم؛
ئۇتلىساڭ ۋە يەنە تۆت چوڭ ئوكياننى،
قانارمۇ ئەسىرلىك تەشنالىقىڭ ھەم...

3

بويۇڭدا تۇرىمەن ۋەسلىڭگە قاراپ،
ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلەر بالىلىق.
قەلبىمنى سۆيۈنۈش ۋە زوققا ئوراپ،
ھېسسىمنى غىدىقلار بىر سەبىي قىلىق.

مۇھەممەتسەئىدى مەتقاسىم

سەن بىلەن قوشنىدۇر مېنىڭ مەھەللەم،
قۇملىرىڭ دۆۋىسى كۆزۈمگە تونۇش.
گۆدەكلىك چاغلىرىم ئۆتتى قوينۇڭدا،
بالىلىق...
مۈمكىنمۇ، ئاھ، ئۇنى ئۇنتۇش؟!

ئۈزۈپ دەريادا دولقۇنلار بىلەن،
ياتاتتىم كۆكسۈڭگە باغرىمنى يېقىپ.
سىردىشىپ يۇلغۇنلار ۋە قۇملار بىلەن،
كېلەتتىم قوينۇڭدىن سۆكسۆكلەر يىغىپ.

مۆكۈشمەك ئوينايتتۇق قۇمۇشلۇقۇڭدا،
كېچىنى يېتىلەپ چۈشكەندە گۇگۇم.
يۇلتۇزنى سانايتتۇق يېتىشىپ ئوڭدا،
قوشاقلار ئېيتاتتۇق سانىشىپ بوغۇم.

سەن گويا بالىلىق ئالبۇمى مېنىڭ،
ھەر بىر قۇم دۆۋەڭدە بىر سۈرىتىم بار.
ھەر كەلسەم يېنىڭغا، ۋۇجۇدۇڭ سېنىڭ،
تۆگمەس ئىلھامنى قىلار يادىكار!

## ئىككى شېئىر

مەن ماڭغان بۇ يول...

دادامنىڭ چاچلىرى گويا كۈمۈش سىم،
كۆزلىرى قۇتۇپنىڭ يۇلتۇزى سۈپەت.
ئۇ ھايات يېغىدا نۇر تۆككەن قۇياش،
ھۆسنىدە بەرق ئۇرار ئالەمچە نۇسرەت.

سۇمباتلىق بەستىگە تاشلىسام كۆزۈم،
كۆرگەندەك بولىمەن بوغدا تېغىنى.
قىلىچنىڭ بىسىدىن ئۆتكۈرلۈك ئالغان،
قاپلىغان شىر كەبى قۇدرەت تېنىنى.

مەن ئاشۇ دادامنىڭ ئىز باسار نەسلى،
ئوخشايمەن ھەم ئۇنىڭ ياش ۋاقتىغا بەك.
ئۇ باسقان ئىزلارنىڭ نۇسخىلىرىغا،
يۈرىكىم بىر نەققاش، تۇتماقتا جىيەك.

دادامنىڭ چېھرىدە پارلايدۇ باھار،
مەنمۇ ھەم دادامدەك ئىللىق خۇش چىراي؛
ۋە لېكىن مەن ماڭغان مۇشۇ چىغىر يول،
دادامنىڭ يولىغا قالدى ئوخشىماي.

### يىلىلارغا بېرىلگەن ئىزاھ

تارىمنىڭ رەڭگىدەك قىزغۇچ يۈزۈمگە،
ئوت كەتتى چوغ بولۇپ كۆيدى قىپقىزىل.
يۈرىكىم ماگىمىغا لىق تولدى پەۋەس،
يىلىلارنىڭ ئالدىدا بولدۇم مەن خىجىل.

جىلۋىلىك بىر باھار ۋە قاردىن كېيىن،
تارقىدى قەلبىمدىن ئىنسانىي يۇراق.
زەھەرلىك شارابنى يۇتماسمەن ئەمدى،
تاپقاچقا پىنھاندىن زۇمرەتتەك بۇلاق.

كۆز پەسلى، يىلىلارنىڭ يەڭگىل شامىلى،
ياپراقلار تاشلىدى ئۆمرۈم بەرگىدىن.
ئاھ، ئاشۇ مەنىسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم،
يىرتىلدى ئۆمرۈمنىڭ گۈل دەپتىرىدىن.

چىقمىغاچ ئۈنىگدىن ئەڭ گۈزەل بىر بەت،
يۈرىكىم ھەسرەتتە ئاچچىق دۈپۈلدەر.
ئاھ، ئاشۇ كۆڭۈلسىز ھايات بېغىمدىن،
ھە، ئەمدى گۈللەرنىڭ ھىدى گۈپۈلدەر.

مەن ئۈچتۇم پەر قېقىپ يۇلتۇزلار ئارا،
يېڭى بىر غايىنىڭ ئۇربىتىسىغا.
بەرمەيمەن ئالتۇندەك گۈزەل ياشلىقنى،
ئۆمرۈمنى ئېپ قاچقان يىل ئوغرىسىغا.

مەنىسىز ئۆمرۈمگە پەقەت بىر كۈنۈم،
يىلىلارنى خىجىل قىپ بېرىدۇ جاۋاب.
بولىدۇ ئۇ مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم،
چالارسەن شۇ چاغدا بەختىمگە راۋاب.

**كېرىمجان سۇلايمان**

## شېئىرلار

### ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرار لىرىكا...

ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرار لىرىكا،
گويىاكى سارغايغان گۈل بەرگى يۈزى.
دەلقۇنلار كۆكسىدە ئاچچىق كەچمىشلەر،
چۈشەكەر يامغۇرنى يومۇلغان كۆزى.

ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرار لىرىكا،
تارتىدۇ پېشىدىن مەسۇم بىر قىزچاق.
قالسىمۇ ئادەملەر شالاڭلاپ يولدا،
ئورنىدىن تەۋرەپمۇ قويماس ئۇ بىراق.

ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرار لىرىكا،
ئاھ، مىسكىن ھالىتى ئېزەر يۈرەكنى.
بەلكىم، ئۇ تۇرغاندۇ بىراۋدىن كۈتۈپ،
چۈۋۇلغان چېچىدەك سەرسان تىلەكنى.

### مۇساپىر جەسەت

قەبرىسىنى پاچاقلاپ بوران،
كېپىنىنى قاچتى ئوغرىلاپ.
قىلىپ قويدى قۇرۇق ئۇستىخان،
ئېچىرقىغان تۇپراق غاجىلاپ.

### ئۇسسۇل ئوينار لەيلەپ پەرىزات

چاقنار زالدا رەڭگارەڭ چىراغ،
نۇر چەمبىرى ياساپ قاتمۇقات،
ئۇچار لەرزان دولقۇنسىمان كۈي،
ئۇدارلاردىن تۆكۈپ تىلسىمات.

بەللىرىنى تولغاپ ئەۋرىشىم،
ئۇسسۇل ئوينار لەيلەپ پەرىزات.
ھەسەن ـ ھۈسەن كۆلگەن بوشلۇقتا،
گويىاكى توز يايغاندەك قانات.

چاۋاك چېلىپ تاماشىبىنلار،
ئالقىشلىشار زوق - ھەۋەستە شاد.
لېكىن، بۇتتەك بىرلا يىگىتنى،
باسقان شۇنچە ئېغىر سۈكۈنات.

بەلكىم، شۇ تاپ ئەسكە سالغاندۇ،
سۆيگىنىنى ئاشۇ پەرىزات.
تارتىپ قويغان يا كۆل رەڭ پەردە،
كۆزلىرىگە سېھىرگەر ھايات!

### ئەسلەش

ئۆتۈپ كەتتى ئالدىمىدىن دەريا،
تولۇن ئاينى قۇچاقلاپ مەھكەم.
ئاھ، يۈرىكىم قالدى ئېسەدەپ،
سېنى ئەسلەپ كىچىك پەرىشتەم!

### كەشتىچى قىز

كىرپىكلىرىم ياتار چىرمىشىپ،
قولۋىقىمنى ئەللەيلەر دېڭىز.
چۈشلىرىمنىڭ كۆلەڭگىسىدە،
كەشتە توقۇپ ئولتۇرار بىر قىز.

### كەتمەن

قېرىپ كەتتى، ئۇزاق ئەسىرلەپ،
ئىشلەۋېرىپ ئېتىزدا كەتمەن.

تىلەر ئەمدى مەڭگۈلۈك ئارام،
تەڭرىسىدىن بىچارە دەردمەن!

### قوغلىغىنىڭ پەقەت كۆلەڭگەم

سەن گۈل بولساڭ، تەنھا قۇش ئىدىم،
قوناي دېدىم سايراپ شېخىڭغا.
بىراق، تىكەن سانجىپ ۋاپاسىز،
قوغلىۋەتتىڭ كەلسەم قېشىڭغا.

قان تامچىتىپ ئاق پەرلىرىمدىن،
ئۇچۇپ كەتتىم ئالالماي مەلھەم.
يېتەلمەيسەن ئەبەدى، ئەمدى —
قوغلىغىنىڭ پەقەت كۆلەڭگەم.

### مەن ئۈچۈن سەن ئەمدى ئۇنتۇلغان بىر چۈش

بىلمەيمەن، قانداقچە كىردىڭ قەلبىمگە،
بىلمەيمەن، كەتتىڭ ھەم قانداقچە ئۇزاپ؟
بىلمەيمەن، يەتتىڭمۇ مېنىڭ قەدرىمگە،
بىلمەيمەن، ۋە ياكى بەردىڭمۇ ئازاب؟

بىلمەيمەن، ئىشقىمنى قىلدىمۇ ئىزھار،
بىلمەيمەن، قانداقچە بولدى سۆيۈش؟
بىلمەيمەن، ھەممىنى، بىلمەيمەن زىنھار،
مەن ئۈچۈن سەن ئەمدى ئۇنتۇلغان بىر
چۈش.

**تۇرسۇن ئابلىمىت**

## ياپراقلاردا چاقنايدۇ شەبنەم

### سۈس پىلدىرلار ئۆچمىگەن بەختىم

سۈس پىلدىرلار ئۆچمىگەن بەختىم،
ئاي نۇرلىرى تۆكۈلەر سالقىن.

ئۈنسىز ناخشا ئېيتىدۇ ئورمان،
ئاقار جىمجىت بىر زۇمرەت ئېقىن.

چۈش كۆردۇ قۇشقاچلار تاتلىق،
تۈگۈلگەنچە مۈگدىشىپ جىمجىت.

ئەسلىمەمدىن كەلگەن بەختىنى،
خىياللىرىم قىلىدۇ بىتچىت.

ئايىغىمدا يۇرگەن ئوت - چۆپنى،
سەلكىن شامال سۆيىدۇ ئاستا.
ياپراقلارغا چۈشكەن شەبنەملەر،
كۈمۈش كەبى چاقنار شۇ تاپتا.

سۈس پىلدىرلار ئۆچمىگەن بەختىم،
چۈشكۈن تۇيغۇ قەلبىمدە تەكرار.
تۇمان باسقان گۈڭگا ئورماندا،
نىگاھىنى كۆرسەتتى دىلدار.

**سەھەر سالقىن ھەم تۇمان ھاۋا**

سەھەر سالقىن ھەم تۇمان ھاۋا،
ياپراقلاردا چاقنايدۇ شەبنەم.
تىنماس بىر دەم بۇلاق ناخشىسى،
قۇلىقىمغا ئاڭلىنار بۇدەم.

**قەيسەر مىجىت**

ئەسنەر بۇ دەم ئويغانغان ئورمان،
بىر ناخشىنى ئاڭلايدۇ قۇلاق.
كەل ئومىقىم، مۇشۇ ئورماندا،
سۆيۈشەيلى تاتلىق ۋە ئۇزاق.

بۇ سۆيۈشتىن ئۇنتۇلسۇن تامام،
ئۆتمۈش ئەسكە كەلمىسۇن قايتا.
كۆز ئالدىمدا بىر يېڭى سۈرەت،
سەھەر سالقىن ھەم تۇمان ھاۋا.

زەڭگەر ئاسمان سۈزۈلەر ئاستا،
ئىت قاۋايدۇ بوغۇق ھەم ئۈزۈك.
يىراقلاردا قۇڭغۇراق ئۈنى،
جىرىڭلايدۇ يېقىملىق سۈزۈك.

يۇر، كىرەيلى ئورمان ئىچىگە،
ئويغاق قۇشلار ئېيتىدۇ ناخشا.
دەرد تارتمىسۇن ئورمان كوچىسى،
سەھەر سالقىن ھەم تۇمان ھاۋا.

## ياش يۈرەكتە سۆيگۈ - ئىشتىياق

**قىلمىۋالسۇن كۆزلىرىم كۆزەت**

تەشنالىقىم كەلتۈردى مېنى،
زۇمرەت سۇلۇق بۇلاق بويىغا.
يۈزلىرىنى يۇيار گۈزەل قىز،
ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ قولىغا.

قاراپ قالدىم بۇلاق يۈزىگە،
تارتىۋاپتۇ ئاجايىپ سۈرەت،
سۇ ئىچمىدىم، ئاشۇ سۈرەتنى
«قىلسۇن، — دېدىم، كۆزلىرىم كۆزەت.»

گۈزەل كۆرۈپ قالدى مېنىمۇ،
بۇلاقتىكى ئاشۇ سۈرەتنى.

ئوتلۇق سادا بۇلاق بويىدا،
ئۇرغۇپ چىقتى ئىككى يۈرەكتىن...

**شۇ چاغدا تۇت ۋىسال شارابى**

تېخى پۈرەك ئاتمىدى جېنىم،
ياش يۈرەكتە سۆيگۈ - ئىشتىياق،
ئۆرتىمەكتە ۋۇجۇدىمىزنى،
يېڭى ئىشق، يېڭى دەرد پىراق.

كەل گۈزىلىم، ماڭا قانات بول،
پەن كۆكىدە قىلايلى پەرۋاز.
سۆيگۈمىزدىن قالسۇن ئۆچمەس ئىز،
ئۆمۈر دېگەن بەكمۇ - بەكمۇ ئاز.

كۆللەيدۇ ئىلىم - پەن بىلەن،
ئۆمرىمىزنىڭ ئالتۇن باھارى.
گۈل - چېچەككە پۈركەنسۇن ھايات،
تۇت شۇ چاغدا ۋىسال شارابى.

### سەپەر خاتىرىسى

بۆلىنىپ دەشتى - چۆلنىڭ ئەللىيگە،
كېلىمەن تاغ ئارىلاپ داۋان ئېشىپ.
كۈن نۇرى ئۇقياسىمان كېلەر تېگىپ،
مۇڭكىشىمۇ زەربىسىدىن كەتمەك قېچىپ.

ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن لىپ - لىپ قىلىپ،
ئۆتىدۇ،
كۈندە كۆيگەن شورلۇق تۇپراق.
قەلبىمگە تۇغار سانسىز ھەۋەسلەرنى،
قۇملۇقتا تۇتاش كەتكەن قەدىم توغراق!

كۈن نۇرى قېچىپ كەتتى تاغ كەينىگە
گۇگۇملۇق قەدەم باستى ئۇزۇن يولغا.
ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ ھەمراھلىرىم
كەلمىدى كۆزگە ئۇيقۇ، چۆكتۈم ئويغا.

شورتاڭلار كۈلسە ئىدى گۈلگە تولۇپ،
ئېخ! ئۇنىڭ قۇچىقىدا قايناپ ھايات.
قەلبىمنى ئۆتتى قۇچۇپ ئارزۇ - ئىستەك
خىياللار ئاسمىنىدا قاقتىم قانات.

### ئۇ ئەلچىسى سۆيگۈ قىزىنىڭ

باللىقىم يىللار قوينىدا
ئۆتكەنىدى ئەركىن - تىنىمسىز.
مانا ئەمدى قەلبىم قەسرىنى
چەكتى بىرى ئاستا رىتىمسىز...

باللىقىم كېتىپتۇ قېچىپ،
ھەۋەسلىرىم قالدى تېگىرقاپ.
زىل ئاۋازلار سەبىي كۆلكەمنى
يالماپ، يالماپ يېڭى ئېچىرقاپ.

...

تۆردىن ئورۇن ئالدى خىياللار،
پەشلىرىگە ئېسىلىپ دىلنىڭ.
بىلسەم ئەمدى ئەلچىسى ئىكەن،
ئۇ كەلگىنى سۆيگۈ قىزىنىڭ.

### مەن سەھراغا تىكتىم كۆزۈمنى

مەن يىراق سەھراغا تىكتىم كۆزۈمنى،
گۈل يېزام كۆزۈمگە چېلىقامدىكىن؟
تاڭ سەھەر، شامالغا تۇتتۇم يۈزۈمنى،
شامallar پەرىگە يولۇقامدىكىن؟
ئەۋەتتىم يارىمغا ئوتلۇق سۆيگۈمنى،
شامallar ھىدىمنى پۈرۈتامدىكىن؟
تەلپۈنۈش، سېغىنىش ئالدى قەپەسكە،
قەلبىمنى، ياق جىسمىم پادىشاھىنى.
يازماق بەك تەس بولدى ئاھ! ئاق قەغەزگە
تەسۋىرلەپ يار ئۈچۈن چەككەن ئاھىمنى.
قارايمەن سەھراغا ئەجرىمگە لايىق
كۆرسەمتىم نىگارنىڭ ئاي جامالىنى.

### پاك سۆيگۈمىز

يۈرىكىمىز سوقتى پاراللېل،
بىز ئىككىلەن روبىرو تۇرساق.
سەن بىلمەيسەن، مەنمۇ بىلمەيمەن،
لەۋ يېقىشىش بولىدۇ قانداق؟

بىزنىڭ سۆيگۈ يولىمىز تۈپتۈز،
ھەم پاراللېل بۇنىسى ئېنىق.
لېكىن مۇنداق قانۇنىيەت بار،
(ئۇچراشمايدۇ پاراللېل سىزىق).

كۆڭلۈك يېرىم بولمىسۇن دىلدار،
پاك سۆيگۈمىز ھەممىگە قادىر.
ئىككى يۈرەك - ئىككى تۈز سىزىق،
بىر نۇقتىدا بولىدۇ ئاخىر!

### تەگمىسىلا ھايات تەستىكى...

پەرى سۈپەت كۆرۈنۈش ئۈچۈن،
نەچچە قېتىم ياساندىڭ نىگار.
يۈز - كۆزۈڭنى بوياپسەن ئاپئاق،
ئاۋارە بوپ بىكاردىن - بىكار.

مېنىڭ ئۈچۈن بۇنداق گۈزەللىك،
مۇھەببەتنىڭ ئەمەس دەستىكى.
بولدى پەقەت تەگمىگەن بولسا،
ۋىجدانىغا يات ھايات تەستىكى...

### تەشنالىق

كۆزلىرىڭدە سۆيگۈ ئۇچقۇنى،
سۆيدۈرمىدىڭ تاتلىقىنا بىر.
روھسىزلاندى ئارزۇ - ئىستىكىم،
غۇرۇرۇمغا كەلدى بۇ ئېغىر!

چىدالمىدىم قىلمىشلىرىڭغا،
بولۇپ قالاي دېدىم سەۋدايى.
ئەجەب قۇچاق ئاچمىدى ماڭا،
ئارزۇ قىلغان سۆيگۈ گۈلزارى.

### ئىشقىم گۈلى

بېغىشلىدىڭ گۈزەل ماڭا نەۋباھار،
ياش قەلبىمدە كەتتى گۈللەر ئېچىلىپ.
سولاشمىدى، سولاشمايدۇ مەڭگۈگە،
ئېخ، باغۋىنىم تۇرساڭ ئاڭا كۈچ بېرىپ.

پەرۋىش قىلغاچ تۈنجى ئىشق گۈلۈمنى،
گۈزەل ماڭا جىلۋە بىلەن قارايسەن.
باشقىلارغا ئۈزدۈرمەيمەن مەن ئۇنى،
چىرايلىقىم، ئۇنى سەنلا پۇرايسەن.

### سەلەپ

يامغۇر ياغدى، يۇيۇندى تاغلار،
سۇلىرىنى ئېقىتتى پەسكە.
ھەر ئېدىردىن چىققان ئېقىنلار،
ئاھ! ئايلاندى ئاخىر سەلەپكە.

شاۋقۇن ياساپ كەلمەكتە سەلەپ،
ساي باغرىنى قىلىچتەك تىلىپ.
سۇرگۈن بولۇپ كەتمەكتە چاتقال،
بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغا تىقىلىپ.

### سىر

قاپقىنى تۈردى كۆك ئاسمان،
قوغلاپ يالقۇن پەرىشتىسىنى.
كۆز ئالدىدا قىلدى نامايان،
قارا رەڭلىك خەرىتىسىنى.

ماسشتابقا تىكىلدى بىردىن،
يەرگە دەھشەت تۆكتى سۈيىنى.
دېڭىز - ئوكيان كۆرۈندىمۇ تار،
ئۇپۇقلارغا چاچتى ئۆزىنى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

## خىلۋەتتىكى ئەكس سادالار

### سەھرالىقلار ...

ئۆگەنگەنمۇ ئاي ۋە قۇياش سىلەردىن،
ئۈلگە ئېلىپ سېخىيلىقنى - مەردلىكنى.
نېمانچە كەڭ دەيمەن كۆڭۈل - كۆكسۈڭلار
جەم قىلغانمۇ ياكى بارچە كەڭلىكنى.
ئۇلۇغلىقتا سىلەر ئۆزى دەل خىزىر،
بەلكى ئۇندىن ئۆتەراق بىر سېھرىگەر،

ئاقسۇن نەگە ئەگەر تامچىپ تېرىڭلار،
بوستان بولۇپ شۇ يەر گۈلگە پۈركىنەر.

بىكارچىلىق ساراڭ قىلار،
تۈندىمۇ
چۈشەيسىلەر تاغلار بىلەن چېلىشىپ.
سىلەر باسقان ھەربىر قەدەم ئىزلاردىن
چىقار قۇياش كۈندە پارلاپ، نۇر چېچىپ.

بوۋاي

قەدەم ئېلىپ گاھ ئۇزۇن - قىسقا
كېتىپ بارار بىر بوۋاي يولدا.
ئېگىز ھەم پەس چوقۇلۇپ يەرگە،
ھەرىكەت قىلار ھاسىسى قولدا.

ماڭغانىمىدۇ ئاجىز تېنىنى
سۆرەپ مۇنچە گۆرگە ئالدىراپ؟
ياق، قورقىتىپ ئەزرائىلنى ئۇ
بەلكىم ماڭغان ئالدىغا قاراپ.

راست، قورقىتىپ ئەزرائىلنى ئۇ
ماڭغان چوقۇم ئالدىغا قاراپ.
تىنىمقىلىرى ئۇپۇقنى سىپاپ
تىترىتىدۇ تاغلارنى شۇتاپ.


بۈۋىھەجەر ئارمىيە


## سۆيگۈ تولدۇرۇپ

سۇندۇڭ قەدەھكە سۆيگۈ تولدۇرۇپ،
نائىلاج تەگكۈزدۇم لېۋىمگە ئاستا.
تەقەززا بولغانتىم مەن ساڭا باشتا،
يېتەلمەي ۋەسلىڭگە كۆزلىرىم ياشتا.
مەقسىتىڭ ئۇقالماي قالدىم ئويلىنىپ،
ۋۇجۇدۇم ئوت ئېلىپ كەتتىم تولغىنىپ.

يەتتىمۇ ئاھ - زارىم سېنىڭ دىلىڭغا،
كۆز قىرىڭ سالماستىن كەتكەندىڭ ھېلى.
دېگەنتىم تاش يۈرەك ئىكەنغۇ دىلى،
نە ئەرمان زۇۋانىغا كەلسىچۇ تىلى.
پايانداز سالايمۇ كەلگەن يولۇڭغا،
زەر - ئۈنچە چاچايمۇ كەلگەن يولۇڭغا.

كۆرسىتىپ يۈرمىگىن ئۆزۈڭنى غالىب،
ئەي نىگار ئىشقىڭدا يېگىپ سەن مېنى.
كۆل بولاي دېدىممەن ئوتۇڭدا كۆيۈپ،
جۇدالىق دەشتىگە تاشلىما مېنى.
ئۇۋالىم تۇتىدۇ بىر كۈنى سېنى،
ئىزھار قىل قەلبىڭنى قىينىما مېنى.





ئابدۇقادىر سادىر

(ھېكايە)

1

نويابىرنىڭ دەسلەپكى ھەپتىسى، ئەتىگەن ھاۋا ئوچۇق ئىدى. قورۇنىڭ غەربىي تېمىدىكى دېرىزە ئەينەكلىرىدە ئەكس ئەتكەن نۇر چېقىندىلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆز چاقنىتاتتى. ئىشقا چۈشۈش ئالدىدىكى شاپۇر - شۇپۇر، تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار ئەمدىلىكتە پەسكارىغا چۈشۈپ، بۆلۈملەر جىمجىتلىققا چۆككەن. ھەممەيلەن كەسپىي ئۆگىنىش باشلىۋەتكىنىگە بىر يېرىم سائەتتەك بولۇپ قالغانىدى.

مۇبادا سىز مۇشۇ چاغدا، پۈتۈن ئىدارە ئىچىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققىنىڭىزدا، بىرلىرىنىڭ ئاللىقانداق كىتاب - ماتېرىياللارنى ئېچىۋېلىپ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋاتقان، خاتىرە يېزىۋاتقانلىقىنى؛ بىرلىرىنىڭ ھېلمۇخىل فوتو سۈرەت نۇسخىلىرى ۋە ياكى گېپىس بىلەن قاتۇرۇۋېلىنغان ئىز ئەۋرىشكىلىرىنى ئالدىغا تىزىۋېلىپ، نېمىلەرنىدۇ تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى؛ يەنە بىرلىرىنىڭ بولسا بازغىشىپ قالغان خورازلاردەك بىر - بىرىگە ھۈرپىيىشىپ، ئېلىشىش، مۇشتلىشىش، تاقابىل تۇرۇشقا ئوخشاش قوغدىنىش ھەرىكەتلىرىنى مەشق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز.

ئەپسۇسكى بۇ قىزغىن كەيپىيات ئۇزۇنغا بارمىدى. مەن پەردىلىرى تولۇق ئېچىۋېتىلگەن دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، «جىنايى ئىشلار رازۋېتكا ئىلمى» دېگەن كىتابنى تازا بېرىلىپ ئوقۇۋاتاتتىم. ئۇشتۇمتۇت جىرىڭلاپ كەتكەن ئېلېكتىر قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى كەيپىمنى بۇزدى. بۇ ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك جەڭ سىگنالى بولۇپ، پەۋقۇلئاددە جىددىي يىغىلىشلار

بولمىسا، ئادەتتە ئىشلىتىلمەيتتى. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، شۇ ھامان يىغىن زالىغا ھازىر بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى.

مەن ئىلاجىسىز كىتابىمنى شۇ يەردىلا يېيىپ، زالغا يۈگۈردۈم. ھايال ئۆتمەيلا يىغىن زالى لىققىدە تولدى. ھەممىمىز تەئەججۈپ ئىلكىدە ئىدارە باشلىقىغا قاراشتۇق. ئۇ ھەممىمىزگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇنۇلارنى جاكارلىدى:

— بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 9 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئۇدۇلىدا غەلىتە بىر ۋېلىسىپىت ۋەقەسى يۈز بەرگەن. ۋەقە جەريانىدا بىر سومكا بىلەن ئەللىك بەش مىڭ يۈەن نەق پۇل بۇلاپ كېتىلگەن! ھازىرقى ئىنكاستىن قارىغاندا، بۇلاپ كېتىلگەن سومكا ياكى بۇلاڭچىنى ھېچكىم سېزەلمىگەن. ئەمما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۈچ مىنۇت ئىلگىرى بانكىدىن ئەللىك بەش مىڭ يۈەننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق. شۇڭا پۇلنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئامانلىق قوغداش ۋە قاتناش ئەترەتلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، چوڭ-كىچىك قاتناش ئېغىزلىرىنى دەرھال قامال قىلسۇن! يېقىن ئەتراپتىكى يېزا-بازار پەيچۇسولىرى ۋە جايلاردىكى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن چەت-ياقا يوللار ۋە شەھەر سىرتىدىكى يالغۇز ئاياغ يوللار، جۈملىدىن جىنايەتچى پاناھلىنايدۇ، دەپ قارالغان بارلىق جايلار نازارەت ئاستىغا ئېلىنسۇن! قالغان ئىچكى ئىشلارنى جىنايى ئىشلار رازۋېتكا ئەترىتى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. تارقىلىڭلار!

ئەللىك بەش مىڭ يۈەنلىك بۇلاڭچىلىق توغرىسىدىكى خەۋەر مېنى ھەممىدىن بەك گاڭگىرىتىۋەتتى. قانداق دېلو بولدى بۇ؟ يانەق مەيدانى بولمىسا، يا بۇلاڭچىنى سەزگەن كىشىنىڭ تايىنى بولمىسا، بۇنى پاش قىلىشمۇ بىر گەپ بولغۇدەك...

— تاك ... تاك ... تاك!

ئىدارە باشلىقىنىڭ تەرتىپكە چاقىرغان تاك-تاك ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. بۇ چاغدا باشقىلار تارقىلىپ، رازۋېتكا ئەترىتىدىكى ئون نەچچىمىزلا قالغانىدۇق.

— قېنى، — دېدى ئىدارە باشلىقى بىزنى جەملىگەچ، — ئەمدى ئاساسىي ئىشىمىزغا كېلەيلى. بۇ دېلوغا كىمنى ئىگە قىلىمىز؟

ئۇنىڭ بۇ گېپى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك، ئۇ، بۇ دېلونى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللۇقىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ، دېمەكچى ئىدى، شۇڭا بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغىلا ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن پېشقەدەم رازۋېتچىك تاھىر ئاكىنى كۆرسەتتۇق.

تاھىركام 55 - 56 ياشلارغا كىرگەن ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق پېشماق، سالماق ئادەم بولۇپ، 50 - يىللارنىڭ بېشىدىلا مۇشۇ ئىدارە قارىمىقىدىكى قوراللىق ساقچى ئەترىتىگە جەڭچى بولغان. 1960 - يىلدىن كېيىن ج خ كەسپىگە ئالمىشىپ كەلگەن پېشقەدەم ج خ خادىمى ئىدى. ئادەتتە كەسپىي خىزمەتكە، بولۇپمۇ رازۋېتكا ئىشىغا پىششىق، تەجرىبىلىك بولغاچقا، ئىدارە باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ سۆزىمىزلا قارارىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى قايسى ئىشقا كىمنى تاللىۋېلىش، تاللانغانلارغا ۋەزىپە بۆلۈپ

بىرنىشتەك كونكرېت ئىشلار ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ئۇ تاللىۋالىدىغان خادىملارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ كېلىپ مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارغاندا، ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. تاھىركام مېنىڭ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغىنىمنى كۆرگەن بولسا كېرەك، ئىسمىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قويدى.

راستىمنى ئېيتقاندا، مەن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان ئىككى يىلدىن بېرى ئادەتتىكى ئۇششاق-چۈششەك دېلولارنى ئىشلەپ باققان بولسامۇ، بۇنداق چوڭ دېلولارغا تېخى قاتنىشىپ باقمىغاندىم. ھەتتا بايا يىغىن ئالدىدا ئويلىغىنىمدەك، بۇ دېلونى ئىشلەشكە قاتنىشىشنى ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. بەلكىم بۇ ئۆزۈمنى باشقىلار ئالدىدا تولىمۇ تۆۋەن، تەجرىبىسىز چاغلاپ كەتكىنىمدىن ۋە ياكى ئۆزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمنى كۆرەلمىگەنلىكىمدىندۇر. ئىشقىلىپ، نېمىلا بولمىسۇن، تاھىركامنىڭ بۈگۈنكى تاسادىپىي ئىلتىپاتىدىن خېلىلا خۇش بولدۇم.

بىز ۋەزىپىلىرىمىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال ھەرقايسى رازۋېتكا ئېغىزلىرىغا مېڭىپ كەتتۇق. مېنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قېتىم پىششۇراي، تەجرىبىگە ئىگە بولسۇن، دېگەن چېغى، تاھىركام مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ماڭا تېخىمۇ خوپ كەلدى؛ چۈنكى بىۋاسىتە قوماندىنىم يېنىمدا بولغاندىكىن، ھېچقانداق ئىشتا ئىككى يېنىمغا قاراپ قالمايمەن-دە!

— ھە، غالتەك پۇت، — دېدى ئۇ باشقىلار تارقىلىپ بولغاندا (ئۇ مېنىڭ بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان سۇيۇق ئاياغلىقىمغا ئاساسەن شۇنداق لەقەم قويۇۋالغانىدى) — ئىشلاردا ماڭا ماسلىشىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ يا بۇ يەردە چاقىرسا، ئاۋۇ يەردە ھە دەپ يۈرەرسەنمۇ؟

— سىزگە تازا ئوبدان قول-قانات بولالمىسام ھېساب ئەمەس!

— پاھ، كېپىنىڭ يوغانلىقىنى، — دېدى ئۇ يەلكەمگە پاقىلدە بىرنى سېلىپ، — ئەممازە ئوتتۇرا يولدا ھېرىپ قالساڭ بولمايدۇ جۇمۇ؟

— راستىنى ئېيتسام، بۇ قېتىم مېنى ئۆزىڭىزگە ياندىۋېلىشىڭىز بۇ كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. تاھىركا، جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىمەن.

— ھىم... — دېدى ئۇ مەمنۇن بولغان قىياپەتتە، — گېپىڭگە ئىشىنىمەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ ئىشتا كېچە-كېچىلەپ كۆز يۇممای ئىشلەشكە، گاھى ئاچ، گاھى توق قاتراپ يۈرۈشكە؛ ھەتتا كۈتۈلمىگەن خەۋپ-خەتەرلەر بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق پەيتلەردە ئايىغىڭنى چاققان، كۆز-قۇلىقىڭنى ئۆتكۈر قىلىپلا بەرسەڭ بولغىنى. قالدىسىغا باشقا يولداشلارمۇ بارغۇ...

ئۇ گېپىنى شۇ يەردە توختاتتى. ئاخىرىسىدا نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ھەر ھالدا مەندىن چىداملىق، قەتئىي ۋە ئۈمىدلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم.

— ئەمىسە، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ، — چۈشلۈك تاماققا يەنە يېرىم سائەت ۋاقىت بار. سەن بۇرۇنراق تاماق يەپ ھازىر بول. سائەت ئون بىردىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەندە دوختۇرخانىغا بارىمىز.

— زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن سۆھبەتلەشكىلىمۇ؟

— ھەئە.

شۇ گەپلەردىن كېيىن تاھىركام ئائىلىسىگە، مەن بازارغا قاراپ كېتىشتۇق.

## 2

بىزنى 17 - 18 ياشلاردىكى غوللۇق بىر سېستىرا قىز كۈتۈۋالدى. ئىككى كارىۋاتلىق بۇ ياتاق تولىمۇ جىمجىت بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى كارىۋاتتا باش - كۆزى ئاپئاق بېنىت بىلەن تېڭىۋېتىلگەن بىرسى ئۇڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش كارىۋاتتا بايىقى سېستىرا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. سېستىرا ئاغرىقنىڭ ۋاقىتسىز ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، تىنچ! دېگەن مەنىدە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ، بىزنى ھېلىقى بوش كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى - دە، پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى:

— تېخى بايىلا ئۇخلىدى، بىردەم ساقلاپ قالامسىلەركىن؟

— ھېچقىسى يوق. بىردەم ساقلايلى، — دېدى تاھىركامۇ بوش ئاۋازدا. ئاندىن سورىدى، — ئۇنىڭ يارىسى قانداقراق؟

— خېلى ئېغىر، لېكىن خەتەرلىك ئەمەس.

شۇ ئارىدا ئاغرىق كۆزىنى ئاچتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ، دەسلەپ بىر ئاز ھەيران قالغاندەك بولدى، كېيىن ئېھتىمال بىزنى تونۇدى بولغاي، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆرە بولۇشقا زورۇقتى.

— ھەي، قىمىرلىماڭ! — دېدى سېستىرا بىر چامداپلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بەك زورۇقۇپ كەتسىڭىز چارچاپ قالىسىز.

— شۇنداق، سىڭلىم، — دېدى تاھىركامۇ قوشۇلۇپ، — تىنچ يېتىۋېرىڭ.

— سىلەر سۆزلىشىڭلار. مەن چىقىپ تۇراي، — دېدى سېستىرا قىز، — ئەمما پاراڭلىشىش ۋاقتى 20 — 25 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ، بۇ كېسەلخانىمىزنىڭ تۈزۈمى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشىكنى يېنىككىنە يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— قانداق رۇقىيە، خېلى ياخشى يېتىۋاتامسىز؟

ئۇنىڭ ئىسمى رۇقىيە ئىكەن - دە، دېدىم ئىچىمدە.

رۇقىيە تاھىركام سورىغان سوئالغا ھەئە ئىشارىسى بىلەن بېشىنى يېنىككىنە تەۋرىتىپ جاۋاب بەردى، ئۇ بۈگۈنكى ۋەقە تۈپەيلى ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكەنلىكىدىنمىكىن، يا يوقاتقان شۇنچىۋالا پۇلنىڭ قايغۇ - ئەندىشىسىدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

— دەم ئېلىشىڭىزغا كاشىلا قىلىدىغان بولدۇق، سىڭلىم، — دېدى تاھىركام گېپىنى باشلاپ، — شۇنداق بولسىمۇ ۋاقتىنى كەتكۈزۈپ قويساق بولمايدۇ، بىزگە بۈگۈنكى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلەرسىزمىكىن؟

— ئىھ ... ۋايىيەي ... — رۇقىيە بوش ئىڭراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى، — سۆزلەپ... سۆزلەپ بېرەي.

— ئۇنداقتا ۋەقەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىرەك سۆزلەپ بېقىڭا قېنى.

ئاشۇ گەپتىن كېيىن ئىھمىشقىندۇ رۇقىيەنىڭ دۈپدۈمىلاق كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. ئېغىزلىرى ئۈمچىيىپ، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلاپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن ئۇ ئۇدۇلىدىكى دېرىزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ۋەقەنىڭ ئۆت-

ـمۇشنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

رۇقىيە ناھىيىلىك پاختا ـ كەندىر شىركىتىنىڭ كاسسىرى ئىدى. شۇ كۈنلەردە شىركەتنىڭ سېتىۋېلىش خىزمىتى تازا جىددىي باسقۇچقا كىرگەن بولۇپ، كۈندە نەچچە يۈز، بەزىدە نەچچە مىڭلاپ پاختىكارنى يولغا سېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى پاختا ساتقۇچىلار تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. كۈتۈلمىگەندە، كەچكە يېقىن كاسسىدىكى پۇل تۈگەپ قالدى. بۇ چاغدا بانكىغا بېرىپ پۇل ئاجرىتىپ بولغۇچە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ خېرىدارلارغا قولىدىكى پۇل ئېلىش ھۆججەتلىرىنى ئەتە ئېلىپ كېلىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ، ئەتە ئاجرىتىدىغان پۇلنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى.

— بۇ قېتىم پۇلنى كۆپرەك ئاجرىتىڭ، — دېدى شىركەت دىرېكتورى، — ئەپكەلگەن پۇل مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىسىغىچە يەتسۇن، بولمىسا ئىش ئاقساپ قالغۇدەك.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 55 مىڭ يۈەن ئاجرىتىشنى قارار قىلىپ، پۇل چېكىگە تامغا ئۇرۇشتى.

9 - نويابىر ئەتىگەن سائەت9 دىن سەل ئۆتكەن چاغ ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئېگىز ـ ئېگىز سۆۋادانلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى ئازادە ئاسفالىت يولنى ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتماقتا ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئۆز ئىشىغا ئالدىرىشىپ ئۇ ياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىۋاتقانلار ئەمدى بىر ئازسىلىككەنىدى. شۇ ئەسنادا بىر دانە سېرىق بېردىزىنت سومكىغا لىققىدە قاچىلانغان پۇلنى كۆتۈرگەن رۇقىيە بىلەن شىركەت قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى غىلاجىدىن ئۈچ قەۋەتلىك بانكا بىناسىدىن چىقىپ كەلدى. پۇل قاچىلانغان سومكا غىلاجىدىننىڭ قولىدا بولۇپ، رۇقىيە كىچىككىنە قول سومكىسىنى بىلىكىگە ئېسىۋالغان ھالدا ئۇنى يانداپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمە، غىلاجىدىن دەمسىز؟ — سورىدى تاھىركام گەپ ئارىلىقىدا، — ئۇنى مەن تونۇمايمەنمۇ نېمە؟

— ھېلىقى يوغان، سېمىز ئادەمچۇ؟ بىر دولىسى سەل پەسرەك ...

— ھە ... ئېسىمگە كەلدى ... ئۇنىڭ بۇ يەرگە پەيدا بولغىنىغا بىر يىلچە بولدىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئىككى يىلغا يېقىنلاپ قالدى. ئەسلى شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىدا ئىشلەيدىكەنمىش.

— ھە، قېنى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. پۇلنى ئېلىپ چىقتىڭلار...

رۇقىيە ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

ئۇ ئاسفالىت يولغا چىقىپلا ھېلىغىچە ئالقىنىدا سىقىمداپ كېلىۋاتقان چەك كۆتىكىنى سومكىغا سېلىۋېتىپ، غىلاجىدىننىڭ بىرسى ئېگىز، بىرسى پەس دولىسىغا قاراپ ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويىدىدە، ئۇنىڭ بىلەن ئەتەي چىقىشقۇسى كەلدى:

— سومكا بەك ئېغىرمىكەن، غىلاجىدىنكا؟

— ياقەي، جىڭغا سالسا ناھايىتى 15 - 20 جىڭ كېلەر.

— قارىسام بىر دولىڭىز پەسىيىپلا كېتىپتۇ. شۇڭغا قاراپ سومكا بەك ئېـ

غىرمىكىن دەيمەن، ھا... ھا... ھا...!

— ھە ... شەتمەلە، مېنى گەپتە چىقىر ۋالماقچىكەنسەن - دە!

— ئويىنىشىپ قويدۇم. خاپا بولماسىز؟

ئۇلار شۇ سۆزلەردىن كېيىن جىم مېڭىشتى. ئون قەدەمچە نېرىغا بارغاندا، غىلاجىدىن نېمىنىدۇ ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ رۇقىيەگە قاردى:

— ھە راست، كاپرون قەغىزىنىڭ كېپىنى قىلاتتىڭىزغۇ؟

— ۋاي راست، — دېدى رۇقىيە، — دېمىگەن بولسىڭىز يەنە بىر قېتىم كېلەركەنمەن بۇ يەرگە. بىر يولى ئېلىپ كېتەيلىچۇ!

ئۇلار يول ياقىسىدا توختاپ تۇرغان بىر كىچىك ماشىنىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى:

— مەڭ، سىز بۇنى ئېلىپ ماڭغاچ تۇرۇڭ. مېنىڭمۇ بىر سودىلىقىم بار ئىدى، شۇنى تۈگىتىپ باراي.

غىلاجىدىن قولىدىكى سومكىنى رۇقيەگە بېرىپ ئۇدۇلىدىكى ماشىنىغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى - دە، ماگىزىن تەرەپكە كەتتى. رۇقىيە سومكىنى ئېلىپ ئەمدىلا ئۈچ - تۆت قەدەمچە ماڭغانىدى، ئالدى تەرەپتىن ياشقىنە بىرسى ۋېلسىپىتنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ چىقىپ كەلدى. رۇقىيە ھودۇققىنىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتتى. شۇ چاغدا كۆتۈلمىگەن يەردىن ئارقا تەرەپدىنمۇ بىر ۋېلسىپىت كېلىپ، بىر مېتىرچە ئالدىغا ئۆتتى - دە، ئىككى ۋېلسىپىت روبىرو كېلىپ قالدى. مۇبادا شۇ ھالەتتە سوقۇلۇپ كېتىدىغان بولسا، ۋېلسىپىتتەكىلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى قاتتىق زەخمىلىنەتتى. لېكىن ۋېلسىپىتلىكلەر ئۆزئارا سوقۇلۇپ كەتمەستىن، ئالدى تەرەپتىن كەلگەن ۋېلسىپىت ئىككى يېنىغا دەلدۈگۈنۈپ كەلگەن پېتى رۇقىيەگە زەرب بىلەن ئۇستى. ئىككىنچى ۋېلسىپىتمۇ شۇ يەرگىلا يىقىلدى....

رۇقىيە كۆزىنى ئاچقىنىدا، كىمدۇر بىرسى ئارقا تەرەپتىن ئۇنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان قانلارنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئەتراپنى سانجاق - سانجاق ئادەملەر ئورىۋېلىشقانىدى.

رۇقىيە ئاغرىقنى سەزمىدىمۇ ياكى ئەتراپىدىكىلەردىن ھېيىقتىمۇ، بىر - ئىككى قېتىم ئېگىراپ قويۇپلا جىمىپ قالدى. كېيىن نېمىدىنىدۇر چۆچۈگەندەك قىلىپ ئەتراپىدىن بىر نەرسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ۋارقىرىۋەتتى.

— سومكا! ۋاي خۇدايىم مېنىڭ سومكام يوق تۇرىدۇ. مېنى قويىۋېتىڭ...

ئۇ ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغان ئايالنىڭ قولىدىن بوشىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپكە يۆلقۇنۇپ باقتى - يۇ، ئۇستىخانلىرى ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك ئاغرىپ، گەۋدىسىنى ئازراقمۇ قىمىرلىتالمىدى. كېيىن كۆزلىرى بىردىنلا خىرەلىشىپ، ھوشىدىن كەتتى...

— كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدىم مەن ئالدىراپ.

— كېيىن غىلاجىدىنكاملار دوختۇرخانىغا ئەكىلىپتۇ. ئاندىن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە مەلۇم قىلدۇق دېيىشتى.

— سىز يىقىلغاندا ئەتراپىڭىزدا ھېچكىم يوقمىدى؟ — سورىدى تاھىركام.

— ئۇدۇلۇمدا بىر پىكاپ توختاپ تۇرۇپتىكەن. يېقىندا بىرەر كىشىنىڭ بار-يوقلۇقى ئېسىمدە يوق.

— پىكاپ دېدىڭىزما؟ قانداق پىكاپكەن؟

— ئادەتتىكى بېرىدىزىنت قاپلىق پىكاپقۇ دەيمەن... ياق، كەينى تەرىپىنىڭمۇ ئۈستى يېپىلىپ، پىكاپ شەكلىدە ئۆزگەرتىلگەن «TOYOTA» ماشىنىكەن. توغرا، كۆك رەڭلىك تويوتا!

— ياخشى ئەسلىدىڭىز، — دېدى تاھىركام ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — ھە، يەنە ئويلاپ بېقىڭا، بەلكىم ئۇنىڭ نومۇرىنىمۇ قاراپ باققان بولغىيتتىڭىز؟

«تاھىركامنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ، — دەپ قالدىم ئىچىمدە، — ئەجەب سومكىنىڭ دېرىكىنى قىلماي، بىر چەتتە تۇرغان ئاللىقانداق تويوتانى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىدىكىنە؟»

— ماشىنىنىڭ نومۇرىغا دىققەت قىلماپتىمەن. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنىڭ ئەينەكلىرى... ئىچىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىغان رەڭلىك ئەينەكتەك قىلاتتى.

تاھىركام يېنىدىن خاتىرىسىنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى-دە، تىزى ئۈستىگە قويۇپ: «كەينى تەرىپى پىكاپ تەقلىتىدە يېپىپ ئۆزگەرتىلگەن كۆك رەڭلىك تويوتا... رەڭلىك ئەينەك» دەپ يازدى. ئاندىن شۇ سۆزنىڭ كەينىگە يوغان قىلىپ بىر سوراق بەلگىسى بىلەن ئۈندەش بەلگىسىنى قويدى.

— ھىم ... — دېدى تاھىركام قەلىمى بىلەن بۇرنىغا يېنىككىنە چېكىپ تۇرۇپ، — سىز يىقىلغاندا سومكا قولىڭىزدىن ئاجراپ كەتكەنمۇ ياكى بىرسى تارتقاندەك قىلغانمۇ؟

— يىقىلىشتىن بۇرۇنمۇ بىلىكىمگە ئۆتكۈزۈۋالغانىدىم. يىقىلغاندىن كېيىن قانداق بولغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

— ماقۇل، — دېدى تاھىركام خاتىرىسىنى يېپىۋېتىپ، — بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. سىز خاتىرجەم داۋالىنىڭ، پۇلنى چوقۇم تاپىمىز.

3

بۈگۈنكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، گۇمانلىق ئوبيېكتنى بېكىتىش مۇزاكىرىسى كېچە سائەت ئۈچكىچە داۋاملاشتى. ئەللىككە يېقىن ئادەم بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت نەتىجىسىدىن قارىغاندا، رۇقىيە يىقىلىپ ياتقانىدا، ئۇنىڭ يېنىدا سومكىنىڭ بار-يوقلۇقى ياكى ئۇنى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھېچكىم يوق. پەقەت رۇقىيە بىلەن غۇلجىدىنىڭ بانكىدىن 55 مىڭ يۈەننى ئېلىپ چىققانلىقىلا ئېنىق ئىدى.

گەرچە بۈگۈنكى تالاش-تارتىش 6 - 7 سائەتچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، گۇمانلىق ئوبيېكتنى بېكىتەلمىدى. شۇڭا تالاش-تارتىشنى ۋاقىتنچە توختىتىپ تارقىلىپ كېتىشتۇق.

مەن ياتىقىمغا چىقىپمۇ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. باشقىلارنىڭ مېنى يېڭى، تەجرىبىسىز كۆرگەنلىكىدىنمىكىن، ياكى پىكرىمگە تازا زەڭ قويۇشمىدىمىكىن، ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىمغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرۈشمەستىنلا ئۆتكۈزۈۋەتكىنىگە ئىچىم پۇشاتتى.

ھېلىمۇ ياخشى، مېنىڭ ھېلىقى ۋېلىسىپىت بىلەن رۇقىيەنى سوقۇۋەتكەن ئىككى يىگىتنى چاقىرتىپ، رەسمىي سوراققا تارتىپ كۆرۈش توغرىسىدىكى پىكرىمگە قارىتا تاھىركام «ئۇلار بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلەشتۇق. لېكىن ئالدىراپلا تۇتۇپ كېلەلمەيمىز. بىر كىشىنى تۇتۇشتا قانۇنىي ئاساسلارغا ئىگە پاكىت بولۇشى كېرەك. ھازىرچە يەنىلا سىرتتىن كۆزەتكەچ، ئاستا-ئاستا يىپ ئۇچىنى تېپىشىمىز كېرەك» دېمىگەن بولسا، بۇ ئىشتىن رايىم بىراقلا قايتىپ قالغانمۇ بولاتتى. بۇ دېلودىكى باش جىنايەتچى زادى كىم، دېگەن پىكىر كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى.

چىراغنى ئۆچۈردۈم، كۆزۈم يېرىم يۇمۇقلۇق. لېكىن كاللامدا مىڭ خىل سوئال ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئەجەبا، دەيمەن ئۆز-ئۆزۈمگە، رۇقىيەنىڭمۇ قاتتىق ھودۇقۇپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان دەيلى. كېيىن بىردىن-يېرىمدىن توپلانغانلارنىڭمۇ دىققىتى يىقىلغانلاردا بولۇپ كېتىپ، باشقا ئىشلارغا دىققەت قىلمىغان دەيلى، ۋەقەگە بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان ئىككى ۋېلىسىپىتلىك ئېمىشقا سومكىنى كۆرمەيدۇ؟ يا بۇ رۇقىيە بىلەن غىلاجىدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىۋاتقان ئويۇنمىدۇ؟ ياق، پاكىت بۇنىمۇ رەت قىلىدىكەن. بايا بىرىسى ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئۈچ مىنۇت ئىلگىرى غىلاجىدىنىڭ ماگىزىنىدا نەرسە ئېلىۋاتقانلىقىنى، قولىدا ھېچقانداق نەرسە يوقلۇقىنى ئېيتتىغۇ، ھەي ... بۇ قانداق دېلو بولدى-ھە؟ توختا، نېمە بولسا-بولسۇن، مەن ئاشۇ ئىككى ۋېلىسىپىتچى — ئوسمان بىلەن ھېمىتنى بىر تاتىلاپ كۆرەي. نەتىجە چىقىپ قالسا دوكلات قىلارمەن، چىقمىسا، بۇنىڭدىن تەشكىلنىڭ خەۋىرى بولمىغاندىكىن ئۆتۈپ كېتەر....

كاللامغا ئاشۇ پىلان كېلىشى بىلەنلا زادىلا ياتقۇم كەلمىدى. شەيتىنىم ھەدېگەندە، ھېمىت بىلەن ئوسماننى تاپ، بىر بىرلەپ سوراق قىل، سەن دېگەن جىنايى ئىشلار ساقچىسىغۇ؟ كىم بىلەن سۆزلىشىمەن دېسەڭ بىرىسى ساڭا ھۆرت-پۆرت دېيەلمەيتتى دەپ ۋەسۋەسىگە سالاتتى. بىر تۇرۇپ ئىش ئوڭغا تارتماي بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا، رازۋېت تەرتىپىنى بۇزغان دېگەن تاپا-تەنىگە قالارمەنمۇ، دەپمۇ ئويلايتتىم.

ئاخىرى ئىلگىرىكى ئويۇم غالىب كەلدى-دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىندىم. قورالىمنى يېنىمغا قىستۇردۇم، قولچىرىغىنى ئېلىۋېلىپ ياتاقنى قۇلۇپلىدىم. تېخى ئۇخلىمىغانلار بولۇپ قالسا ئىشىمغا كاشىلا قىلمىسۇن، دەپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئاي ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ كەتكەن. كېچە خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەرىكىتىمنى سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن چىراغ ياقماي كېلىۋاتاتتىم. ھېمىتنىڭ ئۆيىگە تەخمىنەن يىگىرمە-ئوتتۇز قەدەم قالغاندا نېمىشقىدۇر قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ئاستىلاپ كەتتى. شۇ ئارىدا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتۈم. قولۇمدىكى چىراغمۇ نەگىدۇر دومىلاپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا كىمدۇر بىرسى ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدى. نەق تۇتىدىغان بولدۇم-دە! كاللامغا شۇ خىيال كېلىشى بىلەن تەڭلا بايىقى سايە ئۆتۈپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدىم. ئۇ قېچىپ كېتى-

ۋاتاتتى. ئارىلىقىمىز ئون قەدەمچە بار، ئۇ قاچىدۇ، مەن قوغلايمەن. شۇ تەرىقىدە ئىككى-ئۈچ يۈز مېتىرچە يۈگۈرۈشكەندىن كېيىن قاچقۇن چەپپىدە توختاپ، يېنىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى شىپىرلىتىپ سۇغۇرغاندەك قىلدى. مەن ئۇنى سېزىپ تۇرسامۇ قاراملىقىم غالىب كېلىپ، ئالدىغا كېلىۋەردىم. ئارىلىقىمىز بىر قەدەمچە قالغانىدى. مەيدەمگە زەرب بىلەن تەگكەن بىر پەشۋا زەربىسىدىن تۆت قەدەم-



چە كەينىمگە شوخشۇپ كەتتىم. ھېلىقى كەۋدە بولسا شۇ پېتى قاراپ تۇراتتى.

مەن يەنە ئېتىلدىم. ئېتىلىش بىلەن قولۇم كىيىمىنىڭ نەرىدۇر بىر يېرىگە ئىلىنىشىپ قالدى-دە، قاماللاپلا كۈچ بىلەن تارتتىم. جارت قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك بىر پارچە لاتا قولۇمغا چىقتى. ھېلىقى يوچۇن گەۋدىنىڭ ئاچچىقى كەلدىمۇ ياكى باشقىچە بىر غەرەزنى كۆڭلىگە پۈكتىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نەرسە بىلەن بېشىمغا قاتتىق ئۇردۇۋەتتى. پىچاق سالدى بولغاي دېدىم ئىچىمدە ھەم ئىختىيارسىز بېشىمنى سىلاپ قالدىم. لېكىن پىچاق تەگكەندەك ئەمەس. ئۈرۈك ئۇرۇقچىسى پاتقۇدەك يەر زەخىملىنىپتۇ. ئەتراپى تۇخۇم چوڭلۇقىدا ئىششىپ چىقىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى گەۋدە پارت قىلىپ يان تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئارقىدىن مەنمۇ ئېتىلدىم. بىراق نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، بىر قەدەم ئالار-ئالمايلا، گويا تاغ بېشىدىن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشتەك بىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتىم.

...يېنىمدا بىلىنەر-بىلىنمەس سۇ شىرقىرىغاندەك قىلىدۇ. ئۆزۈم ئاللىقانداق سوغۇق ھەم يېپىشقاق لاي ئۈستىدە يېتىپتىمەن. بېشىم ئارامسىز زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ. پاتقاق ئۈستىدە قانچىلىك ياتتىمكىن، بىر كەمدە بېشىمنىڭ ئاغرىقىمۇ پەسىيىپ، خېلىلا ئۆزۈمگە كېلىپ قالدىم، بۇ چاغدا شەرق تەرەپ ئاقىرىپ، تاڭ ئېتىشقا باشلىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۈستىگە چىقتىم. ئاخشام بىز ئېلىشقان يەر «قومۇش كۆلى» دەپ ئاتىلىدىغان ساسلىقنىڭ بويىدىكى يارلېۋى بولۇپ، مەن شۇ ياردىن غۇلاپ كەتكەنىكەنمەن. ياردىن چىقىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەستىن بىردەم تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن

هېلىقى يوچۇن كىشى بىلەن ئېلىشقاندا قولۇمدا قالغان لاتا پارچىسىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنى بىر ھازادا پاتىقاقلىقتىن تاپتىم. بۇ، كونىچە ياشلار پوسۇنىدا تىكىلگەن كۆك نىسلوْن كەمزۇلنىڭ مەيدە يانچۇقلاتىسى ئىدى.

ئاخىرى ئەھۋالنى تاھىركامغا مەلۇم قىلدىم.

— شۇنداقمۇ قارامىلىق قىلغان بارمۇ! — دېدى تاھىركام دوكىلاتىمنى ئاڭلاۋېتىپ، — بۇنداق باشباشتاقلىق دۈشمەننى سەگەكلەشتۈرۈپ قويۇش روليىنى ئوينىغاندىن باشقا نېمە پايدا بېرىدۇ؟! ھېلىمۇ ئىنسابلىق نەرسىگە يولۇقۇپسەن. گاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

تاھىركام بۇ ئىشقا باشتا بىر ئاز كايىغان بولسىمۇ، ئاخىرىسىدا خېلى ئېتىبار بىلەن قارىدى. چۈنكى بۇ مەن ئۇچراتقان ھېلىقى يوچۇن ئادەمنى بۇلاڭچىنىڭ ئۆزى بولمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ شېرىكى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. شۇڭا بىز ھېلىقى لاتا پارچىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، رازۋېتكا نىشانىنى شۇ ياققا بۇرىدۇق.

كۈن چۈشتىن سەل-پەل قىيسىلغان چاغ. تاھىركام بىلەن بىللە «قومۇش كۆلى» ئەتراپىدىكى ئاھالىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ يۈرەتتۇق. چەتتىكى كېپەزلىكتە پاختا تېرىۋاتقانلار بىلەن پاراڭلىشىپ بولۇپ، مەھەللە ئىچىگە كىرىشىمىز بىلەنلا نەگىدۇر قاراپ-قاراپ قويۇپ كېلىۋاتقان تاھىركام بىردىنلا توختاپ ماڭا بۇرۇلدى:

— ھەي، سەن بۈگۈن بىر ئايالغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟

— قانداق ئايال؟

— 30 - 35 ياشلاردا بار، بېشىغا كۆك ياغلىق چىگىۋالغان، ئوتتۇرا بويلۇق ئايال.

— بىر - ئىككى يەردە ئالدىمىزغا ئۇچرىغانىدەك قىلدىمۇ نېمە؟ — دېدىم تازا ئەسلىيەلمەي.

— بىر - ئىككى يەردە ئەمەس، بىز مۇشۇ ئەتراپقا ئۆتكەندىن بېرى بىزنى كۆرىتىپ كېلىۋاتىدۇ، قارىغىنا، مۇشۇ تاپتىمۇ ئاۋۇ ھويلىدا تۇرۇپ قاشانىڭ دالدىسىدىن بىزنى كۆزىتىۋاتقان بولسا كېرەك. سېنىڭچە بۇنىڭدا بىرەر سىر بارمۇ - قانداق؟

مەن ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەقەت دىققەت قىلماي يۈرگىنىمدىن سەل ئۇيالدىم - دە، ئۈن - تىنسىز گەدىنىمنى تاتىلىدىم.

— كىرىپ باقامدۇق؟

— كىرسەك كىرەيلى.

بىز ھويلىغا كىرىپ كەلگىنىمىزدە، ئايال بىر غەلۋىر قۇرۇق غازاڭنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىزنى كۆرۈپلا راستىن ھودۇقتى بولغاي، گويا قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك قولىدىكىنى بىردە يەرگە قويۇپ، بىردە ئالغىلى تۇردى. شۇ چاغدا تاھىركام ماڭا قانداق، دېگەندەك قىلىپ بىر قاراپ قويدى - دە، ئايالدىن سورىدى:

— ئۆيدە ئەركىشى بارمۇ؟

— بار ئىدى. ئۇ ... ئۇ ئاغرىپ قاپتىكەن.

— ھە... ئاغرىپ قاپتىكەن - دە؟ جۇرە، پەتە قىلىپ چىقايلى، — تاھىركام شۇنداق دېگىنىچە ئۆيگە ماڭدى، كەينىدىن ئەگەشتىم. سۇپا ئۈستىدىكى داق كىگىز ئۈستىگىلا تەتۈرسىچە يېپىلغان

كونا بىر يوتقان ئىچىدە ئىڭەكلىرىنى كىرپەتكىنىدەك يىرىك ساقال باسقان بىر كىشى كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ياتاتتى.

— چىنىپ قاپتۇ، ئىنىم. بەك چىنىپ قاپتۇ، — دېدى تاھىركام «ئاغرىق»نىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — قاراڭا، ئالدىراشچىلىقتا يوتقانىنىمۇ تەتۈرسىگە يېپىنىۋاپسىز. ھە قاچان كىيىملىرىڭىزنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، «ئاغرىق» نىڭ يوتقىنىنى قايرىپلا ئېچىۋەتتى. راست دېگەندەك، ئۇ پۈتىدىكى ئاياغلىرىنىمۇ يەشمەي پۈتۈن سۆرۈك ياتاتتى. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى سۆكۈۋېلىنغان يانچۇق ئورنىغا چۈشكەندە تاھىركامنىڭ سەزگۈرلۈكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. شۇ ئارىدا «ئاغرىق» بىردىنلا «ساقىيىپ» قالدى. ئۇ ئەمدى ئورنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە پەرياد چېكىشكە باشلىدى:

— مەن ئازدىم. ھەممىنى ئىقرار قىلاي، چالا قويماي تاپشۇراي...

— ھە، ماقۇل-ماقۇل، — دېدى تاھىركام ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ، — كېيىمىڭىزگە ئىشىنىمىز. قېنى جىددىيلەشمەي بىر باشتىن دەپ بېقىڭا ئەمىسە، نېمىش قىلغانتىڭىز؟

— ھە، شۇ... گۇناھ قىلىپ سالدىم، گۇناھ.

— ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىزمۇ؟

— ياق-ياق، — دېدى ئۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — ئوغرىلىق قىلاي دەپ چىققانىدىم...

— توختاپ تۇرۇڭ، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ ئىسىم-فامىلىڭىزدىن باشلاپ، قىلغان گۇناھىڭىزنى بىر باشتىن سۆزلىمەمسىز؟

— خوش-خوش، ئوبدان: ئىسمىم بارى. ئىلگىرىغۇ ھېچقانداق ئەسكىلىكى ئىشنىڭ يېنىغا يولاپ باقمىغانىدىم. بىرەر يىلچە بولدى، مۇشۇ دۆڭ چاقاردىكى مەخسۇت تاز مېنى ئازدۇرۇپ قىمارغا كۆندۈرۈپ قويدى. بەزىدە ئۇتۇپ، بەزىدە ئۇتتۇرۇپ دېگەندەك، قەرزدار بولۇپ قاپتىكەنمەن. بۇ تاز «پۇلىنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بەرمەيدىغان بولساڭ ئولتۇرۇپ كۆمۈۋېتىمەن» دەپ كەينىمگە كىرىۋالدى. بىرەي دېسەم ئۆيۈمدە پۇلغا يارىغۇدەك بىرنېمە قالمىدى. ئاخىرى نىيىتىم بۇزۇلۇپ، ئۇ قاتتىكى قەمبەرجاننىڭ قويلىرىغا كۆز سېلىپ يۈرەتتىم. ئاخشام... ئاخشام ئۇنىڭ ئېغىل تېمىنى تېشىۋاتسام بىرسىنىڭ شەپىسى چىقىپ قالدى. تۇتۇلۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قاچتىم. يولدا ئىككىمىز تۇتۇشۇپ قالدۇق. خۇدا ھەققى مەن تېخى قەمبەرجاننىڭ ئېغىلىغا كىرگۈچە بولمىغانتىم. ھېچنەرسىنىمۇ ئالمىدىم.

تاھىركام نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىپ، خېلى ئۇزۇن ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى. ئاندىن ئۇنى سۆھبەت خاتىرىسىگە قول قويدۇرۇۋېلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا سىزنى يەنە ئىزدەيمىز، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ چىقتۇق.

— ئۇ ئاساسىي ئىشنى يوشۇرۇپ، ھېلىقى ئوغرىلىق ۋەقەسىنى توقۇپ چىقمىغاندۇ تاھىركام؟ — دېدىم كېتىۋېتىپ.

— ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس. مەنمۇ بايا شۇنداق ئويلاپمۇ باقتىم. لېكىن ھازىرچە باشقا ئىشنى كوچىلىماي تۇرايلى. ئۇ ھېلىقى دېلوغا چېتىشلىق بولغاندىمۇ، بىزنى «سىزەلمەپتۇ» دەپ قالسۇن. بىز

ئاۋۋال قەمبەرجان، مەخمۇت تاز دېگەنلەردىن تەكشۈرۈپ باقايلى.

ئاشۇ ئىش تۈپەيلى بىر قېتىملىق ئوغرىلىق ۋەقەسىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ قالغاندىن باشقا، ئىككى كۈنلۈك ۋاقتىمىز بىكارغا كەتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بارسىنىڭ ئاساسى دېلو بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ چىقتى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق خالىغانچە ھەرىكەت قىلمايمەن، دەپ قەسەم بەردىم.

4

تەرەپ-تەرەپكە تور يېيىپ كەتكەن رازۋېتكا خىزمىتى داۋاملاشماقتا ئىدى. دېلو يۈز بېرىپ تۆتىنچى كۈنى كەچتە ياتىقىمدا ئولتۇرۇپ بۈگۈنكى رازۋېتكا خاتىرىلىرىمنى رەتلەۋاتاتتىم. تۇساتتىن ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ، قاتناش لىنىيىسىنى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىدىكى مۇرات ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىن قارىغاندا، نېمىگىدۇر ناھايىتى خۇش ئىدى.

— بىر يەردىن غايىب خەزىنىگە يولۇقتىڭمۇ نېمە؟ — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— يو... يولۇقمايچۇ! يولۇقاندىمۇ بىز ئىزدەۋاتقان ھېلىقى خەزىنىنىڭ دەل ئۆزى دېگىنە؟ تاھىركام قېنى؟

— نېمە؟ دېلو توغرىسىدا راستىنلا يىپ ئۇچى تاپتىڭلارمۇ؟

— شۇنداق، بىر يىپ ئۇچى تېپىلدى ئاداش! بولە، تاھىركامنى تېپىپ بەرگىنە ماڭا.

— ئۆيىدە يوقمۇ؟

— ۋاي-ۋۇي! — دېدى مۇرات تېرىكىپ، — ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى.

شۇ چاغدا ئېسىمگە گۈپپىدە بىر جاي كەلدى. تاھىركام مۇشۇ دېلونى قولىغا ئالغان ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ نېمىشقىدۇر ئىشخانىنى تاشلىۋەتكەن. ئۇ ئادەم ئايىغىدىن خالى بولغان جاي — جىنايى ئىشلار تېخنىكا بۆلۈمىگە كۆچۈۋالغانىدى. شۇڭا مۇراتنى ياتىقىمدا قالدۇرۇپلا شۇ يەرگە چىقتىم.

تاھىركام گەۋدىسىنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى.

ئۇ ئۇخلاپ قاپتۇ-دە؟ دېدىم ئىچىمدە. دېمىسىمۇ ئۇ ئىككى كېچە-كۈندۈزدىن بېرى تۈزۈككىنە كۆز يۇمىغانىدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئۈستىلى ئالدىدا بىر دەم تۇرۇپ قالدىم. نەزىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خاتىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئەجەب ئىش، ئۇ تېخىچە ئاشۇ رۇقىيەنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىۋالغان «كۆك سىرلىق تويوتا، رەڭلىك ئەينەك» دېگەن تۇتامى يوق گەپلەر بىلەن ئاۋارە ئوخشايدۇ. خاتىرىسىنىڭ دەل ئاشۇ سۆزلەر يېزىپ قويۇلغان بېتى ئوچۇق تۇراتتى. راست ئۇنىڭ ئاستىغا «قارا كۆزەينەك تاقىغان، ئۈستۈن كالپۇكى ئىششىپ قالغاندەك ئىكەن، بىر قولىنىڭ چىمەلتىكى تۆۋىدىن يوق» دېگەن ئۈچ جۈملە سۆز قوشۇلۇپتۇ.

— ئولتۇرامسەن؟

تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئەسلىدە ئۇ ئۇخلىمىغان ئىكەن.

— ھە، سىزنى ئىزدەپ كىرگەنىدىم.

— نېمە ئىش بولدى؟

— مۇرات... مۇراتلار بىر يىپ ئۇچى تاپقان ئوخشايدۇ. سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن.

— يىپ ئۇچى؟ — دېدى ئۇ بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ. ئاڭغىچە مۇراتمۇ كىرىپ كەلدى.

— چاققان دېگىنە قېنى، قانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇڭلار؟

— ساي يولى ئۈستىدىكى بېكەتتە تۇخۇم ساتىدىغان بىرسى بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم، — دېدى مۇرات، — ئۇ رۇقىيە ۋېلسىپىتكە سوقۇلۇپ كەتكەن ۋاقىتتا شۇ يەردە بار ئىكەن. رۇقىيەنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ شۇ يەرگە باراي دەپ مېڭىشىغا ئۇرۇق، قارامتۇل كەلگەن ئوتتۇرا ياش بىر خەنزۇ بىلەن ئۇسۇشۇپ قاپتۇ. ئارىدا ئۇنىڭ 4 - 5 تۇخۇمى چېقىلىپ، ئازراق جېدەلمۇ بولغان چېغى. ھېلىقى خەنزۇ كىشى بىر دانە سېرىق سومكىنى قولتۇقلىۋالغانىكەن، ئۇ چېقىلغان تۇخۇملارنى تالىشىپ تۇرمايلا تۆلەپ بېرىپتۇ - دە، ئالدىرىغان پېتى بىر كىچىك تىراكتورغا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ.

— ھىم... — دېدى تاھىركام نېمىشىدۇر ئويلىغاندەك قىلىپ، — ئۇنىڭ بىر سېرىق سومكىنى قولتۇقلاپ ئالدىراپ ماڭغانلىقى، چېقىۋەتكەن تۇخۇمنى تالاشمايلا تۆلەپ بېرىپ جېدەلدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى ۋە يەنە تىراكتورغا ئولتۇرۇپلا كېتىپ قالغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى جىنايەتچى شۇ بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلدىڭلار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— گۇمانىڭلار ئورۇنلۇق، ھېلىقى تۇخۇم ساتقۇچى ئۇنى كۆرسە تونۇيالامدىكەن؟

— تونۇيدىكەن. 45 - 46 ياشلاردا، ئىككى چىشى كوماك ئادەم دەيدۇ.

— ھە... شۇ كىشىكەن - دە؟ — دېدى تاھىركام ئىككى يېنىغا قىمىرلاپ قويۇپ، — ئۇنداق بولسا، ئەتە ئەتىگەن تۇخۇمچىنى ئېلىپ، سەي - كۆكتات بازىرىغا بارغىن. ئۇ ئادەمنى شۇ يەردىن تاپىسىلەر. تۇخۇمچى راستىنلا شۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، ئەھۋالنى ماڭا دوكلات قىلىڭلار. قانداق تەكشۈرۈشنى شۇ چاغدا ئويلىشىمىز.

«سېرىق سومكا كۆتۈرۈۋالغان كوماك چىش» توغرىسىدىكى يىپ ئۇچى قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز يوقاپ چىقتى. ئەمدى بىز تاھىركامنىڭ پىلانى بويىچە بىر بۆلۈك كۈچ ئاجرىتىپ، ئۇ خاتىرىلىۋالغان ھېلىقى چۈشىنىكسىز تويوتا بىلەن «ئۈستۈن كالپۇكى ئىششىپ قالغاندەك ئېگىز، بىر قولىنىڭ چىمەلتىكى يوق» نامەلۇم كىشىنىڭ ئىزدېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىككى يېنىمىزدىكى قوشنا ناھىيىلەرگە بارماقچى بولدۇق.

ئەتە يولغا چىقىمىز دېگەن كۈنى كەچتە تاھىركام مېنى چاقىرىپ، كىنوتېياتىرخانا ئىشچىسى كېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئىكەن. كېرىم ئاكا خۇددى بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن ئالدىن خەۋىرى باردەك، بىز كىرىپ بولغۇچە يان تەرەپتىكى مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، بىر پىيالىدىن چاي قۇيدى. ئاندىن ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قانداق كېرىمكا، ئېسىڭىزگە كېلەي دەمدۇ؟ — سورىدى تاھىركام قولىدىكى چاينى بىر ئوتلىۋېتىپ.

— كېرىم ئاكا دۈمچەك گەۋدىسىنى

سەل كۆتۈرۈپ قويدى - دە، كۆتمەك ئاق ساقلىنى تاتلاپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— ئازدراق ئىسمىگە كېلىپمۇ تۇرىدۇ - يۇ، لېكىنزە ئاخىرىدىكى سانلىرىنى ھېچ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام مېڭەمگە ئويۇتۇۋالاركەنمەن ئىپلاسنى. ھى... ھى...

— ئىسمىڭىزگە كەلگەن يېرىنى ئېيتىپ بېقىڭا قېنى؟

— ئاخىرقى ئىككى نومۇرىنىڭ «نۆل يەتتە» لىكى ئېسىمدە قاپتۇ. باش تەرىپىنىزە... ھەي!

— ئاخىرقى ئىككى نومۇرىنىڭ «07» لىكى ئېنىقمۇ؟ — سورىدى تاھىركام قايتىلاپ.

— بۇنىڭغا شامال كىرمەيدۇ.

ئۇ ئۆتكەندىكى چۈشىنىكسىز خاتىرىلەر ئاستىغا «ئايىغ» نومۇرى «07» دەپ يازدى - دە، يەنە بىر سوراق بەلگىسى تارتىپ قويدى. بىز ئۇيەردىن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن قايتىپ چىقتۇق. كېتىۋېتىپ كاللامنى خېلىدىن بېرى چىرماپ كەلگەن ئاشۇ سىرلىق تويوتا توغرىسىدىكى تۈگۈچلەرنى بىر ئاز يەشكەندەك قىلساممۇ، ئۇنىڭ قانداقسىگە تاھىركامنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قالغانلىقى، ئاشۇ باش - ئاخىرى يوق ئاخباراتنىڭ قانداق ئىگىلەنگەنلىكى قاتارلىق بىرمۇنچە ئىشلارنى ھەدېگەندە بىلگۈم كېلەتتى. شۇڭا تاھىركامدىن توغرىسىغىلا سورىدىم.

— تويوتا توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنىڭ دىققىتىمنى تارتقان يېرىگە كەلسەك، بۇ بەك ئاددىي. ھازىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ ئۆۋەتتىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە قوللىنىۋاتقان ئۇسۇل ھەم ۋاستىلىرىدىن ئالغاندا، ئۇلارمۇ «زامانىۋىلىشىش» قا قاراپ يۈزلەنمەكتە. كۆلىمە، بۇ نەق گەپ. ئالايلى ئۇلار ئۇرغۇن دېلولارنى مەخسۇس سايمان ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ تۈگدۈرۈۋاتىدۇ. سەن ئۇنى ۋېلىسىپىتتە قوغلىساڭ، ئۇ موتسىكىلىتتە قاچىدۇ. سەن جىپ ماشىناڭنى ئىشقا سېلىپ بولغۇچە ئۇ ئالدىقاچان پويىز ياكى ئايروپىلان بىلەن نىشانىسىدىن يىراقلىشىپ بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقىدەك چوڭ - چوڭ نەق پۇل دېلولىرىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئۆتكەن قېتىم رۇقىيە بىلەن سۆھبەتلەشكەندىلا مەن بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىپ قالغان. كېيىن ئۇرغۇن كىشىلەردىن ئۇقۇشتۇم. ھېلىقى ماشىنا شۇ يەردە خېلىدىن بېرى توختاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇتىنى ئۆچۈرمىگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئىككىنچىدىن، ۋېلىسىپىت ۋەقەسى يۈز بېرىپ، نەق مەيدانغا كىشىلەر يىغىلىۋېلىشى ئىغلىمايلا ھېلىقى تويوتاغا بىرسى ئالدىراپلا چىققاندەك قىلغانۇ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە قارىسىنى يوقاتقان. قېنى، سەن ئويلاپ باقە، بۇنىڭ ئاشۇ دېلو بىلەن ئالاقىسى يوقمىدۇ؟ راست، ھازىرچە چوقۇم بار دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. قانداق دېدىم؟

— سىز راستىن چوڭقۇر ئويلايدىكەنسىز تاھىركا. ھە راست، خاتىرىڭىزدىكى ھېلىقى «ئۆستۈن كالپۇكى ئېگىز، بىر چىمەلتىكى يوق» دېگەن تۇتۇق سۆرەتنىڭمۇ مۇشۇ دېلو بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟

— سىڭىلچە قانداقتۇ؟ — سورىدى ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

www.uyghurkitap.com

— تازا چۈشەنمىدىم.

— ئەلۋەتتە ئالاقىسى بار-دە!

— بۇنى قانداق ئىگىلىگەنسىز؟

— بۇ ئاخباراتنى بەرگۈچىمۇ يەنە كېرىم ئاكاڭ بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى ياخشىكەن. ئەسلىدە ئۇ شۈكۈنى ئەتىگەن يول ياقىسىدا تازىلىق قىلىۋېتىپتىكەن. بىردەمدىن كېيىن، ھېلىقى ماشىنا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپتۇ. توختاپتۇ-يۇ، ئىچىدىن ھېچكىم چۈشمەپتۇ. ئەجەبلەنگۈدەك يېرى شۈكى، ئۇنىڭ ماتورىمۇ ئۆچمەپتۇ. شۇ ئارىدا قارا كۆزەينەك تاقىغان بىرسى كۆزنەكتىن ئېگىلىپ نەگىدۇر قاراپتۇ، كېيىن بىر جەينەكنى تاقاپ قويۇپ تاماكىسىغا ئوت يېقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، نېمە سەۋەبتىندۇر كېرىم ئاكىنىڭ كۆزى ئۇنىڭ چاقماق تۇتقان قولىغا چۈشۈپ قالغانىكەن، چىمەلتېكىنىڭ چولاقلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ھېلىقىنىڭ ئۈستۈن كالپۇكى ئىششىپ قالغاندەك سەل ئېگىز ئىكەن. بۇلارنى شۈكۈنى نەق مەيداننى قايتا كۆرۈشكە چىققىنىمىزدا ئۇققانىدىم.

5

پىلان بويىچە ئەتىسى ئىككىمىز «پ» ناھىيىسىگە كەلدۇق. ۋەزىپىمىز «07» بىلەن «چولاق» نىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئىدى. بىز كەلگەن يەردىن چۈشلۈك تاماقتىمۇ قارىماستىن، ئۇدۇللا قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىغا كەلدۇق. بۇ يەردىن «07» نىڭ ئارخىپىنى كۆرمەكچى ئىدۇق. پونكىت باشلىقى تازا ئەزمە بىر ئادەمكەن. ئۇ بىزنىڭ شۇنچە ئالدىراۋاتقانلىقىمىز بىلەن قىلچە چاتىقى يوق، ھېلى پالانى يوق دېسە، بىردەم بۇ ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى پالانىدا قاپتۇ، دەپ يۈرۈپ ئىشتىن چۈشەرگە يېقىنلا بىر دەپتەرنى تېپىپ بەردى. بۇ مۇشۇ ناھىيىدىكى پۈتۈن قاتناش ۋاسىتىلىرىگە نومۇر تاختىسى تارقاتقان ئارخىپ دەپتىرى ئىدى. بىز بىر سائەتچە ئاختۇرغاندىن كېيىن، «07» نىڭ تولۇق نومۇرىنى تاپتۇق، بىراق ئۇ بىز ئىزدىگەن تويوتا بولماستىن، «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ ماشىنا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى ئىكەن. بىز ئاخىرى ئارخىپنى قايتا ئاچتۇق-تە، نومۇرى بىلەن كارىمىز بولماي، پەقەت تويوتا ماركىلىق ماشىنىلارنى تاللاپ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالدۇق. ئەمدى بىز ئاشۇ ئادرېسلار بويىچە تويوتالارنى سىرتتىن تەكشۈرمەكتە ئىدۇق. ئەتىسى بىر كۆك رەڭلىك تويوتا بىر رېمونتخانىنىڭ ئالدىغا ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ شۇ ناھىيىلىك چاي-چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ماشىنىسى ئىكەن.

— ئەمدى ئاشۇ شىركەتكە چۈشسەكلا ئىشنى ئاخىرلاشتۇرالارمىز؟ — دېدىم مەن يېنىككىنە نەپەس ئېلىپ.

— تېخى بېرىپلا ئۇ يەرگە ئىسۇسۇپ كىرگىلى بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ جىنايەتچىنىڭ كۆزى تۆت، قۇلىقى سەككىز بولۇپ تۇرغان مۇشۇنداق شارائىتتا بىز ئاشكارا ھەرى-

كەت قىلىپ جىنايەتچىنى چۆچۈتۈپ قويساق ئۇ يا زاڭ پۇلىنى يۆتكىۋېتىدۇ، يا بىرەر ھىيلە ئىشلىتىپ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ ياكى يۆنىلىشىنى بۇردۇۋېتىپ، بىزنى بىر مەزگىل كولدىرلىتىدۇ. شۇڭا يەنىلا مەخپىي رازۋېتكا ئارقىلىق ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

بىز تەكشۈرمەكچى بولغان يەر ھېلىقى شىركەتنىڭ بىر ئاشخانىسى بولۇپ، بەكمۇ خېرىدارلىق ئىكەن. ئاخشاملىرىمۇ يېرىم كېچىگىچە تاقالمايدىكەن، بىز تاھىركامنىڭ پىلانى بويىچە كەچتە ئىككى - تۆت سەردىن ئىچىشكەچ شۇ يەردىن ئەھۋال ئۇققۇشماقچى بولۇپ، بىر ئورۇنغا جايلاشتۇق.

تاھىركامنىڭ ھەممە ئىشتا بىلگىنى بارىكەن. ئىككى رومكا ئىچەر - ئىچمەيلا بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ تۇنۇگۈن بىز ئېنىقلىغان «07» جىپنىڭ شوپۇرى ئىدى. ئىچىشمەك تازا قىزىغان پەيتتە تاھىركام گەپنى بىردىنلا ئۇنىڭ ماشىنىسى ئۈستىگە يۆتكىدى.

— ماشىنىڭىزنىڭ ئادەتتىكى چاتاقلىرىنى ئۆزىڭىز ئوڭشىيالايدىغانسىز؟

— ئوڭشاشتىغۇ گەپ يوق، — دېدى ئۇ ماختانغاندەك قىلىپ، — لېكىن ئارتۇق ئاۋارىچىلىقنىڭ پايدىسى نېمە؟ ساق بولسا ھەيدەيمەن. چاتىقى چىقسا، چوڭ-كىچىكى بىلەن كارىم يوق، رېمونتخانىغا ئەپكىلىپ تاشلاپ بېرىمەن. ماشىنامنىڭ راسخوتى دېگەن يېتىپ ئاشىدۇ، دەڭا.

— ئۇنداقتا راستىن ئامەتلىكىز بارىكەن جۇمۇ؟

— شۇنداق بولمامچۇ، — دېدى ئۇ سۈنۇلغان رومكىنى بوشىتىۋەتكەندىن كېيىن، — تېخى ئۆتكەن ھەپتىنىڭ ئاخىرىسىدىنمۇ رېمونتخانىدا ئىككى كۈن تاشلىۋەتتىم. چوڭ چاتىقىغۇ يوق، ناھايىتى يولدا بىر تراكتور بىلەن سىقىلىشىپ قېلىپ، ئازراق يېرىنىڭ سىرى سۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، يېپيېڭىلا قىلىپ سىر پۈركۈتۈۋالدىم. لېكىن بىر تىيىنمۇ خەجلىمىدىم.

— شۇ رېمونتچى بىلەن ئاغىنىدۇرسىز ھەقاچان؟ بولمىسا...

— راست ئېيتتىڭىز، ئاكا. بۇ يېرىنى توغرا پەملىدىڭىز. مۇشۇكىمدە ھەرقانداق ئورۇندا بىرەر يېرىمدىن ئاغىنەڭ بولمىسا بولمايدىكەن. مانا مېنى ئالسىڭىز يۇقىرىسى جۇيجاڭ، شۇجىلاردىن تارتىپ، تۆۋىنى ئاشۇنداق رېمونتچى، ساتىراشلارغىچە ھەممە قاتلامدىن ئاغىنىلىرىم بار. ئىشقىلىپ يۈزى بولىدىكەن. ھېلىقى سىر پۈركۈشكىمۇ ئاز دېگەندە بىرەر يۈز كوي كېتەتتى. لېكىنزە... ھېلىقى چولاق ئاغىنىمىز بولدى، دەپلا يولغا سېلىۋەتتى.

— ھەي، — دېدى تاھىركام ماڭا دىققەت دېگەندەك لاپپىدە قاراپ قويۇپ ھېلىقى يىگىتكە، — ھېلىلا ئۇنى ياخشى ئاغىنەم دەۋاتاتتىڭىز، ئەمدى ئۇنى «چولاق» دەپ تىللاۋاتامسىز نېمە؟

— ياقەي، كۆڭلۈم يېقىن بولغاچقا شۇنداق دەپ قويىمەن دەڭا. ئۇ ئاداشنىڭ بىر قولىنىڭ چىمەلتەكىنى بىر نەرسە قىسىۋاپتىكەن.

— ھە... مۇنداق دەڭ، — دېدى تاھىركام گەپ ئۇيىنىتىپ، — سىز دېگەن ئۇ ئاغىنىڭىز ماشىنىمۇ ھەيدەپ قويامدۇ نېمە؟ بىر يەردە ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

— ھەي، ئۇنى بىر دېمەڭ. قولىدا شوپۇرلۇق پراۋىسى بولغاچقا، ئۇلا چاغلاردا ئاتىكاچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ

رولىغا ئولتۇرۇۋالىدۇ. بەلكىم شۇنى كۆرگەنسىز.

— ھە، مۇنداق ئىكەندە؟ ئاغىنىڭىزنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— قېيۇم.

تاھىركام ئۇنى يەنە بىردەم گەپكە سالماقچى ئىدى. بىراق ئۇ قەي قىلىپ بىرئاز ئاۋارە بولۇپ قالغاچقا، ئامالسىز سورۇنى يىغىشتۇرۇۋەتتۇق.

— قانداق، — دېدى تاھىركام مېھمانخانىغا كەلگەندىن كېيىن، — باياتىن بايىقى سۆھبەتتىن نېمە تەسىراتلارنى ئالدىڭ؟ بۇ يىگىتنىڭ جىپ ماشىنىسى بىلەن ھېلىقى كۆك رەڭلىك تويۇتانىڭ زادى قانداق باغلىنىشلىقى بار؟

— ئەمسە كاللامغا كەلگىنىنى ئېيتىپ باقاي: «ھېلىقى جىپقا سىر پۈركۈش جەريانىدا ئۇنىڭ نومۇر تاختىسىنى ئېلىۋەتكەن. دەل شۇ چاغدا تويوتامۇ ئاشۇ رېمونتخانىدا بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىمۇ دېدىغۇ، جىپ رېمونتخانىدا ئىككى كۈن تۇرغان. بۇ ۋاقىت دېلو تۇغدۇرۇشقا يېتەرلىك پۇرسەت بېرەلەيدۇ. شۇڭا جىنايەتچى ماشىنىلارنىڭ نومۇر تاختىسىنى ئالماشتۇرۇپلا بىزنىڭ ناھيىمگە كەلگەن، بىراق ئۇ رۇقىيەنىڭ شۇ كۈنى پۇل ئاجرىتىپ كېلىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىكىنە؟ مۇشۇ بىر نۇقتىغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

— يارايسەن! — دېدى ئۇ دولامغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇۋېتىپ، — تەھلىلىڭ تامامەن توغرا بولدى. مېنىڭچە، بىز ئەتە ھېلىقى «چولاق» رېمونتچىنى كۆرۈپ سېلىشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چاي - چارۋا شىركىتىنىڭ تويوتاسىنىڭ شۇ مەزگىلدە قەيەردە يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇشۇۋالساق، ئىشلارمۇ ئاساسەن ئايدىڭلىشىدۇ.

ئەتىسى بىز چولاقنى كۆرۈپ، ئېنىق بېكىتتۇق. ئۇ دەل ئاشۇ «ئۈستۈن كالپۇكى ئېگىز، بىر چىمەلتىكى يوق» ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ بۈگۈن خېلىلا جىددىيلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بىز ئۇنىڭ رېمونتخانىسى ئۇدۇلىدىكى بىر چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان قىياپەتتە ئۇنى خېلىغىچە كۆزەتتۇق. ئۇ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، يېرىم سائەت ئىچىدە تۆت قېتىم نەگىدۇر بېرىپ كەلدى. ئاندىن رېمونتخانا يېنىدىكى بىر قورۇغا (ئۆيى بولسا كېرەك) كىرىپ كېتىپ، بىر سائەتتىن كېيىن چىقتى - دە، ۋېلىسىپىتكە يەنە مىندى، بۇ قېتىم ئۇ كىيىم يۆتكىۋالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا مەن تاھىركامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە چايخانىچىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى سوراۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن چۈشتۈم، «چولاق» كېتىۋېتىپ: قايسىدۇر بىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرمەكچى بولۇپ، نېمىشقىدۇر بىردەم تۇرۇپ قالدى. نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىپ، يەنە ئارقىسىغا ياندى - دە، ئۇدۇل پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە كىرىپ كەتتى.

مەن يېتىپ كىرگەندە، ئۇ ئالدىغا «تېلېفون ئالاقىسى» دېگەن خېتى بار تاختاي قويۇۋالغان خىزمەتچىگە گەپ قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يان تەرەپتىكى تېلېفون بېرىش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، مەن ماركا سېتىۋالغان بولۇپ ساقلاپ تۇردۇم. 3 - 4 مىنۇتتىن كېيىن سۆزلىشىش ئۆيىدىن چىقىپلا رېمونتخانىسىغا قايتىپ كەلدى.

— تېلېفون بېرىپ كەلدى، — دېدىم

كېلىپلا تاھىركامغا.

— قەيەرگە بەرگەندۇ؟

— قەيەرگە بەرگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. ئىشقىلىپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇردىغۇ دەيمەن.

بىز ئالشۇلارنى دېيىشىپ تۇراتتۇق، «چولاق» رېمونت-خانىسىدىن بىر موتسىپكلىتنى سۆرەپ چىقىپ ئوت ئالدۇرغىلى تۇردى. بىراق خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ماتورى ھەرىكەتكە كەلمىگەندىن كېيىن، شاگىرتى بولسا كېرەك، بىرسىگە نېمىلەرنىدۇر دەپ كايىپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭ قەيەرنىدۇر كوچىلاشقا باشلىدى. شۇئارىدا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بىر يۈك ئاپتومابىلى كەلگەنىدى. يۈگۈرۈپ قوپۇپ شوپۇر بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن كابىنكىغا كىرىپلا كېتىپ قالدى. بىز ئۇنى دەسلەپ موتسىكلىتقا بىرەر سايمان تېپىپ كېلىشكە ماڭغان چېغى دەپ قاپتۇق. لېكىن ئۇ شۇ كەتكىنىچە قاراڭغۇ چۈشكىچىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى چۈشكىچىمۇ كۆتتۇق. ئۇ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئاخىرى كېيىنكى رازۋېتكا پىلانىنى مۇزاكىرىلىشىۋېلىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق. شۇ چاغدا كۆتۈلمىگەندە ئىدارىدىن جىددىي تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفوندا بۈگۈن كېچە ھىممىتنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقى، قارىغاندا ئۇنىڭ دېلو بىلەن بىۋاسىتە چېتىشلىقى بارلىقى، شۇڭا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ يۈرمەي دەرھال قايتىپ كېلىشىمىز لازىملىقى ئۇقتۇرۇلدى.

— ھەي، ئېىت! — دېدي تاھىركام نېمىگىدۇر ئەپسۇسلىنىپ، — ئاشۇ چولاقنىڭ كەينىدىن نېمىشقىمۇ ئىزچىل يۈرمىگەندىمىز؟! بولدى، قايتايلى. ئۇنىڭ بىلەن يولدا ئۇچرىشىدىغان ئوخشايمىز.

مەن تاھىركامنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرھال پەملىدىم. ئۇ ھىممىتنىڭ ئۆلۈمى چولاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ چوقۇم شۇ ئىشقا كەتكەن دېمەكچىدەك قىلاتتى.

6

بىز يېتىپ كەلگەندە ھىممىتنىڭ جەسىتى سىرتقى تەرەپتىن تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، نەق مەيداننى ئەينەن ساقلاش يۈزىسىدىن يېرىپ تەكشۈرۈلمىگەنىدى.

— ۋەقە تونۇگۈن كېچە يۈز بەرگەن، — دەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى جەسەتنى تەكشۈرگەنلەردىن بىرى، — ھەمىتنىڭ ئايالى تۇغۇتلۇق بولغاچقا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن. ھىممىت ئۆيدە يالغۇز ياتقان. ئۇ خېلى كۆپلەردىن بېرى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. پەرىزىمىزچە، شۇ كېچە ئۇ سائەت ئون ئىككىلەرگىچە قانداقتۇر بىر چىگىش مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرغان، كېيىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان د د ۋ سۇيۇقلۇقىنى ئىچىپلا ئۆلگەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ جەسەتنىڭ لەۋلىرىنىڭ كۆكىرىپ، قاردىاپ كېتىشى، قورسىقىنىڭ گۇمبەزدەك كۆپۈپ، بارماقلىرى بىلەن يەرلەرنى تاتىغۇەتكەنلىكى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن زەھەر ئىچىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

www.uyghurkitap.com



— نەق مەيداننى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردۈڭلارمۇ؟ — سورىدى تاھىركام.

— ئالقانچە يەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدۇق.

— خوش، سىلەر نەق مەيدانغا تۇنجى كىرگەندە ئۆي ئىچى مۇشۇنداق تازىمىكەن؟

— تازىكەن، ئىز ئەۋرىشكىلىرىنىمۇ ئېلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. ئۆيدە ھەممەتنىڭ ئىزىدىن باشقا ئۇنىڭ قېيىن ئانىسىنىڭ ئىزىلا بار. بىراق قېيىن ئانىسىمۇ ئۇ ئۆلۈپ بولغاندا كىرگەن.

تاھىركام ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى - دە، پەگادىن بىرەر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك خېلىغىچە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، ئاندىن تام تۈۋى بىلەن سۇپا لېۋىگە كېلىپ نېمىلەرنىدۇر كۆزەتتى. شۇ ئارىدا نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ ھويلىغا چىقىپ بىر نەرسىگە قاراپ قويۇپ قايتىپ كىردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېقىنلاشتى - دە، ئېتىكلىك تۇرغان ئىشىك ئىلگۈچىنى قول ياغلىقىدا تۇتۇپ پەم بىلەن ئاچتى. بوسۇغىدىن كىرمەي تۇرۇپ، ئۆي ئىچىنى بىر قۇر كۆزەتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلدى.

— بۇ ئۆينى تەكشۈردۈڭلارمۇ؟

— ئىشىك ئىلگىرىمۇ ئېتىكلىك ئىكەن. كىرمىدۇق.

— ئۇنىڭ قېيىنئانىسى بارمۇ؟

— مانا، مەن بار بالام، — دېدى بىر ئايال كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— تۈنۈگۈن سىلى بۇ ئۆيگە كىردىلىمۇ؟

— ياق، بالام. تۈنۈگۈن كېلىپلا مۇشۇ ئۆيگە كىرسەم، رەھمەتى بالام پەگادا يېتىپتۇ. ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ، بوسۇغىدىنلا سىرتقا چاپتىم.

تاھىركام بىزگە ئىشارەت قىلدى، ھەممىمىز ئۆي ئىچىگە كىردۇق. مەن خېلى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن بولساممۇ، ئۆي ئىچىدىن بىرەر يېڭىلىق تاپالمىدىم. چۈنكى ئۆي ئادەتتىكىچە بولۇپ، ئىشىك يېنىدىكى ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپى سەل قىيپاش، ئۈستىگە بىر بوتۇلكا ياغ ئۆرۈلۈپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق قالايمىقان ئالامەت كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ ھۇلىمۇ سېغىزلاي بىلەن سىپتا سۇۋاپ قاتۇرۇۋېتىلگەچكە، بىرەر ئىز - پىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— سىرتتىن كىرگەن قولۇم - قوشنىلار چىقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى تاھىركام تاشقىرقى ئۆينىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ھە، ئاچا، — دېدى ئۇ يەنە ھەممەتنىڭ قېيىن ئانىسىغىمۇ، — ئۆزلىرىمۇ سىرتتا تۇرۇپ تۇرسىلا.

— باياتىنقى دوكلاتنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ ئۆي خالى قالغاندىن كېيىن، — ھەممەتنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلگەنلىكى ئېنىق. لېكىن، مېنىڭچە زەھەرنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئىچمىگەن. ھەيران بولماڭلار. ئۇنىڭ بۇ دېلو بىلەن ئالاقىسى يوق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئاقىۋېتىدىن قورقىدىكەن؟ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك ھېچ ئىشى يوق ئىدى. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىغا كەلسەك، ھەممەت دېلودىكى جىنايەتچىلەرنى بىلىشى مۇمكىن. شۇڭا جىنايەتچىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پاكىتنى يوقاتماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقان يېرىگە باستۇرۇپ كىرگەن. لېكىن جىنايەتچى يەنىلا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان قىياپەتتە يو-

قىتىش ئۇچۇن تەھدىت ئىشلىتىپ، زەھەر
ئىچىشكە قىستىغان. ھىممەت بىر ئىلاج
قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا ئىچكىرىكى
ئۆيگە قېچىپ كىرگەن - دە، ئىشىكنى ئى-
چىدىن ئىلىۋېلىپ، بايا سىلەر كۆرگەن
ئۇستىل بىلەن ھەپىلەشكەن. ئۇ ئۇستەل-
نى تۈگۈلۈكنىڭ ئۇدۇلىغىلا ئەكىلىۋالىغان
بولسا قېچىپ چىقالايتتى. ھېچ بولمىغاندا
ۋارقىراپ جىنايەتچىنى قاچۇرۇپ، قۇتۇ-
لۇپ قالغان بولاتتى. بىراق ئۇنىڭغا ئۇل-
گۈرمەيلا تاشقىرقى ئۆيگە سۆرەپ چىقىل-
غان. بۇنىڭغا ھېلىقى بىر تەرىپى قىي-
پاچ تۇرغان ئۇستەل بىلەن ئىلغۇچ سى-
مى سۇنۇپ كەتكەن ئىشىك ئىسپات بولا-
لايدۇ. جىنايەتچىلەر ئىشنى تاماملىغان-
دىن كېيىن پەگانى ئىككى تەرەپكە سۈپۈ-
رۈپ، ئىزلارنى يوقاتقان. بۇ نۇقتىنى
ئاۋۇ تام بىلەن سۇپا تۈۋىدىكى ئەخلەت-
لەر ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. تۈنۈگۈن ئاخ-
شام بوران چىقمىغان بولسا، ھويلا ئىچى
ياكى سىرتتىن جىنايەتچىنىڭ رەسمىي
ئىزىنى تاپالىغان بولاتتۇق.
— مېنىڭچە، — دېدى بايا ئەھۋال
تونۇشتۇرغۇچى سەل قايىل بولمىغان ئاھاڭ-
دا، — بۇ تەسەۋۋۇرلار بەك خايىۋىلىشىپ
كەتتىمۇ دەيمەن؟ بىز ئىگىلىگەن ئەھۋال-
لارغا قارىغاندا، دېلو تۇغۇلۇشتىن ئىلگى-
رى ھىممەتنىڭ قولىدا ئون نەچچە يۈەنلا
پۇلى بارىكەن. لېكىن تۆت كۈن ئالدىدا
ئۇ ئايالىنىڭ تۇغۇتىنى مۇبارەكلەش
ئۈچۈن ئىككى يۈز نەچچە يۈەنلىك كى-
يىم - كېچەك، بىر پاقلان سېتىۋالغان.
بۇنى ئۆيدىكىلەر سورىغاندا، بانكىدىن
قەرز ئالدىم دېگەن. لېكىن، ئۇ بانكىدىن
قەرز ئالغان ئەمەس. بۇنىڭدىن قارىغاندا
ھىممەتنىڭ بۇلانغان پۇل بىلەن شېرىك-

چىلىكى بار، شۇڭا ئۇ...
— ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، شۇنداق-
مۇ؟ — دېدى تاھىركام ئۇنىڭ گېپىنى
تارتىۋېلىپ.
— بولدى! — دېدى ئەھۋال تونۇش-
تۇرغۇچى بېشىنى قېقىپ، — بۇ دېلو سىز-
نىڭ قولىڭىزدا بولغاندىكىن، تالىشىپ نېمە
قىلاي، سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب بولسۇن.
شۇ گەپلەردىن كېيىن، جەسەتنى
دەپنە قىلىۋېتىشنى ئېيتىپ قويۇپ ئىدارىگە
قايتىپ كەلدۇق.
— قانداق؟ — دېدى بىز ئىشخانىغا
كىرىشىمىزگىلا ئىدارە باشلىقى. — نەق مەي-
داننى كۆرگەنسىز؟
— كۆردۈم.
— ئەمدى تىنتىش قىلىشنى باش-
لىسىڭىز بولار؟
— قەيەرنى؟ — دېدى تاھىركام قاش-
لىرىنى ھىمىرىپ.
— ھىممەت ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ
ئۆيىنى.
— بۇ تىنتىشتىن ھېچنەرسە چىق-
مايدۇ، باشلىق.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— شۇنداق، ھېچنەرسە چىقىرالماي-
سىز. سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى.
— ئۆتۈنۈش دەمسىز؟ نېمە
دېمەكچىسىز؟
— توققۇزىنچى نويابىر سىز قامال قى-
لىشنى بۇيرۇغان بارلىق ئېغىزلارنى بۇ-
گۈن كېچىمۇ بىر قېتىم قامال قىلدۇرۇپ
بېرەلەمسىز مۇ؟
— يولداش تاھىر، — دېدى ئىدارە
باشلىقى كۆلكىسىنى يوشۇرالماي، — مەقسى-
تىڭىزنى زادىلا ئۇقالمىدىم. سىز نېمە قى-
لاي دەۋاتىسىز؟

— مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى ھىممىتتە ئەمەس. باش جىنايەتچى ھازىر جىددىي ھەرىكەتتە. شۇڭا ئۆتكەنكى ئىغىزلارنى يەنە بىر قېتىم قامال قىلايلى، دەيمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، دىگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئىشخانا مۇدىرىغا ئىيتىڭ. ئۇ بارلىق پەيچۇسولارغا مىنىڭ نامىمدا بۇيرۇق چۈشۈرسۇن.

... تۈن يىرىمىغا يىقىنلىشىپ قالغان چاغ. تاھىركام، مەن ۋە يەنە ئىككىيلەن «شەھەر دەرۋازىسى» نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان قويۇق سۆگەتلىك ئاستىدا يىقىن ئارىدىكى يولغا قاراپ ياتاتتۇق. بىر چاغدا قولۇمدىكى سىمسىز تېلېفون ئاپپاراتىغا تىل كىرىپ قالدى:

— نۆلدە بىر، نۆلدە بىر! مەن نۆلدە بەش، مەن نۆلدە بەش جاۋاب قايتۇرۇڭ!

سىگنال توختار-توختىمايلا ئاپپاراتنى تاھىركام قولىغا ئالدى:

— مەن نۆلدە بىر، مەن نۆلدە بىر، چاققان سۆزلە!

— نۆلدە بەش مەلۇم قىلىدۇ. نۆلدە بەش رايونىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئورمان بەلبېغى ئارىسىدا ئىككى چاقلىق بىر موتسىكلىتنى ئۇچراتتۇق. سۇ كولىۋەتكەن ئويمانغا يوشۇرۇنغان، تېخىچە ھىچكىم كەلمىدى.

— ئاڭلىدىم، موتسىكلىت ئەتراپىغا ئوبدان يوشۇرۇنۇپ، قاتتىق مۇھاسىرە قىلىڭلار! ھەرگىز سەزدۈرۈپ قويماڭلار.

خەۋەرلىشىپ بولغاندىن كىيىن ئاپپاراتنى ئىككىيلەنگە قالدۇرۇپ، تاھىركام بىلەن ئىككىمىز نۆلدە بەش رايونىغا كەلدۇق. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتتى. بۇ چاغدا تۈن يىرىمىدىن ئاشقان ئىدى. بىر چاغدا يىقىندىكى قۇرۇغان دەرەخ ياپراقلىرى شاراقلاپ، ئىككى گەۋدە ئورمانلىقتا كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىردەم توختاپ، بىردەم ئۆمۈلەپ دىگەندەك بارا-بارا موتسىكلىتقا يىقىنلاشتى. بىز بۇيرۇق بويىچە ئۇلار موتسىكلىتنى تۈز يەرگە ئىلىپ چىققاندىن كىيىنلا ئىتىلىپ چىقىشنى كۈتۈپ ياتاتتۇق. شۇ چاغدا كۆلەڭگىلەرنىڭ بىرسى يىغلامسىرىغان ئاۋازدا غۇدۇڭشۇپ كەتتى:

— جىي... جىنىم ئاكا، مۇشۇ ئورماندىن چىقىسىڭىزلا ئىنىسى-جىن يوق سايغا چۈشۈپ كىتىسىز. موتسىكلىتنى ئەكىلەمەن دەپمۇ ئاز جاپا تارتمىدىم. ئەمدى رۇخسەت قىلىڭ، مەن قايتىپ كىتەي.

— قايتىپ كىتەي؟ — دىدى ئىككىنچىسى شىۋىرلاپ، - سىنىڭ بۇ ئويدۈڭنى بىلمەيدىغان يىرىڭدە مىنى تىنەپ يۈرسۇن دەمسەن؟ سودا بويىچە ئاخىرىغىچە بىللە بولىمىز.

— سىز مەندىن ئەنسىرەۋاتسىز، قەسەم قىلايكى...

— ئىغىزىڭنى يۇم! يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولساڭ...

— مەن... مەن بىلمەن، سىلەر مىنىمۇ ھىممىتنىڭ كەينىدىن يولغا سالماقچى. قايتقىلى قويمىسىڭىز ئۆلسەممۇ مەيلى، ۋارقىرايمەن!

— ۋارقىرامسەن؟ مانا، ۋارقىرا! ۋارقىرا... — شۇ گەپلەردىن كىيىن ئىككى گەۋدە ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. ئاڭغىچە تاھىركام قىسىرلاشما، دەپ ۋارقىراپ، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق چىقاردى. بىز ئۇلارغا يىقىنلاپ كەلگەندە، بىرسى يەردە ئىڭراپ ياتاتتى. يەنە بىرسى گويا سىھىرلىنىپ قالغاندەك بىر تۈپ

دەرەخقە يۆلەنگىنىچە داڭ قېتىپ تۇراتتى. مەن كېلىپلا ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدىم. تاھىركام يەردە ياتقىنىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى.

— هوي، هوي! — دېدى ئۇ بىر قولىدا قول چىرىغىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قىمىرلىتىپ، — سەن كىم؟ هوي، قاراڭلار، بۇ ئوسمان ئەمەسمۇ؟

بىز گۇررىدە كېلىپ ئۇنىڭغا ئولاشتۇق. ئۇ، راستىنلا ئوسمان — ۋېلسىپىت ۋەقەسىدىكى شەخسنىڭ بىرسى بولۇپ، سەكرات ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى-ئۈچ يېرىگە پىچاق ئۇرۇلغانىدى.

7

قولغا چۈشكىنى دەل بىز رازۋېتكا قىلىۋاتقان چولاقنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ دېلونىڭ شاهىدلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن باش جىنايەتچى بىلەن پۇلنى بۆلۈشۈپ قېچىش ئالدىدا قولغا چۈشكەنىدى. لېكىن تېخى پۇل بىلەن باش جىنايەتچى سىرتتا تۇرۇۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن هاۋا باشقىچە ئوچۇق. ئىدارىدىكى پۈتكۈل كادىر-ساقچىلارنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. تاھىركام بىلەن بىر نەچچىمىز باش جىنايەتچىنى قاچان، قانداق قولغا ئېلىش ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. بىردىنلا پۇل يوقاتقان شىركەتنىڭ دىرېكتورى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە كىرگەن پېتى ياشاپ كېتىڭلار، يولداشلار، ياشاپ كېتىڭلار، دېگىنىچە ھەممىمىزنى بىر قاتاردىن قۇچاقلاپ چىقتى. ئۇ بۇ مۇرەككەپ دېلونىڭ شۇنچە تېز پاش قىلىنغانلىقىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، ئۆزى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن ھەدەپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— دېلونىڭ پاش قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ زادىلا تۇرالماي قالدىم. بۇ ھەقىقەتەن بىر كارامەت ئىش بولدى-دە، مەن ئاشۇ جىنايەتچىنى بىر كۆرسەم بولاتتى. قانداقراق بىر نېمىكىن ئۇ زادى.

— كۆردىڭىز، چوقۇم كۆربىسىز، — دېدى تاھىركام ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، — ئەمما سىز كۆرمەكچى بولغان چوڭ جىنايەتچى تېخى بۇ يەردە ئەمەس.

— بۇ يەردە ئەمەس؟ ئۇ...

— ئۇ بۈگۈنكى نۆۋەتچى بويىچە كۆزەتتىغۇ دەيمەن، ئەمدى ئىككىمىز بىللە بېرىپ تۇتىدىغان بولدۇق.

— ئىككىمىز بىللە بېرىپ تۇتىمىز دەمسىز؟ — دېدى دىرېكتور ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىغان ھالدا. شۇنىڭدىن كېيىن تاھىركام يۈرۈڭ ئەمىسە دېگىنىچە دىرېكتورنى ئېلىپ ئالدىمىزدا ماڭدى. دىرېكتور ھېلىھەم تەئەججۈپ ئىچىدە ئىدى. ئۇ شىركەت دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئۆز ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن زۇۋانغا كەلدى:

— گەپنى ئەگىتكىچە، شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلان قىلىمىز دېسىڭىزچۇ؟ بىراق ئاشۇ ئەبلەخنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىز-دە، يولداشلارنىڭ بىر كۆرۈش ئارزۇسى بار ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى تاھىركام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا يولداشلىرىڭىزنى يىغالامسىز؟!

— يىغ دېسىڭىز مانا هازىرلا.

دىرېكتور شۇنداق دەپ تۇراتتى،

يان تەرەپتىكى بىر ئىشخانىدىن غىلاجىدىن چىقىپ كەلدى.

— هوي غىلاجىدىن، قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىڭا، مۇھىم يىغىلىش چىقىپ قالدى.

دېرىكتور غىلاجىدىننى ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ بىزنى ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلغانىدى، تاھىركام ئۇنىمىدى ۋە ماڭا قاراپ كۆز ئىشارىسى قىلدى. بۇ كويىزنى سال، دېگىنى ئىدى. مەن بېرىپلا غىلاجىدىننىڭ كۇنۇپكا ئۈستىدىكى قولىنىڭ بېغىشىدىن كاپپىدا ئالدىم ـ دە، كويىزا سالدىم.

تۇيۇقسىز قىلىنغان بۇ تۇتقۇن قىلىشتىن دېرىكتور قانداق ھەيران قالغان بولسا، بىر ـ بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىغان شىركەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمۇ شۇنداق هاڭ ـ تاڭ قالماقتا ئىدى. شۇ ئاردا تاھىركامنىڭ تەنتەنىلىك ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى:

— يولداشلار! كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ قېتىمقى دېلو مانا مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ تەلتۆكۈس پاش قىلىنىپ بولدى. بىز ئاخىرى ھەقىقىي جىنايەتچىنى تاپتۇق. پۇل مۇنۇ ئالدىڭلاردا تۇرغان قۇۋۇ تۈلكىنىڭ قىشلىق ئۆيىدىكى تام مەشىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان. ھە، ئەنە قاراڭلار، پۇلمۇ كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن بىر بوپىنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان ج خ خادىملىرىنى كۆرسىتىپ.

باياتىن بېرى تاھىركامنىڭ سۆزلىرىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قۇلاق سېلىشىپ تۇرغان كۆپچىلىكنىڭ نەپرەتلىك كۆزلىرى غىلاجىدىنغا تىكىلدى. ئۇ بولسا خۇددى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك تۈگۈلۈپلا قالغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى خوتەن ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىۋاتقان قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭغا پوۋېست، داستان، ھېكايە، شېئىر قاتارلىق ھەرخىل ژانىرلاردىكى يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىجادىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي تەقرىز، ئەدەبىي ساۋات، كلاسسىك ئەسەرلەر، يەرلىك تەزكىرىلەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر بېرىلىدۇ. ژۇرنالغا 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى تەرىپىدىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ژۇرنال ھەر جۈپ ئاينىڭ 15-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. باھاسى 0.50 يۈەن، پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 58 — 26، مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: Cn65 — 1088/1.

سىزنىڭ 11-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



شېرىن قۇربان

(ھېكايە)

تۇرمۇش دېگەن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ تاسادىپىي كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق خاتىرەڭدىن ئالىبۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ، ساڭا ياتلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى يېڭىباشتىن ئېسىڭگە سېلىپ، سېنى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا قايتا ئويلاندۇرىدۇ.

رەڭگارەڭ ئېلېكتر چىراغلىرى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى»دە ئەمدىلا كۆز ئاچقان سەلتەنەتلىك «پامىر تىياتىرخانىسى»نىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى باشقىچە كۆركەم تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. بۈگۈن بۇ زالدا تۇنجى يىغىلىش — ناھىيە بويىچە مائارىپ سېپىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. مەن رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرۇپ، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بىناكارلىق ۋوسۇنى بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇپ بىرلەشتۈرۈلۈپ سېلىنغان «پامىر تىياتىرخانىسى»نىڭ مەنزىرىسىگە زوق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئىچىمدە: «ئەگەر مۇشۇ تېپتىكى قۇرۇلۇشلاردىن يەنە بىر قانچىسى سېلىنىپ، قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا، ‹مۇزتاغ ئاتا› باغرىدىن ئورۇن ئالغان بىزنىڭ بۇ ياش خىلۋەت تاغلىق شەھىرىمىز قەدىمكى ‹قىرپانلىقلار›① بەرپا قىلغان مەشھۇر ‹تاش شەھەر›دىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق گۈزەل

① «قىرپانلىقلار» — مىلادىنىڭ باشلىرىدا تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا تاجىك ئەجدادلىرى قۇرغان «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ ئاھالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② «تاش شەھەر» — ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ناھىيە مەركىزى يېنىدا خارابىسى بار قەدىمكى «تاش-شەھەر»نى كۆرسىتىدۇ.

uyghurkitap.com



بولغان بولار؟» دەپ ئويلىدىم.

يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ هازىر ناھىيەمىزنىڭ يېڭى هاكىمى شىرىپجاننى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى، مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىشقا تەكلىپ قىلايلى، دېگەن سۆزى ۋە شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا كۆتۈرۈلگەن گۈلدۈراس ئالقىشلار خىيالىمنى ئۈزۈۋەتتى.

مەن «شادىمان تاجىك» مۇزىكىسى ۋە مۇزىكا تىمپىسىغا ماس رىتىملىق گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سەھنىدە رەتلىك تۇرغان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا بىر باشتىن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىشقا باشلىدىم. ئالقىشلار، سىنتارتقۇ، سىنئالغۇ، فوتو سۈرەت ئاپپاراتلىرى چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرى، ئۆزئارا كۆرۈشۈش، تەبەسسۇملۇك چىرايلار، هاياجانلىنىش... قىسقىسى، رەئىس سەھنىسى باشقىچىلا بىر كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. مەن تەمتىرىمەي شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تارقاتقاچ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكتىمەن. ئېپى كەلگەن يەردە «سىزگە تېخىمۇ زور شان-شەرەپ تىلەيمەن!» دەپ سۆزمۇ قىستۇرۇۋاتىمەن. يېقىمدىن هاكىملىققا چىققانلىقىمدىن، يەنە كېلىپ بۇنداق دەبدەبىلىك يىغىلىشقا تۇنجى قېتىم هاكىملىق سالاھىيىتىم بىلەن قاتنىشىۋاتقانلىقىمدىن، ئىلاجىمنىڭ بارىچە چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىۋاتاتتىم.

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەنسۇر يەنە بىر شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ماڭا سۇندى. مەن ئۇنىڭدىكى: «مائارىپ سېپىدىكى تۆھپىكار باغۋەنگە...» دېگەن قۇرلارغا چالا-بۇلا قارىدىم-دە، گۇۋاھنامىنى ئېلىپ، نۆۋەتتىكى ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدىم: چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان، ئەمما چىرايىدىن ئىللىقلىق يېغىپ تۇرغان 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ئالدىمدا تۇراتتى. بۇ بەكمۇ تونۇش چىرايغۇ؟ لېكىن مەن ئۇنى دەرھال ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇ تولىمۇ خۇش كەيپىيات ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن:

— شىرىپجان ئوكا، ياخشىمۇسىز، هاكىم بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ زىيادە خۇش بولدۇم، سىزنى سەممىمىي مۇبارەكلەيمەن، — دېدى.

مەن باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. شۇ ئەسنادا گويا بىر نەرسە ئېسىمگە كەلگەندەك، لەپپىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ سول پېشانىسىدىكى هىلال ئاي كەبى تاتۇق كۆزۈمگە ئالاھىدە چېلىقتى. ئىختىيارسىز هالدا مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز هازىر قەيەردە ئىشلەۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ قانداق، مەن لەڭگەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سۇلتانشاھ ئەمەسمۇ؟

شۇ چاغدا گويا توك تەككەندەك، ئەزايى بەدىنىم بىردىنلا جۇغۇلداپ تىترەپ كەتتى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشلار تەپەككۇر ئېكرانىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:

كىچىكىمدە مەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ئۇ ئۆز كەسپىگە پۇختىلىقى، ئالىيجانابلىقى، چىقىشقاقلىقى ۋە خۇشپېئىللىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا يۇقىرى هۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇنىڭ

قاتتىق تەلەپچانلىقى، بىزنى چىڭ تۇتقانلىقىدىن دەسلەپتە مەن بىزار بولغان بولساممۇ، كېيىنكى چاغلاردا چىن قەلبىمدىن قايىل بولۇپ ھۆرمەت قىلىدىغان بولدۇم. ئۇ ھەممىشە مېنىڭدىن كەسىپ ئەھلى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلاتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ مەن باشقا جايغا خىزمەتكە تەقسىملەندىم. ئۇزۇنغىچە ئۇنى كۆرمىدىم. كېيىنكى چاغلاردا بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمىزدا ئۆزگىرىش بولدى. مەن ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۇ مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولدى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يەنىلا ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىن شەخسىي مەنپەئەتىمگە تاقىشىدىغان بىر ئىش تۈپەيلى، مۇناسىۋىتىمىزگە چاك كەتتى. ئۇ چاغدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇندىن ناھىيىمىزگە ئىشچى قوبۇل قىلىشقا بەش كۆرسەتكۈچ چۈشكەنىدى. ئىشچى قوبۇل قىلىشتا، يۈز بەرگەن ئىلگىرىكى قالايمىقانچىلىقلار ۋە كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنىڭ قايتا كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ئاشكارا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى ھەم مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بەلگىلىمە چىقاردى: بىرىنچىدىن، بۇ بەش ئىشچى بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ، نەتىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغانلار ئىچىدىن تاللىنىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئىمتىھان سوئالى چىقىرىش، ئىمتىھان ئېلىش ۋە ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمى مەسئۇل بولىدۇ.

«بۇ ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت، — دېدىم ئىچىمدە، — ھۆكۈمەتتىن مەن چىقسام، مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىدىن سۇلتانشاھ مۇئەللىم چىقسا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئايالىم گۈلىستاننى چوقۇم ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. سۇلتانشاھ مېنىڭ مۇئەللىمىم، يەنە كېلىپ ھازىرقى مۇناسىۋىتىمىز بەكمۇ يېقىن. مەن ئۇنىڭغا ئازراقلا شەپە بەرسەم، ئۇ ئىمتىھان نەتىجىسىنى چوقۇم توغرىلاپ كېتىدۇ.»

مەن ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، چايمۇ ئىچمەي، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، دەرھال سۇلتانشاھ مۇئەللىمنىڭكىگە باردىم. مەن ئىشىكتىن كىرگەندە، ئۇ ھۇجرىسىدا كىتاب جازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ «بۈركۈت ۋە تاجىكلار» دېگەن ئىلمىي ماقالە ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانىكەن. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا مۇئەللىمنىڭ ئىلگىرىكى قىياپەتلىرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە، ئۇ خۇددى ھازىرقىدەك قىياپەتتە كىتاب جازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دەرس تەييارلايتتى، تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرەتتى.

ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، مەن مۇئەللىم قۇيۇپ بەرگەن سۈتلۈك چاينى ئىچكەچ، كېلىش مۇددىئايىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— قېنى ئۇكا، ئاۋۋال ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ ئاندىن بىرنېمە دېمەيلىمۇ؟ — دېدى مۇئەللىم.

ئۇ گەرچە مېنى خۇشال قىلغۇدەك بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ قىلدىم. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، ئۆزۈمنى گويا بىرەر ئۇتۇققا ئېرىشكەندەك ھېس قىلدىم.

ئىمتىھان ئېلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى

مەن ئىمتىھان نەتىجىسىنى بىلىش ئۈچۈن سۇلتانشاھ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. قىزىق ئىش، مەن كىرگەندە ئۇ ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىكى بىلەن نەتىجىسىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، بىر قانچە تاختا قەغەزگە چوڭ خەتلىك قىلىپ تەييارلاپ بولغانىكەن. مەن دەرھال كۆز يۈگۈرتتۈم، گۈلىستان ئاران 42 نومۇر ئاپتۇ. ئىمتىھانغا قاتناشقان 78 كىشى ئىچىدە ئۇ ئاران 47 - سى ئىكەن...

— مانا ئۇكا، ئىمتىھان نەتىجىسى چىقتى، — دېدى ئۇ.

مەن يا كۈلۈشۈمنى، يا غەزەبلىنىشىمنى بىلمەي، لېۋىمنى چىشلەپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا ئىشخانا ئىشىكىنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتىم. «بۇ بەغەرەز قاقباشنىڭ ئەدىبىنى بەرمىسەم» دېدىم يولدا كېتىۋېتىپ.

دېگەندەك، ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان پۇرسەتمۇ كەلدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ناھىيىمىزنىڭ سابىق ھاكىمى شەمس ئاياللى بىلەن بىزنىڭكىگە كەلدى. ئۇ بولغۇسى كۈيئوغلى مۇرادىلنى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىش كېرەكلىكىنى، بۇ ئىش پەقەت مەن ئارقىلىقلا بېجىرىلىدىغانلىقىنى ئۇزۇن مۇقەددىمىدىن كېيىن ئىشارە قىلدى.

ئەجەب ئوبدان بولدى. كونىلار: «ئامەت كەلسە، توخۇمىڭ تاشنى چاقىدۇ؛ ئامەت قاچسا، ئاتلىدىمۇ چىشىڭ سۇنىدۇ» دەپ ناھايىتى ئوبدان ئېيتقان. ئەمدى بۇ قېرىنى خەپ... ھاكىمنىڭ تەلىپى تازا دىتىمغا ياققانىدى.

مەن بىر ھەپتە ئىچىدىلا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەنسۇر، مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم ئادىنا قاتارلىقلار بىلەن تولۇق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ھاكىم شەمسىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلى مۇرادىلنى لەڭگەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قىلىپ يۆتكەشنى، سۇلتانشاھنى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن لەڭگەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەشنى، ئۇنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك ۋەزىپىسىنى كېيىن تەڭشەشنى قارار قىلىپ بېكىتتۇق ھەم يۆتكەلگۈچىلەردىن مەسلىھەتمۇ سورىماي يۆتكىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا چۈشۈردۇق.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتتى. بىر قېتىم مەن ناھىيىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولۇپ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن لەڭگەر يېزىسىغا باردىم. يېزىلىق ھۆكۈمەت سۇلتانشاھنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا قىلغان خىزمىتى بىلەن تۆھپىسىنى كۆپ قېتىم ئېغىزغا ئالغان ۋە مەخسۇس دوكلات يازغان بولسىمۇ مەن ئانچە قۇلاق سالمىدىم. شۇ مەزگىلدە، بىر يەكشەنبە كۈنى لەڭگەر يېزىسىدا بىر چارۋىچىنىڭ تويى بولدى. مەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ داڭلىق چاپقۇر قاشقا ئېتىنى ئوغلاققا سالدىم. سۇلتانشاھ ئۆزىنىڭ بىر يۈگۈرۈك چىلان تورۇق ئېتى بىلەن ئوغلاققا چۈشتى. چەۋەندازلىقتا سۇلتانشاھ يۇرتلار ئارا داڭلىق ئىدى. مەن

ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىلا ئۇنىڭ رەقىبى ئەمەسلىكەمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، تەن بەرمىدىممۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئاستىمدىكى داڭدار ئېتىغا بەك ئىشىنىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئوغلاق تۇتۇپ كۆردۈم، لېكىن، ئاۋارە بولغىنىملا قالدى، خالاس. ئوغلاق تارتىشىش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، تون كىيىدۇرۇش مۇكاپاتى چىقىرىلغاندا، ھەر بىر چەۋەنداز ئۆزىنىڭ ئوغلاق تارتىشتىكى سەنئەت ماھارىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. سۇلتانشاھ يەردىكى ئوغلاقنى ئات ئۈستىدىن ئېڭىشىپ ئېلىپ، قوش تېقىم بىلەن تېقىملاپ، «ھۇررا!»، «چۇ!» دېگەن قىقاس - چۇقان ئىچىدە توپتىن چىقىپ كەتمەك بولۇۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ ئوغلاق بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەن پۈتۈمنى ئۈزەڭگە بىلەن ئاستا كۆتۈرۈپ، سۇلتانشاھنىڭ سول پېشانىسىگە زەرب بىلەن بىرنى تەپتىم. «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىدىكىلەرگە قاردى. ئۈزەڭگە تەگدىمۇ ياكى پۈتۈمدىكى ئۆتۈكنىڭ ناھالى تەگدىمۇ، بۇنى بىلمىدىم، ئۇنىڭ پېشانىسى يېرىلىپ، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغانىدى. ئوغلاق ئۇنىڭ قولىدىن باشقا چەۋەندازلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىرقانچە چەۋەنداز ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، سۇلتانشاھنى ئاتتىن ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. مەن چاڭ - توزان ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە ئوغلاقچىلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتىم. ئىچىمدە: «ئەجەب نامەردلىك قىلدىم - ھە» دەپ بىر ئاز پۇشايمان قىلغاندەك بولدۇم.

شۇنىڭدىن بېرى يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. ئارىمىزدىكى ئۇ ئىشلار يىراق ئۆتمۈشكە ئايلاندى. بۈگۈن مانا بۇ ئىنسان روھىنىڭ ئۇلۇغ ئىنژېنېرى، مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. مەن سۇلتانشاھ مۇئەللىم بىلەن تازا بىمئەپ يەردە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمدىن ئوڭايسىزلىنىپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي، ئاخىرىدا ئارقا - ئارقىدىن چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئاندىن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن مۇكاپات بۇيۇمىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدۇم. مېنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قىلغان تەزىمىمنى زالدىكى يىغىن قاتناشچىلىرىدىن بىر قىسمى بۇ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا بىلدۈرگەن ھۆرمىتى دەپ چۈشەنگەن بولسا، بىر قىسمى ھاكىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ھۆرمىتى دەپ كۆپرەك چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۇنى قاتتىق خىجالەتچىلىك ۋە پۇشايمان ئىچىدە ئەپۇ سوراش ئۈچۈن قىلغانىدىم. سۇلتانشاھ مۇئەللىم ئۇنى نېمە دەپ چۈشەندى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم...

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان.

www.uyghurkitap.com



# ئوۋچى ئەسلىمىلىرى

توختى ئايۇپ

(ھېكايە)

## 1

يېشىل ياپراقلار ئارىسىدا دەسلەپتە سۇس قىزىل، بىنەپشە رەڭ ياقۇت ئۈزۈكتەك تاۋلىنىپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا قاتقان قان رەڭگىنى ئالغان. قارا ئۈجمە! مانا، ياز داستىخىنى بەخش ئەتكەن بۇ تۇنجى نېمەت مېنىڭ شادلىق، ھاياجان ئىچىدە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ كەلگەنلىرىم ئىدى.

قارا ئۈجمىنىڭ پىشقان ۋاقتى دەل جەرەن ئوۋلاشنىڭ ياخشى پەيتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، قالجاقنىڭ پاكار تاغ ئارىلىرىدا تۇغۇشقا باشلىغان مەزگىلى ئىدى. بۇنداق چاغلاردا قالجاقلار يېڭى تۇغۇلغان ئوغلىقىنى تاشلاپ كېتىپ قالماي يېقىن بىر دائىرە ئىچىدە چۆگىلەپ ئوتلاپ يۈرەتتى. بىرەر يات تىۋىشنى سەزگەن ياكى پۇراقنى ھىدلىغان ھامان بۇرۇنقىغا ئوخشاش ساداقتىن ئۇچقان ئوقتەك تېز قېچىپ كەتمەيتتى. شۇڭا بۇنداق مەزگىلدە ھاۋا ياخشى بولسىلا، ئۇنىڭ قانچىسى ئۇچرىسا شۇنچىسىنى ھېچبىر قىينالمايلا ئېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

مەن تاڭ يورىماستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ ناشتا قىلدىم ـ دە، ئوق دورىنى بېلىمگە باغلاپ، مىلتىقنى ئۈشنەمگە ئېسىپ، تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. مېنىڭ تاغ دەۋاتقىنىم، ئۆيۈمدىن ئون ـ ئونبەش چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى ئۇششاق شېغىل تاشلىق، توپارەك، تاقىر، ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىق ئىدى. ئۇنىڭ نېرىقى تەرىپى بارغانسېرى ئېگىزلەپ، تاشلىرى قىزغۇچ، قارامتۇل تىك تاغقا بېرىپ تۇتىشاتتى. مەن كۈن بىلەن تەڭ تاغقا، توغرىراقى، ئېدىرلىق ئارىسىغا يېتىپ كەلدىم. ئېگىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغدىن ئېتىلىپ چۈشكەن يامغۇر سۈيى قىلىچتەك كېسىپ يالاپ، يول ـ يول قىلىۋەتكەن بۇ ئېدىرلىق قۇياشنىڭ تۇنجى نۇرلىرى

ئارىسىدا ئاجايىپ جەزىبدار، سىرلىق، باش-
قىچە بىر دۇنيا بولۇپ كۆرۈنەتتى: دۆمبەللەرنىڭ بىرلىرى يىراقتا كۆز تىككىپ
چەكچىيىپ تۇرغان ئارسلان، يولۋاسقا،
بىرلىرى يەرگە چۆككىنىچە پوم كۆشەۋات-
قان نار تۆگىلەرگە، يەنە بىرلىرى ئۇغ-
لاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتلاپ يۈرگەن
قالجاقلار توپىغا ئوخشايتتى ... مەن ئەت-
راپقا سىنچىلاپ قارىدىم: ئۇ يەر - بۇ
يەردە يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن تۆگە تاپ-
نى، بېلىق قىلتىرىقىدەك قاتتىق ئىنچى-
كە غوللىرى كۆكىرىپ، باراقسانلاپ تۇر-
غان شىۋاق، چاكاندا ... ئۇنىڭ چۆرىسىدە
جەرەن مايىقى، ئۇ قۇرۇغان - كونىرىغان...
ئىزلارنى چاڭ باسقان، دېمەك، بۇ يەرگە
يېقىنقى كۈنلەردە جەرەنلەرنىڭ ئايىغ
باسمىغانلىقى ئېنىق. مەن يەنە يۈقىرى-
لاپ ماڭدىم. بارغانسېرى تىكلىنىۋاتقان
ئېگىز - پەس تېپىدىرلىق، يامغۇر سۈيى يا-
لاپ ئۆتكەن قۇرۇق ئېقىن ...

مەن ئېگىشكىنىمچە ھەربىر قەدىمىمنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئېپىدىرلىق ئارىسىدا
يىلاندەك شەپىسىز كېلىۋاتىمەن، ئايىغىم
ئاستىدا شېغىل تاشنىڭ شىرىق قىلغان
ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدۇ. تەجرىبىلىك ئوۋچى-
نىڭ پۇتلىرى قەدەمنى ئاشۇنداق ئېلىشقا
ئادەتلەنگەن. مەن جىرا ياقىلاپ كېتىۋې-
تىپ، ئاخىرى كەڭلىكى تۆت غۇلاچچە كې-
لىدىغان قۇرۇق ئېقىن ئىچىدە جەرەن
ئىزىنى بايقاپ قالدىم. جەرەنلەر ھەر
كۈنى چۈشلۈكى پەستىكى بۇلاقتىن سۇ
ئىچىش ئۈچۈن چوقۇم مۇشۇ يەردىن ماڭغان.

مەن ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىغا يات
ئىزلارنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن
دەرھال كەينىمگە ياندىم ۋە پايلاپ يې-
تىپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكچى بول-
دۇم. ئەتراپتا يامغۇر سۈيى يالىۋەتكەن
چوڭقۇر جىرالار كۆپ بولۇپ، يوشۇرۇنۇ-
ۋېلىشقا تولىمۇ باب كېلەتتى. ئەمدىكى
گەپ شامالنىڭ يۆنىلىشىنى بىلىۋېلىشتىلا
قالغانىدى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن
بولۇپ، شېغىل تاشلىق ئاستا - ئاستا قىزى-
ۋاتاتتى. مەن ئېپىدىرلىق ئۈستىگە پەم
بىلەن يامىشىپ چىقىپ، بىر سىقىم تو-
پىنى سورۇپ كۆردۈم. ئۇخلاۋاتقان بوۋاق
تىنىقلىرىدەك كۈچسىز شامال شەرق تە-
رەپتىن بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتاتتى.
مەن شامالنىڭ قارشى تەرىپىگە جەرەن
يولىنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئېپىدىرلىق ئارىسىغا
ئۆتتۇم. ئەمدى جەرەننىڭ مېنىڭ ھى-
دىمنى پۇرىيالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن ئىككى دۆم-
بەل ئارىسىدىن ئەپلىك بىر جاينى تاللى-
دىم. بۇ يەر بىلەن جەرەن ماڭىدىغان
يولنىڭ ئارىلىقى كۆپ بولغاندىمۇ ئونبەش
غۇلاچتىن ئاشمايتتى، يول ئالدىمدا ئاپ-
ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنى
بۇنداق جايدىن جەرەننىڭ كۆزلىگەن
يېرىگە ھېچ خاتاسىز تەگكۈزەلەيتتىم.
مىلتىقنى ئوقلاپ ئالدىمغا قويدۇم - دە،
دۆمبەل ئارىسىدا تۈگۈلگىنىمچە جەرەنلەر-
نىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ ياتتىم.

ئۈمىد، تەقەززالىق، ئىزتىراپلىق يەنە
ئاللىقانداق ھاياجانلىق خىيال ... شې-
غىل ئۈستىدە قانچىلىك ياتقىنىمنى بىل-
مەيمەن، كۈن ئېپىدىرلىق ئۈستىگە تىك
كۆتۈرۈلگەن، ئەتىگەنكى كۈچسىز شامال
ئاستا - ئاستا ئۆلگىيىپ، يۈز - كۆزلىرىمگە
قىزىغان تونۇرنىڭ تەپتىدەك يالىلداپ
ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىم بىر دۆقتى-

غا مىختەك قادىلىۋېرىشتىن ھارغان. تاماقلىرىم ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئېدىرلىق ئارىسىدىن «ئۆۋ... ئۆۋ...» قىلىغان ئۇزۇك، بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇ ھامان يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. بۇ قالجاقنىڭ ئاۋازى ئىدى! مەن ئۇلارنىڭ ئادەتتە ئوغلىقىنى چاقىرىۋاتقاندا، ياكى يولدا بىرەر شەپىنى سېزىۋالغان چاغدا شۇنداق ئاۋاز چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ئاپلا! ئاياغ ئىزىمنى بايقاپ قاپتۇدە!؟ مەن دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، يەرگە تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىۋالدىم. جەرەن ھايال ئۆتمەي ئالدىمغىلا چىقىپ كەلدى، ئۇ بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، قاپقارا دۈگىلەك كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلغان ھالدا ئۇياق - بۇياققا قاراپ، ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتمەكتە، پۇرىماقتا ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا كىچىككىنە يات تىۋىش ياكى پۇراق سەزگەن ھامانلا ئالدىمدىن ساداقتىن ئېتىلىپ چىققان ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىشكە تەييار تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدىم. ئۇنىڭ يۈرىكىنى — ئالدى پۇتىنىڭ تاغاق قىسمىنى نىشانغا ئالدىم - دە، تەپكىنى بېسىۋەتتىم. گوم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جەرەن بىر غۇلاچچە ئېگىزگە قاڭقىپ كەتتى. ئاندىن خۇددى نېمىگىدۇر پۇتلاشقاندەك جايىغا گۆلۈپ قىلىپ يىقىلدى - يۇ، شۇ ھامان يەنە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئالدىمدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئوق تەگكەن چاغدىكى ھېلىقى ھالىتى ئالدىمدا كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى. مەن ئۇنىڭ مۇنچە تېز قېچىپ كەتكىنى بىلەن ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا قانسىراپ يىقىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن جەرەنگە يېتىشىۋېلىپ، تېزرەك بوغۇزلىۋېتىش ئىستىكىدە بەلبېغىمغا ئېسىقلىق پىچاق غىلاپىنى سىلاپ قويدۇم. ئاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مىلتىقنى كۆتۈرگىنىمچە بايا جەرەن يىقىلغان جايغا يۈگۈرۈپ باردىم. جەرەن گەۋدىسىنى تېشىپ چىققان ئوق بىلەن بىللە ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قان قۇرۇق ئېقىنىنىڭ تىك قاپتىلىغىچە چاچراپ بارغانىدى. مەن جەرەن قاچقان يۆنىلىش بويىچە ئېقىننى بويلاپ يۇقىرىلاپ يۈگۈرۈپ كەتتىم. ئالدىمدا جەرەننىڭ خۇددى قوزۇق قېقىپ سوغۇرۇۋالغاندىكىدەك چوڭقۇر پاتقان ئاياغ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن جەرەننىڭ شۇنچە ئارىلىقتىچە يىقىلىپ قالمىغانلىقىدىن ھەيران بولدۇم. ئوق دەل نىشانغا تەگمەي قالغانمىدۇ - ھە؟ ئۇنداق بولسا قان مۇنچىلىك كۆپ ئېقىپ چىقارمىدى؟ ياق، ئوقنىڭ ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم ئۇزۇنغا بارالمايدۇ.

قۇرۇق ئېقىن يانتۇ جىراغا، ئاندىن ئېدىرلىققا تۇتاشتى. مەن ئەمدى جەرەن ئىزىدىن كۆرە، شىغىللىق ئۈستىدە تاناپتەك ئىنچىكە ئىز قالدۇرۇپ، ئاققان قاننى نىشانلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم. شىغىل ئۈستىدىكى قان تېخى قاتمىغانىدى. مەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئىچىمدە ئوۋ خۇشاللىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ كەتكەن يەنە ئاللىقانداق كۆڭۈلسىز ۋە غەشلىك ھېس قىلىپ قالدىم. يارلانغان جەرەننى ئارقىسىدىن قانچىلىك ۋاقىت، قانچىلىك يەرگىچە قوغلاپ بار-

غالىلىقىم ئېسىمدە يوق. ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان قان ئىزىدىن باشقا ئالدىمدا ئۇنىڭ چېكىتتەك قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۈستىبېشىمدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلۇپ، ماغدۇرسىزلىقتىن بىر قەدەم چامدىغۇدەك ماجالىم قالمىدى. ئوۋنىڭ ئەتىگەندە كۆڭلۈمدە ئويغاتقان راھەتبەخش پەيزى ئەمدى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئالقىنىمغا كىرىپ بولغان تەييار ئولجىدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمايتتى. مەن چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ، ئالدىمدىكى قان تامچىلىرىنى بەلگە قىلىپ يۈگۈرۈپ مېڭىۋەردىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، تىركىشىش بىلەن جان تالىشىش، تەر بىلەن قان ئاداققى جەڭگە چۈشكەنىدى. مەن غالىبلىقنىڭ ئۆلۈمگە ئەمەس ھاياتلىققا، جان تالىشىشقا ئەمەس تىركىشىشكە، قانغا ئەمەس تەرگە تالىق بولۇشىنى تىلەيتتىم. ئەمما قېرىشقاندەك تامچىلاۋاتقان قاننىڭ ئۇزۇنلۇقتا چېكى يوقتەك، ئۇ مەڭگۈ ئېقىپ تۈگىمەيدىغاندەك، غالىبلىق ئاخىرى جەرەنگە تالىق بولۇپ، ۋۇجۇدۇمدىكى تەييار ئولجىغا بولغان ئۈمىد تەر ئىچىگە غەرق بولىدىغاندەك، ئاخىرى مېنىمۇ ھالاك قىلىدىغاندەك ئىدى. مەن ھەر قانچە ئويلاپمۇ، يارىلانغان جەرەندىن ئېقىۋاتقان قاننىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە تۈگىمەيۋاتقانلىقىنى، ئۇنى شۇنچە قەيسەر ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا ئىنتىلدۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. يۈگۈرۈۋېرىپ ئاخىرى بولالماي، دەرمانسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشەر ھالغا يەتكەن چېغىمدىلا جەرەننى قورۇق ئېقىن ئىچىدە — قېشىنىڭ بىر چېتىنى يامغۇر يالاپ كەتكەن چوققا ئاستىدا كۆردۈم: ئۇ قالجاق ئىدى. پۇتلىرىنى ئالدىغا سوزغىنىچە بىر يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. ئالدىدىكى تۇغۇلغىنىغا بىر-ئىككى كۈنچە بولغان ئۈچ ئوغلىقى ئالدى تىزلىرىنى پۈككىنىچە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى تومشۇقى بىلەن ئىتتىرىشىپ، تالىشىپ ئەممەكتە ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئاتقان ئوقۇمنىڭ ئۇنىڭ كۆكسىگە ئەمەس ئارقا پۇتىنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە تەگكەنلىكىنى بىلدىم. يارا ئېغىزىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىۋاتاتتى. قان ئۇنىڭ ساغرىسىدىكى سارغۇچ سىلىق تۈكلىرى ئارىسىدىن ئەمچەكلىرى ئۈستىگە سىرغىماقتا، ئېچىرقاپ كەتكەن ئوغلاقلار ھېچ نېمىدىن خەۋەرسىز ئۇنى سۈت بىلەن قوشۇپ ئەممەكتە ئىدى. غالجاق بېشىنى دەرمانسىزلىق بىلەن تەستە كۆتۈرۈپ، ئوغلاقلىرىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. ئۇلارنى يالىماقچى، پۇرىماقچى، ئەركىلەتمەكچى بولاتتى. ئەمما ماغدۇرى يەتمەيتتى...

مەن شۇ چاغدا قالجاق ياش قۇيۇۋاتقان ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىل بولغان بالىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ مۇرات-مەقسىتىگە يەتكەن مېھرىبان ئانىنىڭ كۆزلىرىدەك، بەخت، خاتىرجەملىك ۋە چەكسىز شادىيانىلىقنىڭ يارقىن نۇرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ تۇيۇقسىز مېنى كۆرۈپ قېلىپ، چەكچىيىپ قارىدى. لېكىن ئۇ ئورنىدىن مىت قىلىپ تەۋرىيەلمۇ قويمىدى. قورقۇش ئەمدى ئۇنىڭغا ئەبەدى يات بولۇپ كەتكەندەك، كۆزىنىڭ ماڭا خاتىرجەم، مەسخىرىلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئىچىدىكى تەكلىشى بىلەن ئۆلۈۋاتقان ۋۇجۇدىدىكى ئۆلمەس غالىبلىقنى نامايان قىلماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر ۋە قىساسكارانە نۇرنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر چاقنىشى بىلەن يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلغان چاغدىكى دەھشەتلىك ئاغرىقنى بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ـدە، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

— ھەي ... ئانا ...

مانا تۇنجى قار، ماڭا ئۇۋ خۇشاللىقى نېسىپ بولىدىغان كۈن! بىر كېچە ياغقان قار ئەتىگەندە روھىمنى بۆلەكچىلا كۆتۈرۈۋەتتى. تاغ قاپتىلىدىكى كەڭ يايلاقنى قېلىن قار كۆمۈپ تاشلىغان، ئەمدى مالچىلارغا قويلىرىنى يايلاقتا ھەيدەپ چىقىش نەدە؟ ئۇلارنى لاپاستا بېسىۋالغان زاپاس قۇرۇق چۆپ بىلەن باقماي باشقا ئامال يوق. قويلار مەرىشەتتى، شاخشا ئالدىغا تىتىلىپ، مالچىلارغا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈشەتتى. مالچىلار ئەمدى كۆزدە قاياقىدۇر تاشلىۋەتكەن ئارىسلارنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەن ئىتىمنى لاپاس ئاستىدىن يېتىلەپ چىقىپ، ئېگەر توقۇشقا كىرىشتىم.

— ئەتىگەندە نەگە؟

— ئۇۋغا.

— بەللى، قارنىڭ قېلىن ياغقىنى ساڭا پايدا بوپتۇ-دە، باۋدۇنباي؟!

مەن جاۋاب بېرىش ئورنىغا كالتە جۇۋامنى ياقىسىدىن تۇتۇپ، بىر-ئىككى سىلكىۋېتىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدۇم. دۇرۇس! قېلىن ياغقان قارنىڭ پايدىسى ئۇۋچىغا بولماي كىمگە بولاتتى؟ تۈلكە بولامدۇ، جەرەن بولامدۇ، ئەتىگەندە قارغا چۈشۈرگەن تۇنجى ئىزىغا قاراپ، ئۇنىڭ قاياققا ماڭغانلىقىغا ھېچ خاتاسىز ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

مەن ئۆيگە كىردىم، ئۆي ئىچى لىپخىچە قاراڭغۇ ئىدى. بۈركۈتنىڭ ئادەتتە كۆكۈچ، سارغۇچ كۆرۈنىدىغان بىر جۈپ كۆزى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى قاراڭغۇلۇقتا يېلىنجاۋاتقان ئىككى تال چوغدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئاللىقاچان سەزگەن، بويىنىنى مەغرۇرلۇق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈچلۈك ئۇزۇن قاناتلىرىنى سىلكىپ قويدى. شۇ ھامان ئۆيئىچىدە بوران كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ، دېرىزە پەردىسى پۇلاڭلىشىپ تەكچىدىكى گېزىت-قەغەزلەر پەگاغا ئۇچۇپ چۈشتى.

بۈركۈتكە تومۇغا كىيدۈردۈم. ئاندىن قولۇمغا تېرە پەلەي كىيىپ، ئۈستىگە بۈركۈتنى قوندۇردۇم-دە، ئىتىمغا مىنىپ تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

تاغلار ئاپئاق، يايلاقلار ئاپئاق... تېخى تۈنۈگۈنلا قۇرىغان ئوت-چۆپلىرى بىلەن سارغۇچ كۆرۈنىدىغان بۇ تاغ قاپتىلى بۈگۈن تۇنجى قاردىن مامۇقتەك يۇمشاق، ئاپئاق تون كىيگەن. كۈن ئېگىز تاغنىڭ قارلىق چوققىسى ئۈستىدە ھالسىز، ئەمما پارقىراپ كۆرۈنەتتى. تۈنۈگۈنكى قىش شىۋىرغان قار بىلەن بىللە يەر تېگىگە بېسىلىپ قالغاندەك، ھاۋا نەمخۇش ھەم ئىللىق ئىدى. يىراقتا تاغ باغرىدا ئۈستى قار بىلەن چۈمكەلگەن قارىغاي، ئارچىلار... بىپايان ئاپئاق دۇنيا ئىچىدە باشقىچە قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

ئاستىمدىكى ئات مەندەكلا خۇشال. ئۇ تىزغىچە كېلىدىغان يۇمشاق قارنى ئەتراپقا چاچرىتىپ، شوخلۇق بىلەن ئويناقلىماقتا.

قارغا كۆمۈلگەن چاتقاللىق ئارىسىدىن گۈر قىلىپ بىر توپ كەكلىك ئۇچۇپ چىقتى-دە، جىمجىت ھاۋانى تىترىتىپ، يىگىرمە-ئۇتتۇز قەدەمچە يەرگە ئۇچۇپ بارغاندىن كېيىن، قېلىن ئىرغاي چاتقاللىقى ئارىسىغا چۈشۈپ يوشۇرۇنۇشتى. مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم. كۆزۈم ھامان قار ئۈستىدە، ئىزلارنى ئاختۇرۇش بىلەن بەنت

ئىدى. مەن ئاشۇ تەقلىدتە چاتقاللىقنى ياقىلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇۋچىغا خاس سەزگۈر كۆزلىرىم تۇيۇقسىز قار ئۈستىدە تېخى يېڭىلا ھاسىل بولغان ئىزلارغا قادىلىپ قالدى. ھېچ خاتاسى يوقكى، ئىزنىڭ بىرى، جەرەننىڭ، بىرى بۆرىنىڭ بولۇپ چاتقاللىقتىن باشلانغانىدى. مەن شۇئان، بۆرە چوقۇم جەرەننىڭ ئىزىغا چۈشكەن دەپ ھۆكۈم قىلدىم. مەن قار ئۈستىدە گاھ كىرەلىشىپ، گاھ پاراللېل بولۇپ سوزۇلغان بۇ بىر جۈپ ئىزنى بويلاپ ئېتىمنى چاپتۇرغىنىمچە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتىم. ئالدىمدىكى دۆمبىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە كەڭ كەتكەن يايلاق يېيىلىپ ياتاتتى. مەن دۆمبىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈشۈم بىلەنلا يىراقتا ئۇلارنى كۆرۈپ قالدىم. جەرەن ئالدىدا جان جەھلى بىلەن پىرىلداپ، ئۇياق - بۇياققا قاچماقتا، بۆرە بار سالمىقى بىلەن ئۇنىڭغا تاشلىنىپ، قار ئۈستىدە ۋىژىلداپ ئۇچماقتا ئىدى. مەن جەرەننىڭ بۆرىگە ئەمەس، ماڭا تالىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەن شۇ ھامان بۈركۈتنىڭ تۇمىغىنى ئېلىۋېتىپ ئاسمانغا قويۇۋەتتىم - دە، بۆرىنى قاچۇرۇش مەقسىتىدە ھايت ... ھۇيت ... دەپ چۇقان - سۈرەن سېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدىم. بۈركۈت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە كۆك قەھرىگە ئۆرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېتىپ باردى. ھەي، نەسلىڭ! مەن بۈركۈتنىڭ جەرەننى تاشلاپ قويۇپ بۆرىگە ئېتىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ئۇ ئاسماندا كۈچلۈك قاناتلىرىنى چىڭ جۈپلەپ، ساداقتىن ئۇچۇپ چىققان ئوق سىياقىغا كىردى - دە، پەسكە قاراپ ۋىژىلداپ ئېتىلغىنىچە بۆرىنىڭ ئۈستىگە زەرب بىلەن تاشلاندى. قورقىنىمدىن بېشىم پىر قىلىپ ئايلىنىپ كەتتى، شۇئان ئېتىمغا تارسىلدىتىپ قامچا ئۇردۇم ...

ئېتىم غۇيۇلداپ ئالغا كېتىپ باراتتى، كۆزۈم بولسا بۈركۈتۈم بىلەن بۆرىدە ئىدى، بۈركۈت بىلەن بۆرە قارنى پۇرقىرىتىپ توزىتىپ، جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئېست، شورلۇق بۈركۈتۈم تۈگەشتى! دەپ ئويلىدىم مەن. ئەمما مەن يېتىپ بېرىشقا ئەللىك قەدەمچە قالغان چاغدا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. بۆرە جېنى قاقشاپ غىڭشىغاندەك قىلدى - دە، يۇقىرىغا قاراپ قېچىپ كەتتى. بۈركۈت بىر پۇتىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بۆرىنىڭ ئوڭ يوتىسىنى مەھكەم قاماللىغانىدى، يەنە بىر پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى كەڭ كەرگىنىچە ھەدەپ ئالدىغا سوزاتتى. ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىلغانىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان بۆرە بىلەن تەڭ بۈركۈت يۇقىرى - تۆۋەن لەپەڭشىپ باراتتى. كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. ئەمدى بۆرىنىڭ بۈركۈتكە ئېغىز سالالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈركۈتنى چىشلەش ئۈچۈن ئاغزىنى كەينىگە بۇرايدىغانلا بولسا، بۈركۈت يەنە بىر پۇتى بىلەن بۆرىنىڭ ھوشۇقىدىن قاماللاپ ئىككى پۈكلەپ بېسىۋالاتتى. ئەمما قېرىشقاندەك، بۆرە كەينىگە قاراپمۇ قويماي چاتقاللىق تەرەپكە قاراپ قاچماقتا. مەن بىردىنلا تەشۋىشكە چۈشۈپ، بۆرىنى ئۇچۇق يايلاق تەرەپكە قوغلىماقچى بولدۇم. ئويلىمىغان يەردىن كەلگەن نەسلىڭ! ئېتىم ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. مەن يېتىشىۋالايلا دەپ قالغان بۆرە ئاستا - ئاستا مەندىن ئۇزاپ كېتىشكە باشلىدى ۋە

www.uyghurkitap.com



ئاخىرى قويۇق چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ ئىتىمغا ئارقا-ئارقىدىن قامچا ئۇردۇم-دە، ھايال ئۆتمەي چاتقاللىققا بۆسۈپ كىردىم. لېكىن ئون قەدەمچە ماڭمايلا كۆز ئالدىمدىكى دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ ۋارقىرىغىنىمچە ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم. بۈركۈت ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن يىرىلغان يېرىم گەۋدىسى بىلەن قۇرۇپ كەتكەن ئىرغاي كۆتىكى ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئۈچەي-باغرىدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بېشى پەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېچىقلىق تۇرغان سارغۇچ كۆزلىرىدە دۇنيادا ھېچبىر ھاياتلىقنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىش مۇمكىن بولمايدىغان قەيسەرلىك، باھادىرلىق ۋە قەھرى-غەزەپنىڭ غالىبانە چاقنىشى قېتىپ قالغانىدى. مەن بۈركۈتنىڭ يېرىم گەۋدىسىنى يالغۇز قاناتلىرى ئارىسىغا ئوراپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئەمما ئۇنىڭ پۇتىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆتەكتىن ئاجرىتالمىدىم. ئۇنىڭ قاپقارا ئۆتكۈر تىرناقلىرى خۇددى قېقىلغان مىختەك كۆتەككە چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنىدى.

مەن ئىختىيارسىز ھېلىقى بۆرىنى ئويلاپ كەتتىم. بەختسىز، بىچارە بۆرە... كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇ شۇ قېچىشىدا تاغ ئارىسىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ بىرىگە كىرىپ ئېچىنىشلىق ھۇۋلاۋاتىدىغاندۇ، ياكى ساغرىسىدا ھېلىمۇ ساڭگىلاپ تۇرغان بۈركۈتنىڭ يېرىم پارچىسىنى قارسىلدىتىپ چايناپ يەۋاتقاندۇ. ئەمما بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ھامان بۆرىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

3

قېرىغىنىمدىن دەرمانسىزلىنىپ، توغرا تامنىڭ كەينىدىن چۈشمەس بولۇپ قالغان دادام ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ئوۋچىلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قانچىلىك زوق-شوخ ۋە ھەۋەس بىلەن بىزگە سۆزلەپ بەرگەن بولسا، بىزمۇ شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىغىنىمىزدىن ئاغزىمىز ئېچىلىپ قالىدىغان.

راست، مەن ئەقلىمنى بىلسەم ئۆيىمىزدە جەرەن گۆشى ئۆكسۈمەيدىكەن. بىز ئۇنى كۈندە يەۋەرگەنلىكتىن تويۇپ، كېكىرىپ، گۆشتىن چىقىپ كەتكەنلىرىمىز، بۇنداق چاغدا دادام بىزگە كۈلۈپ: «ئالدىڭغا تەييار كەلگەننى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىۋاتىسەنغۇ تايىنلىق! مېنىڭ بۇلارنى ئېتىپ كەلگىچە تاغدا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدىغانلىقىمنى بىر كۆرۈشسەڭ ئىدىڭ. يېيىشكە ھاردىڭلار! دورا بۇ...!» دەپ توۋلىغانلىرى ئېسىمدە.

ئاخشام قازناق ئۆيىنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىدىن تاشلاپ قويۇلغىنىغا خېلى يىللار بولغان كونا مىلتىقنى تېپىپ چىقتىم-دە، توپىلىرىنى سۈرتۈپ، داتلىرىنى ئادالىغاچ دادامغا كىرىپ يالۋۇردۇم:

— ئۇ ئىشنى قىلسامۇ، بۇ ئىشنى قىلسامۇ ھېچ ئەپلەشمەيۋاتىدۇ، يەنىلا سىزنىڭ ئوۋچىلىق كەسپىڭىز ئاسان ئوخشايدۇ. ئەتىدىن باشلاپ شۇ ئىشنى قىلىپ باقايمىكىن دادا؟

دادام ئۇنىمىدى، قولۇمدىن مىلتىقنى ئالدى-دە، ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ

ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ كەتتى. ئاندىن بىر كۆزىنى قىسىپ، ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىكى نېمىنىدۇر نىشانغا ئېلىپ باقتى-دە، قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى.

— سىنىڭچە بۇ پىلانىم قانداقراق؟— مەن تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم.

— سەن ئوۋچىلىقنى شۇنچىۋالا ئاسان چاغلىدىڭمۇ بالام؟

— نېمە تەس؟ تاغدا نېمە تولا؟ جەرەن بىلەن تېكە، ئالدىمغا ئۇچرىغاننى گۇم قويىمەن-دە، كۆتۈرۈپ كېلىۋېرىمەن.

— ئەسلىدە ئوۋچىلىق دېگەننى سەنلا قىلالايدىغان بوپتىكەن، — دېدى دادام كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ، — ئەمىسە، سېنىڭ ئوۋچىلىققا يارايدىغان-يارىمايدىغانلىقىڭنى بىر سىناپ كۆرەي، ئەتە ئەتىگەندە هويلا ئالدىدىكى تېرەككە قونغان قاغىدىن بىرەرنى ئېتىپ باققىن.

مەن خۇشاللىقىمدىن تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىنى كۈتۈپ، مىلتىقنى قۇچاقلىغىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن. پۈتۈن بىر كېچە قاغا چۈشەپتىمەن.

... تېرەك شېخىغا بىر توپ قاغا قونغۇدەك، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئالدىدا قايسىسىنى ئاتسامكىن، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقۇدەكمەن، شۇ چاغدا تۇمشۇقىغا ئاپئاق شور ئۆرلەپ كەتكەن بىر قېرى قاغا يېنىدىكى ياش قاغىغا ئاستا دەۋاتقۇدەك:

— يېشىملا ئۈچ-ئۈرۈم بولدۇق بالام، ئامان-ئېسەن ياشاي دېسەڭ، هەر ۋاقىت هوشيار بولغىن. ئادەملەرنى بىلىسەنغۇ، دۇنيادا ئۇنىڭدىن ۋەهشىي، يىرتقۇچ مەخلۇق يوق. ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىق دېگەن نەرسىگە پەخەس بول، ئادەملەر ئۇنى ساڭا تەڭلەپ بولغىچە ئۇچۇپ كەت.

ياش قاغا دەۋاتقۇدەك:

— كېپىڭىز توغرا ئاپا، ئادەملەر ماڭا مىلتىقنى تەڭلەپ بولغىچە ئەمەس، شۇ خىيالنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغىچە ئۇچۇپ كەتسەم بولامدۇ؟

مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. دادامنىڭ مېنى قاغىنى ئېتىپ باق، دېگىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن-دە، ئاپلا... سىناقتىن ئۆتەلمەيدىغان بولدۇم. قاغىنىڭ بۇ سەزگۈرلۈكىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك ئەقىل مەندە نەدە؟ ئەمدى ئوۋچىلىق ساڭا مەڭگۈ نېسىپ بولمىغۇدەك، بۇ مىلتىقنىمۇ قولۇمغا ئالماي، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

## 4

مەھەللە ئىمامى ئىككىمىز بارلىكى سورۇنلاردا مەن بىلەن ئېيتىشقىنى ئېيتىشقانىدى.

— ئەلۋەتتە كېرىم، قۇشقاچ، پاختەك بولسىمۇ جان ئەمەسمۇ-هە؟ مۇشۇ باۋۇدۇن پولىگاننىڭ دەستىدىن خۇدانىڭ بۇ جانىۋارلىرىغا ئامانلىق يوق، بۇغا دەمدۇ، مارال دەمدۇ، جەرەن دەمدۇ، ئارقار دەمدۇ، ئاسماندىكى غاز، ئۆردەك دەمدۇ، بىردەم مىلتىقىدا ئېتىۋاتقان، بىردەم بۆركۈتكە ئالدۇرۇۋاتقان، بىردەم تاپان تۇزاق قويۇۋاتقان... نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك، نېمىدېگەن تاش يۈرەكلىك بۇ! خۇداۋەندە كېرىم بۇنىڭ قىساسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چوقۇم ئالىدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار جامائەت، ئاشۇ قىلغانلىرىنى ئۆزىگە بۇ ئالەمدىلا كۆرسەتمەي قويمايدۇ!

بۇنداق چاغدا جامائەت ماڭا قورقۇش، تەشۋىش ئىچىدە خۇددى مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۋاتقاندەك چەكچىيىپ قاراشىپ قالاتتى. ئىمام كېرىلىپ كېتەتتى. مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، ئۈندىمەي ئولتۇراتتىم. خەپ... بۇنىڭدىن كېيىن زادى پولگانلىقنى تاشلاي، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما سورۇندىن چىقىپ ئۆيگە بارغاندىن كېيىنلا ئۆزۈمگە بەرگەن بۇ ۋەدىلىرىمنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. شىرنىڭ بىلەن تاغقا ياكى جاڭگالغا يۈگۈرەيتتىم، ئىمام ئاخىرى تېخىمۇ ئەدىگىلى تۇردى.

— ياشلىرى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، گۇناھلىرىغا قاچان تەۋبە قىلىسىلا؟ خېلىدىن بۇيان كۆڭلۈمدە ساقلاپ كەلگەن بىر گەپ بار ئىدى. ئەمدى ئېيتىپ قوياي، پەقىر دىنىي ئىلىمدە كامىل بولمىسامۇ، ئەمما... خۇداغا ئىخلاسىمەن، چىۋىن، كۆمۈتە چاغلىق نەرسىلەرنىڭ جېنىغىمۇ ئىچىم ئاغرىيدىغان كۆڭلى يۇمشاق ئادەممەن، مەن بۇ پەزلى ئىنايىتىم بىلەن ئۆزۈمنى خۇدانىڭ يېنىدا تۇرغاندىكىدەك ھېس قىلىمەن، مۇبادا سىلە بۇ جان قاقشاتقۇدىغان ئىشتىن قول تارتمىسىلا، سىلىنىڭ جامائەت سېپىگە قوشۇلۇشلىرىنى چەكلەيمەن، سىلىدەك خۇدادىن قورقمايدىغان، تىلسىز جانىدارنىڭ قىساسىغا بوغۇلغان ئادەمنىڭ مەسچىتتە ماڭا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشىنى خالىمايمەن.

— بولىدۇ ئەمىسە، — دېدىم مەن ئىمامنىڭ يەنە ئەزۋەيلەۋەرگەنلىكىدىن جەھلىم قېتىپ، ئەتىدىن باشلاپ مەسچىتكە چىقماي، ناماز دېگەننى مەسچىتتە ئوقۇدى نېمە، ئۆيدە ئوقۇدى نېمە، خۇدا ئۇنىڭ قايسىسىنى مەقبۇل كۆرسە ئۇ ھېساب.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىمام مېنىڭ چىرايىمغىمۇ قارىماي يۈردى. ئەمما بىر كۈنى ئۇ كۈتۈلمىگەندە ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى، ئۆيدىكىلەر ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ، ئۆرە-تۆپە بولۇپ كېتىشتۇق. ئىمامنىڭ ئىككى كۆزى نېمىشقىدۇر كىزىتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. ئىمام تۆرگە چىقىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن پاتىھە قىلغاندىن كېيىن كۆزىنى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

— ئەستە غېپۇرۇللا... كۆرمىدىلا، قېرىغاندا تەگكەن بۇ مۇسىبەت كېسەللىنى، — دېدى.

— راست، يامان بوپتۇ، — دېدىم مەن ئىچ ئاغرىتىپ، — دوختۇرغا كۆرسىتىپ باققىدىغان ئىش ئىكەن.

ئىمام شۇ ھامان زەردە بىلەن قولىنى سىلكىدى:

— ۋاي قويسىلا، دوختۇر دېگەن شۇ قىزىل كۆزلەرنى! بارمىدى دەمىلا؟ ئوتتۇز كوي خەجلەپ بولدۇم، ئوتتۇز كوي...! خۇدايىم باركى بەرگەن دورىسى تىرناقچىلىك پايدا قىلسا...!

مەن ئۇلۇغ-كىچىك تىندىم.

— مەن قاشلىرىغا بىر نەرسىنى سوراپ كىرىۋىدىم، — دېدى ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولغان پىيالىنىڭ ئاغزىنى ئەمدى ئىچمەيمەن دېگەن مەنىدە ئالقىنى بىلەن يېپىپ قويۇپ. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئوڭايسىزلىنىشمۇ، يېلىنىشمۇ، خىجىللىقمۇ بار ئىدى.

— خوش...؟ سورىغانلىرى بىزدە بار بولسىلا، — دېدىم مەن مۇلايىملىق

بىلەن.

— تولا رەھمەت... ئەتىگەندە جامائەت دەيدۇكى، جەرەن ئۆتى كۆز ئاغرىققا شىپا بولارمىش دەپ. شۇڭا سەت بولسىمۇ ئالدىلىرىغا...

دۇرۇس گەپ. مېنىڭ نەزەرىمدە كۆز ئاغرىقى، نامازشام قارىغۇسى ئۈچۈن جەرەن ئۆتىدىن زىيادە دورا يوق ئىدى، مەن جەرەن ئۆتىدە مۇنداق ئاغرىقلارنى داۋالاپ، تالاي كېسەللەرنىڭ مەشئاللا - رەھمىتىگە ئېرىشكەن.

— ئاڭلىغانلىرى راست، — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن، — كۆزلىرىگە جەرەن ئۆتىدىن بىر قېتىم قۇيۇۋالسىلا كۇپايە، ئەمما بىرلا شەرت، ئۆت يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن جەرەننىڭ بولۇشى، كۆزگە قۇيغىچە سوۋۇپ قالماسلىقى كېرەك.

— ۋاي شورۇمەي... ئەمدى تىرىك جەرەنگە نەگىمۇ بارارمىز؟

— ...

— ئۆزلىرى پولگان، بىرەرسىنى تۇتقىلى بولماسمۇ؟

— تۇتقىلىغۇ بولار، ئەمما ئالدىلىرىدا گۇناھلىرىنى يۇيۇپ بولالمايۋاتقان ۋاقتىمدا...

— ۋاھ، گۇناھ دېگەن قانداق گەپ؟! — دېدى ئىمام ئۆز ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرگۈچى ئاۋازدا خىتاب قىلىپ، — دۇنيادا ھاجەتمەن بەندىنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلماقتىن ئارتۇق ساۋابلىق ئىش يوق. يەر - زېمىنى، دەل - دەرەخ، جان - جانىۋار، ئۇچار قۇش... ھەممىسىنى خۇداۋەندەكېرىم ئىنساننىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ياراتقان، مەسىلەن، جەرەننى دەيلى، ئۇنىڭ گۆشى نېمە ئۈچۈن كىتابتا ھالال دېيىلدى؟ ئىنسان رىسقىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن - دە، ئەھلى مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتىم دەپ قېنىنى چىقارماي ھارام يېيىشىنىڭ ئورنى يوق. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ قۇربانلىق ئۈچۈن خۇدا ئەۋەتكەن كۆك قوشقارنى بوغۇزلىغانغۇ؟

ئىمام ئۆز ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ قۇرئاندىن، پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن نەقىل كەلتۈرەتتى. ئۇۋچىلىقنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى.

مەن ئاخىرى ئىمامغا جەرەن ئۆتى تېپىپ بېرىشكە رازىلىق بەردىم. لېكىن ئىمام جەرەننى ئۆيگە تىرىك ئەكېلىش، ئەكەلمەسلىكىمگە ئىشەنچ قىلالماي، ئۇۋغا چوقۇم بىللە بېرىشىم كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدى، ئۆزىلا يولدا قىينالدىم، دەپ زارلىمىسا ماڭا نېمە؟ مەن ئەتە جاڭگالغا بېرىپ قاپقان قويۇپ كېلىدىغان، ئىككى كۈندىن كېيىن ئىمامنى باشلاپ بارىدىغان بولدۇم. نېمىسىنى دەي... ئىككى كۈنگىچە ئىمامنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، نامىزىنىڭ ناماز، ئىشىنىڭ ئاش بولماي كەتكىنى...! مەن قاپقان قويۇپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ئىككىمىز ئىككى ئېشەككە مىندۇق - دە، جاڭگاللىققا جۆنەپ كەتتۇق. كۈجۈم مەھەللە، ئېتىزلىقلار ئارقىمىزدا قالدى، ئالدىمىزدا ئۇپۇققا تۇتاشقان پايانسىز شورلۇق يېيىلىپ ياتاتتى. ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان ھارۋا يولىدا يۇمشاق توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتىمىز. ئىمامغا يات-

www.uyghurkitap.com



پات كۆز قىرىمىدا قاراپ قويىمەن. ئۇ ئېشەك ئۈستىدە مەسسە - كالاچ كىيگەن ئۇزۇن پۇتىنى يەرگىچە ساڭگىلىتىپ، ئالدى-كەينىگە چايقالغىنىچە ئالقىنى بىلەن كۆزلىرىنى ئاپتاپتىن توسۇپ ئۈنسىز خىيال ئىچىدە كەلمەكتە. خېلىدىن كېيىن دەريا تاشقىنى شورلىرىنى يالاپ كەتكەن ئاق بىنالىقا، باراقسانلاپ ئۆسۈۋاتقان پاكار يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا يېتىپ كەلدۇق. جەرەنلەرنىڭ ماكانى، مەن قاپقان قويغان جايمۇ دەل مۇشۇ يەر ئىدى. ئالدىمىدىكى يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدىم - دە، ئالدىراپ ئېشەكتىن چۈشتۈم، ئەجىرىم بىكارغا كەتمىگەن ئىكەن! قاپقانغا چۈشكىنى تولىمۇ يوغان، سېمىز بىر جەرەن ئىدى. قاپقان ئۇنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ بېغىشىدىن قىسقان، ئۆزى قاپقان بىلەن كېچىدىن بېرى ھەپىلىشىپ ھالىدىن كەتكەن بولسا كېرەك، يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ بىزنى كۆرگەن ھامان قورقىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئالدىغا يۇلقۇنۇپ، ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دۇپ - دۇگىلەك چىرايلىق كۆزلىرى بىزگە تەشۋىش، قورقۇنچ ئىچىدە چەكچىيىپ تىكىلىپ تۇراتتى. قالجاق خېلىلا قورساق سالغان، يىلىنىمۇ يوغىناپ قالغانىدى.

— ھەي ئېسىت... بوغاز ئىكەن،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ.

— بوغاز بولسا نېمە بوپتۇ؟ — ئىمامنىڭ ئاپئاق چاپاق قايناپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى.

— پولكانلار بوغاز جانىۋارنى ئۆلتۈرمايدۇ. بۇ بىر ئادەت، بىز بۇ جەرەننى قويۇۋېتەيلى.

— ۋاي - ۋاي... نېمە دەيدىغانلا، نەدە بوغاز ئۇ؟

— ئەنە قورسىقى بىلەن يېلىنىغا قاراپ باقسىلا.

— ياقەي! — ئىمام خاپا بولۇپ قولىنى سىلكىدى، — سېمىزلىكى كۆزلىرىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەن گەپ. بوغازلىقىنى مەن بىلمەيمەنمۇ؟

خېلىغىچە گەپ تالاشتۇق، ئىمام كېيىمگە كۆنەر ئەمەس، ئۇ شۇ تاپتا كۆز-



لىرىنىڭ دەھشەت ئاغرىشلىرىنىمۇ ئۇنتۇغان، ھەدەپ قالجاقنىڭ بوغاز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— قالجاقنىڭ بوغازلىقىغا ئىشەنمىسلە مەيلى، ئىش قىلىپ مەن بۇنى ئۆلتۈرمەيمەن، — دېدىم مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ.

— ئەمىسە پىچاقنى ئەكەلسىلە، — ئىمام يەڭلىرىنى شىمايلاپ قولىنى ماڭا ئۇزاتتى.

ئادالەتلىك خۇدا، ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇڭ، — يىغىرلىدىم ئىچىمدە، — بۇ بەختسىز جانىۋارنىڭ قورسىقىدىكى تىرىك جاننىڭ قىساس-ئۇۋالى كىمگە بولىدۇ؟ ئۆزۈڭ ھۆكۈم قىلغىن...

ئىمامغا زەردە بىلەن پىچاقنى ئۇزاتتىم. ئىمام پىچاقنى قولىغا ئېلىۋاتقان چاغدا شۇنداق بىر چەكسىز خۇشاللىقنى كۆردۈمكى، دۇنيادا خۇشاللىق، بەخت ۋە شادىيانلىق ئىنسان ۋۇجۇدىدا مۇنچىلىك ئەكس ئېتەر دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئىمام قالجاقنى ئاستىغا قاماللاپ بېسىپ بوغۇزىغا پىچاق سۇردى-دە، تېخى ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تىپىرلاشلىرى، خىرقىراشلىرى بېسىلماي تۇرۇپ، قورسىقىنى يېرىشقا باشلىدى. ئاچچىق بىر يىغا كېلىمىغا كەپلىشىپ قالدى!

تۇغۇلۇشقا بىر-ئىككى كۈنلۈكلا قالغان بىر جۈپ ئوغلاق يېرىلغان قورساق ئىچىدە مىدىرلاۋاتاتتى. ئىمام ماڭا قاراپ، ھىجىيىپ قويدى.

— ئەمدىغۇ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكەنلا ئىمام ئاخۇنۇم! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم مەن، — مانا! بىر ئەمەس، ئۈچ جاننىڭ ئۆتى!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن.


## «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى — دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پايتەخت بېيجىڭدا ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىرىلىدىغان سىياسىي نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىغە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان مەزكۇر ژۇرنال رېئاللىققا يۈزلىنىپ، راست گەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىلىم خاراكتېرى كۈچلۈك، قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق قىلىپ چىقىرىلىدۇ، ئۆز تەۋەلىك دائىرىسىدە ئاخبارات نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىرچە ئىككى ئايدا بىر سان چىقىرىلىدۇ. ئايلىق باھاسى 0.40 يۈەن، يېرىم يىللىق باھاسى بىر يۈەن 20 پۇڭ. پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58.

10-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن ئېتىبارەن جايلاردىكى پوچتىخانىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى باشلايدۇ.

جۇڭگو «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ئىككى ھېكايە

## مەن ئوغلۇمنى ئۇردۇم

مەن ئوغلۇمنى ئۇردۇم، ئۇرغاندىمۇ
خېلى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات ئۇردۇم. ئۇ-
نى شاپىلاق زەربىسىگە ئەمەس، بەلكى تۇ-
غۇلغىنىدىن بېرى تۇنجى قېتىم قول تەگ-
كۈزگىنىمنىڭ ئاھانىتىگە چىدىماي ھۆڭ-
رەپ يىغلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.
لېكىن ئۇ يىغلىمىدى، ھەتتا شاپىلاق تەگ-
كەن مەڭزىنى سىلاپمۇ قويمىدى. كۆزلە-
رىنى چەكچەيتىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى-
دە، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك دەرسلىك
كىتابىنى قولىغا ئالدى.

ھەيران قالغۇدەك ئىش، ئۇ نېمىشقا
يىغلىمايدۇ، بۇنداق چىدام، بۇنداق سەۋر
تاقەت سەككىز ياشلىق بالىغا نەدىن كەل-
گەن ؟

مەن بىلىمەن، ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ
يۇمران تېنىگە جىسمانىي دەشنەم بېرىش—
ئەڭ نادان، ئەڭ قوپال، ئەڭ يارىماس ئا-
تىنىڭ ئىشى، لېكىن، شۇنداقمۇ چاغلار
بولىدۇكى، پەرزەنتىڭدىن ئۆتۈلگەن ئەڭ
ئەجەللىك بىر سەۋەنلىك تۈپەيلى ئۆزۈڭنى
زادىلا تۇتالمايسەن-دە، پۈتكۈل نارازى-
لىقىڭنى، ئاتىلىق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭنى
ئالقانلىرىڭغا توپلاپ، مانا شۇنداق ئۇرۇپ
تاشلايسەن!

پالانى ئۆز بالىسىنى ئۇرۇپتۇ، دېگەن
گەپ ئەلۋەتتە چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان گەپ
ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن، مېنى تاش يۈرەك
دەپ ئەيىبلەيدىغانلارمۇ تېپىلار، ياق، مەن
تاش يۈرەك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۆ-
يۈمچان ئاتىلارنىڭ بىرى، پەقەت ئاشۇ كۆ-
يۈمچانلىقلا مېنى تاش يۈرەكلەرچە قوپال-
لىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

ۋەقە مۇنداق، ئىككىنچى مەۋسۇملۇق
ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيانقى ئىككى ھەپ-
تىدىن بېرى ئوغلۇمنىڭ مىجەزىدە غەيرىي-
لىك يۈز بەردى، گەپ-سۆزلىرىدە، يۈ-
رۈش-تۇرۇشلىرىدا بەزىبىر غەلىتە قىلىقلار
پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ مەك-
تەپتىن قايتىپ كېلىپ بوخچىسىنى كارىۋاتقا
تاشلىدى-دە، تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— دادا، سەن باشلىقمۇ؟

— ياق، داداڭ باشلىق ئەمەس، —مەن
كىتابتىن باش كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردىم.
ئۇ يەنە سورىدى:

— باشلىق بولساڭ بولمامدۇ، دادا؟

— باشلىق دېگەن بولىمەن دەپ بولى-
ۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ

ئۇستىگە داداڭدا باشاق بولغۇدەك ئىقتىدارمۇ يوق.

— ھىم، سەندە ئىقتىدار يوقكەندە!

ھىم دېگەن ئۇرغۇ ئۇنىڭ چىشى ئارىلىقىدىن چىقتىمۇ ياكى دىمىقىدىنمۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن، ئىشقىلىپ، چىرايىغا چۈشىپ بولمايدىغان بىر ئالامەتلەر ئۇلاشتى. تېرىلىرى پارقىراپ تۇرغان كېچىككىنە بۇرنىنىڭ ئۇستىدە ئىرماش-چىرماش سىزىقچىلار پەيدا بولدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئۇستىلىنى تاراقلىتىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا تارتتى-دە، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇش قىلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغلۇمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەرگىلى تۇردى. ئىلگىرى كۆز قىرىمنى تاشلاپ قويسىملا مۇددىئايىمنى دەرھال چۈشىنىپ ئىش تۇتىدىغان بالا ئەمدى جىددىي نەسىھەتلىرىمنىمۇ پەرۋايىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى. ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەركىلىتىش-ئەركىلەشمۇ سېغىنىشلىق ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

مەنمۇ كۆپىنچە ئەركىشلەردەك، مىجەزى خېلىلا ئېغىر-بېسىق بىر ئادەم، بىراق، ئەركىشى چىدىغانغا ئايال كىشى چىدىمايدىكەن. ئوغلىمىزنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئانىسىنى ئوبدانلا ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. بىر كۈنى ئىككىمىز خالىي قالغان چاغدا ماڭا:

— دادىسى، ئوغلىمىزنى دوختۇرغا ئاپىرىپ ئوبدانراق بىر تەكشۈرتۈپ كۆرمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ بىچارە دەرستىن قېلىشتىن ئەنسىرەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە؟! — دېدى، ئۇ، شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا بۇقۇلداپ كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى.

بالىلارنىڭ ئانىسىغا راستىنلا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇنىڭ ئادەتتە ئوغلىمىزنى ھەممە بالىلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغىنى ماڭا ئايان ئىدى. مەن بالىلارنىڭ ئانىسىنى ئۇنى-بۇنى دەپ خاتىرجەم قىلغان بولساممۇ، ئەمما ئۆز كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلالمىدىم، ئەكسىچە ئەندىشىلىرىمنى ئاشۇرۇۋالدىم، دەسلەپتە ئوغلۇمنىڭ بارلىق ئويۇن-تاماشىنى تاشلاپ، جىمى زېھنىنى دەرس تەكرارلاشقا قارىتىۋاتقىنىنى، تىرىشچانلىقىنىڭ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۈچىيىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مەيلىلا، ئۆگىنىشكە ئۆزلۈكىدىن قىزىقىپ كېتىۋاتقان بولغاندىكىن ئارتۇقچە غەم قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ قارىغان بولسام، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ساراسىمىگە چۈشكىلى تۇردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوغلۇمنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئالامەتلىرى تامامەن يوقالدى. كۈنبويى قاپىقىنى تۈرۈۋالغىنى تۈرۈۋالغان، ئىشىكنى تېپىپ كىرىپ، تېپىپ چىقىشى، ئەرزىمەس بىر باھانە بىلەن سىڭلىسىنى ئۇرۇپ تىللىشى، ھەتتا ئاشۇ ئامراق ئاسلانىمۇ كۈن بەرمەسلىكى مېنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

مەن بالىلار پسىخىكىسىغا قىزىقىدىغان بىر ھەۋەسكار بولغىنىم ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال پسىخىكا قوللانمىسىغا مۇراجىئەت قىلدىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىپ نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ رەھمىتىنى ئالغان ئادەم بولغاندىكىن ئۆز ئوغلۇمنىڭ پسىخىك كېسەللىكىمۇ داۋا تاپالايمەن، دەپ ئىشەندىم. ئاخشاملىرى باش كۆتۈرمەي كىتاب كۆردۈم، ئويقۇمنى تەرك قىلدىم، ئويلىنىۋېرىپ، كاللامنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى uyghurkitap.com

ئەمما چوتنى خاتا سوقۇپتىمەن، ئىشنىمۇ ئاسان چاغلاپتىمەن. پىسخىكىدىكى پىسخىك بىنورماللىق دېگەن كېسەلنى تاپقان بولسامىمۇ، بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى، داۋالاش «رېتسېپى» ھەققىدە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم، يەنە كېلىپ، بۇنداق پىسخىك بىنورماللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان باللارنىڭ دادىسىنى بىردىنلا كۆزگە ئىلماس بولۇۋالىدىغان، ئانىلىق مېھرىنى رەت قىلىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەرسكە بېغىشلايدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى توغرىسىدا ھېچنېمىگە يېزىلماپتۇ. ئوغلۇمنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىش پىسخىك بىنورماللىق كېسىلىگە ياتامدۇ - يوق، بۇنىڭغىمۇ كېسىپ بىر نېمە دېيەلمىدىم.

كىتابتىنمۇ رايىم ياندى. ئاخىرى ئۈمىدىمنى خىزمەتداشلىرىمنىڭ مەسلىھەتىگە باغلىدىم - دە، ئۇلارغا ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردىم. خىزمەتداشلىرىممۇ مەن كۆرگەن - كۆرمەگەن بىرقانچە پارچە قېلىن كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆردى ۋە ئىلاجىسىز باشلىرىنى چايقاشتى. ئوغلۇم بولسا ئۆيدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. كىتاب، تاپشۇرۇق دۆۋىسىگە كىرىپ كەتكەنسېرى ئاش - تاماقىنىمۇ ئۇنتۇيدىغان، ئوينىغىلى كىرگەن قۇرداشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان، ھەتتا بەزىدە ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان ھالغا يەتتى، سىڭلىسى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاشۇ بىچارە ئاسلانمۇ ئۇنى كۆرسە دىرىلدەپ تىترەپ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولۇپ كەتتى.

بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قوياتتى. ئەمدىلا بوي تارتىۋاتقان يۇمران بەدىنى، نازۇك ئەسەبلىرى بۇنداق ئېغىر روھىي يۈككە، جىسمانىي بېسىمغا ھەرگىز چىداشلىق بېرەلمەيتتى. مەن راستىنلا جىددىيلىشىپ قالدىم. بارا - بارا قورقىلى تۇردۇم، مۇبادا كەلگۈسىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلارغا نىشانلانغان ئامراق ئوغلۇم ئۇنداق - بۇنداق بولۇپ كېتىدىغان بولسا، ئازابقا، پۇشايمانغا ئانىسىلا ئەمەس، مەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئەر - خوتۇن تۈپتۈغرا بىر كېچە مەسلىھەتلىشىپ چىققاندىن كېيىن ئوغلۇم بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىپ كۆرمەكچى بولدۇم - دە، بىر كۈنى كەچتە پاراڭنى باشلىدىم:

— ئوغلۇم، ئاتا - ئاناڭغا دېيەلمەيۋاتقان ھەرقانداق گېپىڭ بولسا تارتىنماي، قورقماي دەۋە!

ئۇ قېرىنداش ئۇشلاشنى داۋام قىلىۋەردى. گېپىم پاشا غىڭشىغانچىلىكمۇ تەسىر قىلمىغان بولسا كېرەك، ئاخىرى سۆزۈمنى يالۋۇرغان تەلەپپۇز بىلەن قايتا تەكرارلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئوغلۇم، گېپىم قۇلىقىڭغا كىرىۋاتامدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق تاماقمۇ يېمەي ئۆگىنىشكە ئۆزۈڭنى ئۇرۇۋېرىدىغان بولساڭ چاتاق چىقىدۇ. شۇڭا...

ئۇنىڭ قوشۇمىسىدا ئۈچ تال پاراللېل سىزىق پەيدا بولدى - دە، ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— سەن مېنى ئۆگەنمە، مەندەك ئىقتىدارسىز ئادەم بول دېمەكچىمۇ؟ ياق، مەن ئۆگىنىمەن، چوڭ بولغاندا باشلىق بولىمەن.

— باشلىق بولۇپ نېمە قىلىسەن؟

— نېمە قىلىسەن؟ باشلىق بولىمەن

دېدىمۇ، بولماي قويمايمەن!

شۇ مىنۇتتا يەر - ئاسمان ئاستىن ئۈستۈن بولدىمۇ، ياكى دەسسەپ تۇرغان يېرىم لەرزىگە كەلدىمۇ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. قەلبىمنى ئۆرتەپ تۇرغان بىر پارچە ئوت بىردىنلا يانغىنغا ئايلاندى. تومۇرلىرىمدىكى جىمى قان قايناپ - تېشىپ بىردىنلا مېڭەمگە قۇيۇلدى. بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم، ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە بىر شاپىلاق سالپتىمەن، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇرنى ئۈستىدە يەنىلا شۇ ئىرماش - چىرماش سىزىقلار...

شۇ كېچىسى كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كىرمىدى. ئامراق ئوغلۇمنى ئۇرۇپ قويغىنىمنىڭ پۇشايمىنى ئەمەس، بەلكى ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدا ئوقۇيدىغان بالىنىڭ مۇشتەك تۇرۇپ ئەمەل چۈشى كۆرۈشكە باشلىغىنى مېنى ئوخلاتمىدى. يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام مەن بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىر ئورگاندا ئىشلەۋاتقان بارات سەۋدانىڭ يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت - تەزىم قىلىپ كۆچۈكلىنىپ، ئېپى كەلسە پارا بېرىپ، ۋىجدانسىز ئەمەلدار بولغىنىنى كۆرۈۋېرىپ شۇنداقمۇ، كېچىسىمۇ - كۈندۈزىمۇ باشلىق بولۇش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن سەسكىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. قوتاندىن بۆرە چىققاندەك، مەندەك بىر رايىش، مۇلايىم ئادەمنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئەمەلدارلىق چۈشىنى كۆرىدىغانلارنىڭ چىقىپ قالغىنى ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلدى.

ئەمدى ئوغلۇمنى بىر شاپىلاق ئۇرغاندىن كېيىنكى بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:

بىر كۈنى بورانىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى بىلەن تاڭ يورۇشىغىلا ئويغىنىپ كەتتىم. دېرىزىنى ئېچىپ قارىسام قار ئارىلاش شۇۋىرغان چىقىۋېتىپتۇ. ئەمدىلا يوپيۇرماق چىقىرىۋاتقان قارىياغاچ شاخلىرى توساتتىن ھۇجۇم قىلغان سوغۇق ئېقىمىنىڭ زەربىسىگە چىداشلىق بېرەلمەي، زىيادە ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن قېرى ھامماللاردەك ئېگىلىپ قاپتۇ. قار چاپلىشىپ، ئۆچكە چۈپپۈرىدىن ئېشىلگەن قوپال ئارغامچىغا ئوخشاپ قالغان ئېلېكتىر سىملىرىدىن بىر توپ ئويۇنچى بالا تەڭ مۇشتەك چېلۋاتقاندەك سادا كېلىۋېتىپتۇ.

نېمىلا دېگەن بىلەن ئاتىلىق مېھرىدىن ئىبارەت بۇ گۈلخاننى ھەرقانچە قۇدرەتلىك شامالمۇ ئۆچۈرەلمىسە كېرەك. تېخى تۈنۈگۈنلا گويا چالا كۆيگەن چوۋۇلدەك ئۆرتەۋاتقان ئاتىلىق مېھرىم بۈگۈنكى بۇ شۇۋىرغان تۈپەيلى بىردىنلا يانغىنغا ئايلاندى - دە، ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ، ئوغلۇمغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنى قوزغىۋەتتى.

مەن يۈر ئوغلۇم دېدىم - دە، ئوغلۇمنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى، قوپاللىق قىلغان گۇناھىمنى (ھازىرچە تېخى گۇناھ ھېسابلىمىسامۇ) يەڭگىللەتمەكچى بولدۇم. ئۇ تارتىنىپ ئولتۇرمىدى، ۋېلىسىپىتىمنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىدەك بېلىمدىن تۇتۇپ قۇچاقلىمىدى. يىڭنە سانجىلغاندەك ئۇرۇلۇۋاتقان قاربورانىنىڭ زەربىسىدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىدى.

بىز دۈگدەيگەن، شۈمشەيگەن ھالدا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. قارشى تەرەپتىن توختىماي سىگنال ئۇرۇپ

كەلگەن بىر قوڭغۇررەك «سانتانا» يېنىمىزغا كېلىپ چېپىسىدە توختىدى. پىكاپ ئىشىكى ئېچىلدى. پىكاپتىن ئالدى بىلەن بارات سەۋدانىڭ بېشى كۆرۈندى، ئارقىدىنلا ئوغلۇم بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئوغۇل بالا شوپۇرنىڭ ياردىمىدە يەرگە چۈشۈرۈلدى.

قاق ناشتىدا تۈزۈكرەك بىر ئادەمنى ئۇچراتساقچۇ دېدىم ئىچىمدە كۆڭلۈم غەش بولۇپ. ئوغلۇمنى تارتقۇشلىدىم.

— ماڭ ئوغلۇم، سىنىپىڭغا!

ئەجەب ئىش، ئوغلۇم تاپىنى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك مىدىرمۇ قىلمايتتى.

— ماڭمامسەن ئوغلۇم...

ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى، كۆز نۇرىمىز مانان بىلەن قاپلانغان بوشلۇقتا گىرەلەشتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ تال پاراللېل سىزىق پەيدا بولدى. ماڭا خۇددى مېنى بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ بىر قارىۋالدى-دە، نەزەرىنى مەندىن يۆتكەپ، قوڭغۇررەك پىكاپقا، پىكاپتىن خۇددى بايۋەچچىدەك گىدىيىپ چۈشۈپ دادىسىغا قاراپ قول شىلتىۋاتقان بالىغا تىكتى. ئوغلۇم ماڭا يەنە بىر قاراپ قويدى-دە، يۈرىكى ئۈستىدىكى پاراللېل سىزىقلار يوقالماستىنلا كىچىك مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، لېۋىنى چىشلەپ، يۈگۈرگەن پېتى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى...

— ئوغلۇم، ئاستىراق ماڭ...

كۆتۈرگەن قولۇم ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى، بوينۇمدىن ساقىپ چۈشكەن مۇزدەك سوغۇق يامغۇر سۈيى سىرىلغان بويى دۈمبەمگە چۈشۈپ، غولۇمنى مۇزلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆز ئالدىمدا يالت قىلىپ چاقماق چېقىلدى...

چاقماق چېقىلدى، ئوغلۇمنىڭ يۈرىنى ئۈستىدە پەيدا بولغان سىزىقلارنىڭ سىرى، ئەمەلدار بولۇشقا بەل باغلىغىنىمنىڭ سەۋەبلىرى ماڭا بىردىنلا ئايان بولدى. بىلدىمكى، ئۇ ئەمەلدار بولالمىغىنىم، توغرىسى، بارات سەۋدادەك قوڭغۇررەك پىكاپنىڭ خوجايىنى بولالمىغىنىم ئۈچۈن مەندىن كۆڭلى قالغان-دە، بىلەرمەي ئەمەلدارلىق چۈشىنى كۆرۈشكە باشلىغان!

ھەيھات، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا بارمۇ؟! مەن نېمىدەپ ئوغلۇمنى ئۇرغاندىمەن!

## مېنى ئەيىبلىمەڭلار

بىزنىڭ ئىدارە، ئادەتتىكىدەكلا بىر ئىدارە، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ، يۈرگۈزۈۋاتقان فۇنكسىيىسىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئىدارىلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بىراق شۇنىسى قىزىقكى، سىمىز ئادەمنىڭ قورسىقىدا ئىشتان توختىمىغاندەك، بىزنىڭ بۇ ئىدارىدە زادىلا باشلىق توختىمايدۇ. پالانى باشلىق بوپتۇ، دەپ سوزۇپراق ئېيتىپ بولغۇچە بۇ باشلىق مەنسەپ شوتىسىنىڭ يېڭى بىرۋاخنىسىغا دەسسەيدۇ-دە، قەيەرلەرگىدۇ كېتىپ قالىدۇ. مەن بولسام بىرقانچە خوتۇنباز ئەردىن تالاق قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن بىچارە خوتۇندەك، خۇددى دەڭگە ئوخشاپ قالغان باشلىق ئىشخانىسىنىڭ تاشقىرىسىدىكى كىچىككىنە كاتىپ بۆلمىسىدە ئېگىكىمنى

يۈرۈپ يەنە يېگىسى بىر باشلىقنى كۈتۈ-
ۋالسەن.

شۇنداق قىلىپ، كەلگەن ۋە كەتكەن باشلىقلىرىم بىلەن ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەرگە ھەقدا بولۇپ تۇرغىنىم، ياكى ھۆججەتلەر-نىڭ ھەممىۋاسىنى قولۇمدىن ئۆتكۈزگىنىم ئۈچۈنمۇ مېڭەم رەڭمۇرەڭ تەسىراتلارغا تولۇپ كەتكەن، شۇڭا مېنى، تىرىك مۇ-ناسىۋەتلەر ئارخىپى، دېسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق دېسەم، بۇ ئەمدى باشلىقلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئېچىپ، يېغىرىنى تاتلايدىغان بولدى، دەپ ئەندىشە قىلىپمۇ كەتمەڭلار، توغرا، سىلەرنىڭ ئەندىشەڭلار ماڭا چۈ-شىنىشلىك، باشلىقنىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ قويۇپ بالاغا قېلىشىمنى خالىمايسىلەر، شۇنداقمۇ؟ ئەمما مەن تولا دەككە يەپ تۇرمۇشۇقۇمدا نەچچە قات ياماق چۈشكەن ئادەم، باشلىقنىڭ چىشىغا تەگكىلىمۇ بې-شىم ئۇن ئەمەس.

لېكىن، ئەل ئۆمرىدە غەيۋەتتىن خالى ئادەم بولمىسا كېرەك. مەنمۇ ئادە-مىزات جۈملىسىگە كىرىدىغان بىر تىرىك مەخلۇقتۇ، غەيۋەت قىلسامۇ يولى بىلەن قىلسام بولمامدىمۇ؟ بۇ يەردە ھەم بىخە-تەرلىك مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئە-دارىمىزدىكى مەمۇرىي دەرىجە جەھەتتىن مەندىن تۆۋەن، ئادەتتىكى خىزمەتچىدىن سەل يۇقىرى تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر شەخس ھەققىدە ئازراق غەيۋەت قىلىپ بەرمەكچىمەن.

بۇ شەخسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا. ئۆزىنى ئابدۇللام، ئابدۇل، مەمەتابدۇل، ئابدۇگۇل دەۋالىدىغان چاغلىرىمۇ بار. ئۇ 44—45 لەرگە ئۇلىشىپ قالغان؛ قارىماققا سالاپەتلىك ئادەم. كۆزىنىڭ سەل كىچىك-لىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆگىسى ئاق، قېشى، بۇرنى، ئاغزى خېلىلا ئۆلچەملىك. كۆڭلى توق، كۆڭلى خاتىرجەم چاغلىرىدا يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالىدۇ، تۇرمۇشىدا ئارزۇسىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىرەر تو-سقۇن بولدىمۇ، ئىنچىكە بۇرۇتى تۇساتتىن قىرىپ تاشلىنىدۇ. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ كې-يىنىشلىرى ھەققىدە بىر نەرسە دېمەك بەكلا تەس. بەزىدە كاستيۇم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، كىيىم-كېچەك ماگى-زىنلىرىدىكى مودىلدەك قېتىۋالىدۇ، بەزىدە بولسا تۆت يانچۇقلۇق، بەش تۈگمىلىك خادانى چاپان، قاسماقلىشىپ كەتكەن شەپ-كە كىيىپ، زامان بىچارىسىدەك تۈگۈلە-ۋالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ رەسمىيەت بويىچە يىلىغا بىر قېتىم تولدۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئارخىپىنىڭ خىزمەت تەركىبى گرافىسىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، ئەھۋال تېخىمۇ غەلىتە. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ بۇ ئىدا-رىگە ئىشقا كىرگەن تازىلىق ئىشچىسى، بىر يىل بۇرۇن شتاتلىق كادىر، بۇ يىل يىل بېشىدا بولسا ستاتىستىكا باشقارمىسىدىكى بۆلۈمچە باشلىقى.

ئابدۇللانىڭ ئارخىپىدىكى بۇ تۇقسەن گرادۇسلۇق ئۆرلەشكە ھەركىم ھەر نېمە دەپ باھا بېرىدۇ-يۇ، كۆپىنچىسى بۇنىڭ سىرىنى ئۇقمايدۇ، بەزىلەر ئۇنى چېقىشقاق بولغاچقا شۇنداق تېز ئۆرلىگەن، دېسە، بەزى-لەر ئۇنىڭغا غايىبتىن ئامەت كەلگەن دېيىشىدۇ. ماقۇل، ئابدۇللاغا ئامەت كەلگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى، شۇنداقتىمۇ، كەلگەن ئامەتنى تۇتۇۋالىدىغانغىمۇ سەز-گۈرلۈك، يەم-پاراسەت كېرەكتە! مەسىلەن، ئامەتنى ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇشقا ئوخ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شاتىساق، بۇ قۇشنى تۇتۇش ئۇچۇن نە-
قابىلىق توزاق قۇرىدىغانلارمۇ، مىلتىق
بىلەن ئاتىدىغانلارمۇ، يوشۇرۇن تور يا-
يىدىغانلارمۇ، مەرتلىك بىلەن دان چېچىپ،
ئالداپ ـ سالداپ ئۆزىگە ئۆگىتىۋالىدىغان-
لارمۇ بولىدۇ.

ـ كاتىپ ئۇكا، باشلىقنىڭ ئالدى
بىكارمىكىن؟

مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشىمنى جايىدا
توختىتىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ـ دە، يېنىمدا
قول باغلاپ، ئەتىگەندە ئېچىلغان ئاپتاپ-
پەرەستەك ھىجىيىپ تۇرغان ئابدۇللانى
كۆردۈم.

بۇ، يېڭى كەلگەن باشلىق رەسمىي
ئىشقا چۈشكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئىدى. ئۇ
ئىدارە ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش، يەنى
ھەر بىر خادىمنىڭ ئاددىي رويخېتىنى
كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇۋا-
تاتتى.

ئابدۇللانى ئىچكىرى ئىشخانىغا كىر-
گۈزۈۋەتمەي قۇتۇلالمايدىغىنىمنى بىلگەچ-
كە، تۆت يانچۇقلۇق چاپان كىيىپ، چوق-
قىسىغا خېلىلا كىچىك كەلگەن گىلەم
دوپپىنى قوندۇرۇۋالغان ئابدۇللاغا باش
ئىشارىتى بىلەنلا ئىجازەت بەردىم. ئۇماگا
چوڭقۇر بىر تەزىم قىلىپ بولۇپ ئوچۇق
تۇرغان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.

تۆۋەندىكىسى باشلىق ۋە ئابدۇللا
ئارىسىدا بولۇنغان، مەن ئېنىق ئاڭلاپ
تۇرغان سۆھبەتنىڭ ئەينەن خاتىرىسى:

ـ ھوي، سىز كىرگىلى خېلى ئۇزۇن
بولدىمۇ، ئەجەب مەن كىردىم دېمەيسىز، يا
ئۆھۆ دەپ بىر ئېغىز يۆتۈلۈۋەتمەيسىز،
ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ!

ـ ئۆزلىرى خىزمەتكە شۇنچىۋالا
قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن يەردە، مالاللىق
يەتكۈزۈشكە نېمە ھەددىم؟

ـ ياق... ياق... ئۇنداق دېگىلى
بولمايدۇ، كۆرۈۋاتقىنىم ئىدارىمىزدىكى
رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، خىزمەتچى خادىم-
لارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى، مەسىلەن، ئائىلى-
لىۋق، يۇرتى، سىياسىي قىياپىتى، جىنسى،
يېشى، ئىش تۈرى دېگەندەك...

(ئارىدا بىر پەس جىم ـ جىتلىق)

ـ بەللى، باشلىق دىگەن مانا مۇ-
شۇنداق بولسا، راستىنى ئېيتسام، ئىشنى
ناھايىتى زۆرۈر يەردىن باشلاپتىلا، كادىر-
لار قۇرۇلمىسى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ
چىقىپ، بەزىبىر ئىللەتلەرنى تۈگەتمىسە
بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالغان ئىدى
بۇ ئىدارىدە.

ـ ھىم، ئېيتىپ بېقىڭ، قايسى
ئىللەت ئۇ؟

ـ بۇ... بۇ... دەي دېسەم تىلىم كۆ-
يىدۇ، دېمەي دېسەم دېلىم...

ـ پاش قىلىشتىن قورققۇدەك قانداق
ئىللەت ئۇ، ئورۇنسىز ئەندىشىلەردە بول-
ماڭ، مانا مەن بار!

ـ دەپ كەلسەم بۇ غەلىتە ئىدارىدە
تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىللەت بەك تولا،
ئىللەتنىڭ ئىللىتى يەنە ئاشۇ ئىپلاس
يۇرتۋازلىق!

ـ يۇرتۋازلىق؟

ـ ھەئە، يۇرتۋازلىق، بۇرۇنقى باش-
لىقنىڭ غەيۋىتى بولۇپ قالمىسۇن، بۇ ئى-
دارىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن
يۇرتۋازلىق ئىللىتى ئاشۇ باشلىق زامانىدا
شەكىللەنگەن!

(«تۈزۈكنى يەپ، تۈزلۇقىنى چاقاي»
دېگەن شۇدە!)

— مەسىلەن:

— مەسىلەن، سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقىمۇ، مەمۇرىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ، ھەتتا خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ ھېلىقى سابىق ئىدارە باشلىقى بىلەن بىر يۇرتلۇق! ئىدارە بويىچە ئۇنىڭ يۇرتلۇقلىرى جەممىي يىگىرمە سەككىز كىشىگە يەتكەن، ئۇنىڭ ئون سەككىزى ئەر، ئونى ئايال، ئۇلار ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى سانىنىڭ 17.9% نى ئىگىلەيدۇ!

(تووا خۇدايىم، جاھاندا مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەندە، ئۇ ئالدىنقى باشلىق ئىشقا چۈشۈپ ئەتىسىگىلا ئۇنىڭدىنمۇ ئالدىنقى باشلىق ئۈستىدىن دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە شىكايەت قىلغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى توغرىسىدىكى پىرسەنتنى ئون تۆت دەپ مەلۇم قىلغان)

ئىشخانىدا باشلىقنىڭ ناھاللىق شىبىلتىنىڭ رىتىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي ئىست، ھەي ئىست، بىزنىڭ تىلىمىزغا «لوق»، «لىك» دېگەن قوشۇمچىلار زادى نەدىن كېلىپ قالغان بولغىيتتى، مانا مۇشۇ «لوق»، «لىك» مىللىتىمىزنى نېمە كويلارغا سالمىدى - ھە؟ يەنە قاچانغىچە يۇرتۋازلىق قىلىپ يۈرەرمىز، بىزدە بۇ ئىللەت قاچانمۇ تۈگەر؟

(چوڭقۇر ئۇھ تارتىش، ئۈستەلگە زەرب بىلەن تەگكەن مۇشتنىڭ ئاۋازى.)

— كۆڭلۈمدىكىنى دېدىلە باشلىق، مەنمۇ پارتىيىگە ئىنتىلىۋاتقان بىر ئاكتىپ بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىپلاسلىقتا ئۇچىغا چىققان يۇرتۋازلىقتا خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئۆچ! مۇنداق قارىسام، ئىدارىمىز مانا ئەمدى ئۆزلىرىدەك بىر ئىنتېرناتسىيونالىزمچى، خەلقچىل ئېسىل رەھبەرگە ئېرىشىپتۇ!

(ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئىككى قېتىم ئېيتىلغان سۆز مانا ئەمدى يەنە تەكرارلانماقتا. پەقەت باشلىق ئۆزگەرگەن، شىكايەت قىلغۇچى ۋە شىكايەت مەزمۇنى ئۆزگەرمىگەن.)

— ھە، ئوبدانلا مۇڭدىشىپتۇق - يۇ، ئىسمىڭىزنى سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن، ئىسمىڭىز نېمىدى، ئۆزىڭىز قەيەرلىك؟

— ئىسمىم ئابدۇل، ھۆرمەتلىك باشلىقىمىز بىلەن بىر يۇرتلۇق.

(كارامەت دېگەن مانا ماۋۇ، ئوزاقى يىلدىكى باشلىقنىڭ يۇرتدىشى بولۇۋېلىپ ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا ئۆتكەن، ئالدىنقى يىلدىكى باشلىق بىلەن بىر يەرلىك بولۇۋېلىپ، سىتاتىستىكا بۆلۈمچىسىگە ئۆستۈرۈلگەن بۇ كاززاپنىڭ بىر دوملاپلا ئۆزگىرىۋالغىنىغا قارىماسىلەر.)

— ھە، مۇنداق دەڭ، قايسى يېزىدىن؟

— قارا دۆڭدىن.

— قارا دۆڭ دېدىڭىزمۇ، قارا دۆڭنىڭ نەرىدىن؟

— قارا دۆڭنىڭ تېرەكئالدى كەنتىدىن.

— ھە، بىزنىڭ قارا دۆڭ يېزىسىدا تېرەكئالدى دەيدىغان بىر كەنت بار، دەپ ئاڭلىغىنىم يادىمدا، مەنمۇ ئۇ يەردىن كىچىك چىقىپ كەتكەن، شۇنداق قىلىپ يۇرتلۇق چىقىپ قالدۇق دەڭا؟

— ھى...ھى...ھى...بىزنىڭ ئۇ يۇرت نى - نى ئادەملەر چىقىدىغان يۇرت جۇمۇ!

(قەغەزنىڭ شىرىق - شىرىق قىلغان

ئاۋازى)

— ھوي، بۇ رويخەتتىكى مەمتابدۇللا دېگەن سىزمۇ نېمە؟ يۇرتىڭىزنىمۇ باشقىچە بىر نېمىدەپ يېزىپ قويغاندەك قىلدىڭغۇ؟

— ھە، بىلدىم، بۇمۇ ئاشۇ يۇرتۋازلىقنىڭ كاساپىتى، بۇرۇنقى باشلىقنىڭ مېنى ئۆزىگە تارتىمەن دەپ ئويلىغان ئويۇنى بولمامدۇ، دادامنىڭ دادىسىنىڭ ئاشۇ يۇرتتا تۇغۇلغانلىقىغا قاراپلا شۇنداق يېزىۋەتكەن بولماي، ئىسمىمنىڭ بېشىغا «مەت» نى قوشۇۋالغىنىمچۇ تېخى، بىز دېگەن جىق قارا دۆگىلەكتە!

(تۇفى، دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىمىش!)

— ھىم، مۇنداق دەڭ. ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، سىزدەك بىر سەۋىيىلىك ئادەمگە كىچىككىنە بۆلۈمچە باشلىقلىق ۋەزىپىسى تولىمۇ كىچىكلىك قىلىدۇ ئابدۇل، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە تەشكىلىگە ئىنتىلىدىكەنسىز، يۇرتۋازلىق قىلىشقىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا قارشىكەنسىز، ۋەزىپىڭىزنى پىرىنسىپال قوللاپ تۇرايلى، بولامدۇ؟

— ھىممەتلىرىڭىزگە رەھمەت باشلىق، يۇرتۋازلىق شوتىسىغا دەسسەپ ئۆگزىگە چىقىۋالغانلارنى كەسكىنلىك بىلەن غولىتىپ، ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرسىڭىزلا ئۆزلىرىدىن رازى بولۇپ قالىمەن، ئەمەل-ئاتاق دېگەنلەرگە ئانچە خۇشۇممۇ يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ ئابدۇل، ئەمەلنى سىزدەك، بىزدەك ئادەملەر تۇتمىسا كىم تۇتىدۇ. ئاشۇ يۇرتۋازلارمۇ؟!

— ئالدىمدا ماختىدى دەپ خاپا بولسىلىمۇ مەيلى، لېكىنزە، سىلىدەك ئادىل باشلىق كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ جۇمۇ؟!

(ئون ئىككى بال شامال دېگەن مانا مۇشۇ، ئەمدى پەيىنىڭ ئۇچمىغىنىنى كۆرۈڭلار!)

ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئويلىغىنىمدەكلا بولدى. پەي راستىنلا ئۇچتى. ئۇچقاندىمۇ سۈنئىي ھەمراھ سۈرئىتىدە ئۇچتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن باشلىقىم بىر پارچە جەدۋەلنى ئالدىمغا تاشلىدى ۋە ئابدۇللانى، ياق ئابدۇلنى ئۈستۈرۈش مەسىلىسىنى ئويلاشماي بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاتتىم، قولۇمغا ئىتائەتمەن قەلىمىمنى ئالىمەن-دە، قارا دۆگىلەك ئابدۇلنىڭ جەدۋىلىنى تازا قاملاشتۇرۇپ تولدۇرماستىن باشقىچە چارە يوق، سىلەر مېنى ۋىجدانغا خىلاپ يول تۇتتى دەپ ئەيىبلىمەڭلار، قاراپ تۇرۇڭلاركىنى، ناۋادا مارىستا ئادەملەر بار دېگەن قىياس راست چىقىپ قالسا ۋە ئۇلارنىڭ قايسى بىرىسى ئۇچار تەخسىگە ئولتۇرۇپ يەر شارىغا چۈشۈپ، ئىدارىمىزگە باشلىق بولۇپ قالسا، مانا مۇشۇ ئابدۇل ئۆزىنى پالانى يۇلتۇز تۈركۈمىگە قاراشلىق پۇستانى سەييارىنىڭ جەنۇبىي يېرىم شارىدىن دەپ ئېلان قىلىدۇ-دە، ئۇلار بىلەن يۇرتاۋۇق بولۇۋېلىپ، چوقۇم يەنە ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. ماڭا ئېيتقاندا توقسەن سوم نان تېگىدىغان كاتىپلىقىمنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا تۆت بالامنى نېمە بىلەن باقىمەن؟!

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

ئەنەيتۇللا قۇربان

# خازان تۇيغۇلىرى

(نەسىر)

خازانلار ھۆركىگەن قۇشلاردەك شاخلاردىن ئاجراپ ئۇچتى. ئۇنى شاماللار ئۇينىتتى، نۇرلار سۆيدى. شۇ تاپتا ئۇلار چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىدە پەرۋاز قىلىپ، يۇرتكىمدىن ناخشا ئىزدەۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا قاراپ ھەسرەتلەندىم. قەلبىم قېتىدىن بىر ئاچچىق يىغا سىزدىۋاتىمەن. ئۇلار شۇ تاپتا قۇشلارنىڭ توزىغان پەرلىرىدەك يەر كۆكسىگە باغرىنى يېقىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەمدى شاماللار قوينىدا زېمىننىڭ قوۋزاقلىرىدەك ئېقىۋاتىدۇ. ئىزلارغا كۆمۈلۈشنى ئىستىگەندەك ئاياغلارغا ئېسىلىۋاتىدۇ. ئاھ، خازانلار، خازانلار! قەلبىمدە سىلەرگە ئاتاپ بىر ناخشىنى قايناتقان ئىدىم، ئەجەبا ئۇنى ئەمدى تىلەش ھاجەت بولمىسا.

قاقشال قىلىشنى خالىغان شاخلار ئۆزىگە ئەقىدە باغلىغان بولۇق ياپراقلارنىڭ ھاياتتىن جۇدا بولۇشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئەنە ئۇ شاخلار ياپراقلارنى ئۇزۇقسىز سارغايتتى. تىلەمچىدەك زېمىندىن ئۇزۇقلۇق ھەم ئۇسسۇزلۇق تىلەۋاتقان سانسىزلىغان يۇپۇرماقلارنىڭ سارغايغان چېھرىنى ئوتلۇق قۇياشنىڭ كۆيۈمچان قوللىرى كۆيدۈرۈپ سىلاۋاتىدۇ. كەچكۈزنىڭ رەھىمسىز ئاچچىق شامىلى ئۇلارنىڭ ئاجىز ۋۇجۇدىنى جىراۋاتىدۇ، ئۇ كالىندارنىڭ ۋاراقلىرىدەك تۆكۈلۈۋاتىدۇ. بەلكى سىز ئۇنىڭ باھاردا يەنە بىخ سۈرۈپ، باراقسانلىشىپ، سايە تاشلايدىغانلىقىنى ئويلاپ تىنچلىنىۋاتقانسىز. لېكىن مەن خۇددى ئاشۇ خازانلاردەك قورۇلۇۋاتىمەن. چۈنكى ئۇلارغا سالىيوتلاردەك جۇلالىق ھەم رەڭدارلىق، شارلاردەك بەھۇزۇر لەيلەش ھەم ئۆرلەش، قۇشلاردەك ئەركىن ئۇچۇش ھەم پەرۋاز قىلىش، ئانا ماكانىنىڭ گۈللەردەك گۈزەل كۆرۈنۈشىنى تويغۇچە تاماشا قىلىش، ئىپاردەك پۇرىقىنى ھىدلاش نېسىپ بولمىغان، ئۇلارغا نىسبەتەن كىشىلەر قەلبىدە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئويغانمىغان. ئۇلار پەقەت سارغىيىدۇ، بەرگىدىن ئاجراپ تۆكۈلىدۇ، ئاچچىق شامالغا يېلىنىپ، دوقمۇشلاردىن دوقمۇشلارغا ئۇرۇلۇپ سەرسان بولىدۇ. ئاياقلارغا دىۋاندەك ئېسىلىپ يەنچىلىدۇ، ئاخىردا زېمىننىڭ قوۋزاقلىرىغا ئايلىنىدۇ.

خازانلار — ئۇ يىغا. ئۇ تولغىنىپ ئىڭرىغان، ئاچچىق نىدا قىلغان، چاقماقتەك غەزەپلىك خورسىنغان يىغا. ئۇ ئۆزىدەك قورۇلغان، تىترىگەن يۈرەكتىن چىققان. ئۇ، زېمىنگە تونالمىغان، تاغلارغا ھاپاش بولالمىغان، دەريالارغا سىڭەلمىگەن يىغا.

خازانلار — ئۇ، مۇھەببەت كۈيى. ئۇنىڭ ئۇچۇشىدا، ئۇنىڭ سارغايغان ئالتۇن رەڭگىدە، ئۇنىڭ قۇرۇغان ھالىتىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ — بەختىيار چاغلار ھەم جاپالىق مىنۇتلارنىڭ خاتىرىسى بار. گۈزەل ناخشىلار، شېرىن شىۋىرلىشىشلار، ئاچچىق ھەسرەت ھەم خورسىنىشلار ئاڭا سىڭىپ كەتكەن.

مەن زېمىننى خازانلار قاپلىغان كەچقۇرۇنلۇقى بىر قەدىمىي كوچىنى ئايلاندىم. ئالدىمدا پادىچى بالا قومۇش نەينى مۇڭلۇق ئاھاڭدا سايرىتىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ قويلىرىنى خازانلارغا قويۇپ بەرگەن. ئەنە بىر قىز بىلەن بىر يىگىت خازانلارغا دەسسەپ سەيلى قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا سارغايغان كۆرۈنۈش. لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە تاتلىق سېزىم، شېرىن ئارزۇ — باھاردىكى يېشىللىق. ئەنە بىر قىز دېرىزىدىن يىراقلارغا غەمكىن بېقىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ، بىر تال خازاننى يېڭىلا ئوقۇپ بولغان كىتابىنىڭ قېتىغا يوشۇرۇپ، يىراقتىكى دېرىزىگە قاراپ ئۇيالغان قىزچاققا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەنە خازانلار ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقان بىر بوۋاي بىلەن بىر مومايغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

مەن ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان خازانلار ئارىسىدىن يېشىل يوپۇرماقنى ئىزدىدىم. ئۇ سەكرات ئۈستىدىكىلەر ئۈچۈن ھاياتلىق بېشارىتى ئىدى. ئۇ جۇدالىق ئازابى ھەم شېرىن كۈنلەرنىڭ لەززىتى بىلەن تولغان ئەسلىمىلەرنى ئىنسان قەلبىگە باشقىدىن بېغىشلىغۇچى ئىدى. ئەسلىمىلەر، ئاشۇ ئەسلىمىلەر ئىنسان ھاياتىنى ئۇزارتىدىغۇ. ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدە ھاياتقا نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىتىدىغۇ. مەن بىر تال يېشىل ياپراقنى ئېلىپ، دېرىزىگە قاراپ جىمجىت ياتقان، تىنىقلىرى ئۈزۈلۈپ قالاي دېگەن، ھاياتتىن، ئۆزىنىڭ گۆھەردەك مۈلكى — ئەسلىمىلەردىن ئۈمىد ئۈزگەن بىچارە ئايالنىڭ دېرىزىسىگە چاپلاپ قويماقچى بولدۇم. شامال ئالدىمغا بىر تال يېشىل ياپراقنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈردى. مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم. شۇ چاغدا يەنە بىر ئىنسان ئۇنى سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈپ كەتتى. مەن ھەيران بولۇپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. قەدىمكى كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن كىشىلەر بىر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مەن بىر تال سارغايغان خازانغا ئايلاندىم. ئاھ كىشىلەر — بىر-بىرىنىڭ خازانلىرى...

ئەتىگەن تۇرۇپ تالاغا چىقتىم. ئەتراپ كۈمۈشتەك قار قوينىغا تۈگۈلۈپتۇ. مەن ھېلىقى يېشىل ياپراقنى ئىزدىدىم. ئۇ كۆز ئالدىمدا گويا ئاپئاق بەتلەرگە كۆمۈلگەندەك تۇراتتى. ئۇ گويا ئاق كېپەن ئىچىدە قولىنى ئۈمىد بىلەن سۇنغان ئايالغا ئوخشاپ نېمجان ياتاتتى.

خازانلار ئۇچۇپ چۈشۈۋاتىدۇ، تۆكۈلۈۋاتىدۇ. شامال ئۇلارنى قاياقلارغىدۇر ھەيدەۋاتىدۇ. خازانلار گويا پادىچىنىڭ قامچىسىدىن قاچقان قويلاردەك، قارانچۇقتىن قورققان قۇشقاچلاردەك زېمىننى جىراپ ئېقىۋاتىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم.

تۇرسۇنئە ھەممەت پەخرىدىن

## چۈشنىڭ ئاخىرى...

كۆككە تولغان يۇلتۇزلار،
ئاي ئۇزەتتى ئېرىنىپ.
تۈنىنىڭ قارا پەردىسى
يەرگە چۈشكەن يېيىلىپ
كىتاب تۇتۇپ قولىدا
ياتار غېنى كارىۋاتتا.
ئۇيقۇلۇقتا كىتابى
يەرگە چۈشتى بۇ تاپتا...
مەيداندا مەكتەپنىڭ
بىر توپ بالا يۈرگۈدەك.
نېمىگىدۇر قىزىقىپ
توۋلاشقۇدەك، كۈلگۈدەك.
غېنى بېرىپ قارىسا
تۇرغىدەك بىر ۋېلىسىپىت.
بىراق ئۇنى ھېچكىملا
مىنەلمەسمىش، ۋاي ئېسىت.
نۆۋەت كېلىپ غېنىغا
ۋېلىسىپىتنى مىنىپتۇ.
شۇ مىنگەنچە غۇيۇلداپ
ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ.
كېتىۋېتىپ تۇلپاردەك
سېزىپتۇ ئۇ ئۆزىنى.
خۇشاللىقتىن ھەر ياققا
تاشلىغۇدەك كۆزىنى.
كەڭرى دالا، بېكەتلەر
تىزىلىشىپ ئۆتكۈدەك.
گۈرۈلدىگەن ئاۋازلار
قۇلىقىغا كىرگۈدەك.
بولۇشىغا چېپىپتۇ،
مەھكەم تۇتۇپ رولىنى.
كۆز يۈگۈرتۈپ ھەر ياققا
داۋام قىپتۇ يولىنى.
كۆرۈنۈپتۇ ئۇپۇقتا
قېلىن، قويۇق قارا داغ.
يېقىن بېرىپ قارىسا
چەكسىز كەتكەن ئېگىز تاغ.
تاغ بىردىنلا ئىككىگە
بۆلۈنۈپتۇ يېرىلىپ.
قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇدەك
بويۇن ئېگىپ، يول بېرىپ.
توۋلاشقۇدەك ھەمراھلار
ئۈرۈمچىگە كەلدۇق، دەپ.
قارىسا، راست بۇ يەرنىڭ
مەنزىرىسى كۆركەم بەك.
ئارىلاپ غېنى شەھەرنى
سەزمەپتۇ كەچ كىرگەننى.
ھەر خىل رەڭلىك چىراغلار
چېچىپتۇ نۇر دېگەننى.
ئۇ ئېگىزگە چىقىپتۇ
لىفىت بىلەن دەرھال، تېز.
قاراپ باقسا بۇ شەھەر
گويا نۇرلۇق بىر دېڭىز.
قۇلىقىغا كىرىپتۇ
كىملەرنىڭدۇ سۆزلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپتۇ غۇنچىنىڭ
تۈيۈقسىزلا كۆزلىرى.
ئۆي ئىچىدە يېقىملىق،
ياڭراپ تۇرار رادىئو.
دەرھال تۇرۇپ ئورنىدىن
دادىسىغا دەپتۇ ئۇ:
«دادا، قارا چۈشۈمدە
شەھەر كۆردۈم، بىلەمسەن؟
بۇ شەھەرچۇ بەك ئېسىل،
ئۆرۈمچىكەن سەن دېگەن.
كۆرسەم دەيمەن چاپسانراق
شۇ شەھەرنى بىر بېرىپ.
قاچانلىقتا ئۇ يەرگە
مېنى بارسە ئېلىپ.»
«تەخىر قىلغىن، ئوغلۇم سەن، —
دېدى كۈلۈپ دادىسى، —
يېقىن بولار ساڭىمۇ
ئۆرۈمچىنىڭ ئارىسى...»
ئۆتتى كۈنلەر، ھەپتىلەر،
ئۆتتى قانچە بايراملار.
غۇنچىلارغا چەت ئەلدىن
كەلدى يازدا مېھمانلار.
مېھمانلارنىڭ ئارزۇسى
غۇنچى بىلەن بىر چىقتى.
ئۆرۈمچىگە بېرىشقا
مانا ئەمدى يول چىقتى.
ماقۇل بولدى دادىسى،
كۆتەر سەپەرنى غۇنچى.
ئۇلار مېھمانلار بىلەن
يولغا چىقتى بىر كۈنى.
ئۇچۇپ بارار ئاپتوبۇس،
يوللار راھەت، تۈز، سىلىق.
تاغ، ئېدىرلار يول بويى
ئۆتۈشەتتى تىزىلىپ.
كۆپەيمەكتە بارغانچە

تاك قالارلىق يېڭىلىق.
تاغ - دەريالار، ئورمانلار
قېلىشماقتا يول بېرىپ.
غۇنچى باقار ئەتراپقا
دېرىزىدىن تىكىلىپ.
يۇرتىنىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن
چەكسىز ئىلھام، زوق ئېلىپ.
ئاخىر ئۇلار كېلىشتى
ئۆرۈمچىگە بىر قونۇپ.
ئويناپ كەتتى غۇنچىنىڭ
يۈرەكلىرى جۇش ئۇرۇپ.
غۇنچى ھەمدە مېھمانلار
ئۆرۈمچىنى ئارىلىدى.
كۆزلىرىدە شەھەرنىڭ
يېڭىلىقى چاقنىدى:
يوللار كەڭرى، ئاسفالت،
ماشىنىلار كۆپ شۇنچە.
كوچا تولغان ئادەمگە،
چىرايلىرى گۈل غۇنچە.
بەزىلىرى كېلىشكەن،
چەت ئەللەردىن سەيلىگە.
ئېگىز، كۆركەم بىنالار
يەتكەن كۆكنىڭ قەرىگە.
نەگە بارسا ماگىزىن،
كىنو، تىياتىر، كۇلۇب.
ستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر،
قوزغار دىلدا يېڭى زوق.
گۈللۈكلەردە فونتانلار،
زۇمرەت كۆككە ئېتىلار.
قىزىق سۆھبەت، كۈلكىلەر،
خورغا ئوخشاش قېتىلار.
شەھەر تۈنى گوياكى
يىگىنە تاپقۇدەك يورۇق.
پاك - پاكىزە ھەممە ياق،
چاڭ - توزانغۇ زادى يوق.

سۆيۈنۈشتى شەھەردىن
مېھمانلارمۇ خۇش بولۇپ.
دادىسىغا دەر غېنى
ھاياجانغا لىق تولۇپ:
«ئۇرۇمچىچۇ چۈشۈمدە
كۆرگۈنۈمدىن ئېسىلكەن.
چىراغلىرى رەڭگارەڭ،
ئاي - يۇلتۇزلار خىجىلكەن.
مەنزىرىسى كىتابتا
يازغاندىنمۇ ئوشۇقكەن.
ماگىزىنلار، سارايلار
ھەرخىل مالغا توشۇقكەن.
بېرىپ قالساڭ قەيەرگە،
ئاۋات، قايناق بازاركەن.
يول بويلىرى دەرەخلىق،
مەيدانلىرى گۈلزاركەن.
پىيادىلەر يوللىرى
ئازادىكەن، كەڭ ئىكەن.
بىر كوچىسى بىزنىڭكى
ناھىيىگە تەڭ ئىكەن.
ۋوكزاللار ھەم مەيدانلار
بىر شەھەرنىڭ ئۆزىغۇ.
سۆزلەپ كەلسەم سۆزلىرىم،
تەسىراتىم جىق جۇمۇ؟!»
«توغرا، — دېدى دادىسى
مېھمانلارنىڭ ئالدىدا،
قانداقتۇ بىر ئەسلىمە
كېلىپ ئۇنىڭ يادىغا، —
يېڭىلىقلار كۆپ ئىكەن،
مەن ئۆزۈممۇ تاڭ قالدىم.
بۇرۇنمۇ مەن بۇ يەرگە
كەلگەنىدىم بىر قېتىم.
ئۇ چاغدا چوڭ بىنادىن
نەچچىسىلا بار ئىدى.
ئەتراپ سايلىق، شېغىللىق،
يوللار بەكمۇ تار ئىدى.
نەدە دەيسەن پويىزنى،
ئاپتوبۇسمۇ كەم ئىدى.
ئەخلەت، توختام سۇلارنىڭ
كېلىپ تۇراتتى ھىدى.
تولغان ئەمدى شەھەرگە
زامانىۋى قۇرۇلۇش.
قولايلىقكەن قاتناشلار
مېھمانلارمۇ، بىزمۇ خۇش...
ئەلۋەتتە، بۇ ئۇتۇقلار
ئىسلاھاتنىڭ مېۋىسى.
بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە
كەلمەس كىمنىڭ ھەۋىسى!...»
راست دېيىشىپ باشقىلار
باش لىڭشىتىپ قوشۇلدى.
سەپىرىدىن ھەممەيلەن
رازى بولدى، خۇش بولدى.
ئۇن بەش كۈنلۈك ساياھەت
بىر كۈندەكلا تۈيۈلدى.
بۇ غېنىنىڭ قەلبىگە
نەقىش بولۇپ ئويۇلدى.

تۇراپ دايىم

## تۇغۇلغان يەرنىڭ تۇپرىقى ئالتۇن

### بايىنبۇلاق

ئاققۇلارنىڭ سەيلىگاھى - ماكانى،
بايىنبۇلاق گۈل دىيارنىڭ كۆزىسەن.
گۈل چېچەكتىن لىباس كىيىپ ياپرىغان،
تەڭدىشى يوق پەرىزاتنىڭ ئۆزىسەن.

قارا شەھەر دەرياسىنى تۇغۇپسەن،
مېھرىڭ بىلەن پەپىلەيسەن ھېلىمۇ.
ئاق سۈت كەبى زەمزىمىڭدىن جام تۇتۇپ،
چاڭقىغاندا سۆيۈندۈردۈڭ مېنىمۇ.

يېشىل توندا يېشىللىشىپ كۈنسېرى،
ئاققۇلارنى يايرىتىسەن مېھرىڭدە،
ئاپئاق-ئاپئاق ئاق قۇلارنىڭ ھەممىسى
باش قويىدۇ ئانا بىلىپ كۆكسۈڭگە.

چاڭقىغان يەر كۆلۈپ كېتەر سەن بىلەن،
ئېقىن بولۇپ زەمزەملىرىڭ بارغاندا.
شوخ كىيىكتەك چېپىپ يۈرۈپ ئېقىنىڭ
يېتىپ بارار چاڭقاق تەكلىماكانغا.

مال-چارۋىلار يايلىقىڭدا يامرىغان،
ئات كىشنەيدۇ، قويلار يۈرەر مەرىشىپ.
چوپان كېلەر نەيى بىلەن كۈي قېتىپ،
شىلدىر-شىلدىر ناخشاڭ بىلەن بەسلىشىپ.

باينىبۇلاق، يېقىن كۆرۈپ، ئۆز كۆرۈپ،
كېلەر دوستلار يىراق-يىراق چەتلەردىن.
ئورۇن ئالدى شۇ تۇپەيلى نامىڭمۇ
ئەزىزلىنىپ، يېڭى-يېڭى بەتلەردىن.

ئېشىپ باردى ۋەتەن نامى، ھۆرمىتى،
بولغاچ سەندەك گۈزەل سەيلە ماكانى.
شۇنداق گۈزەل، ئەزىز تۇپراق قوينىدا
ئۆستۈم، بولۇپ گۈل دىيارنىڭ ئوغلانى.

### ۋەتىنىم سۆيدى مەڭزىمگە

ئارمانلىرىم كەتتى شۇنچە مەردانە
ئۈمىدلەرنىڭ گەۋدىسىگە ئايلىنىپ.
ئۈمىدلىرىم كۈلدى بەزەن ۋىلىقلاپ،
ئەمگىكىمنى ھاسا قىلىپ تايىنىپ.

تامچە-تامچە قەترىلىرىم تىنىمسىز،
سىڭىپ كەتتى يانتاق باسقان چۆللەرگە.
بولغان چېغى قاداق-قاداق قوللىرىم،
ئورۇن تەگدى بۇ جاڭگالدىن گۈللەرگە.

گۈزەللەشتى يانتاق باسقان جاڭگاللار،
ياشلىقىمنى بەرگەچ تامام بېغىشلاپ.
ۋەتىنىمنىڭ ئىللىق مېھرى ساباھى
سۆيدى مېنىڭ يۈزلىرىمگە يېنىشلاپ.

### ئېگىلدىم

ئېتىزدىن، يوللاردىن تېرىپ دانلارنى،
خامانغا ئاپىرىپ قوشتۇم چەشلەرگە.
ئۆلىدىم ئەمگەكنى قىلچە تېرىنمەي،
سەھەردىن باشلىسام تاكى كەچلەرگە.

توپىغا مىلەنگەن داننى كۆرگەندە،
ئېگىلدىم، تەردىم مەن قىلچە گىدەيمەي.
مەرد دېھقان تېرىسا ئەلنىڭ رىسقىنى،
مەن كىمگە ئېگىلەي ئاڭا ئېگىلمەي.

### كىمنىڭ قېنىم تامغان گۆھەر

تۇغۇلغان يەرنىڭ سەھرى جىمجىت،
قۇياشى نۇرلۇق، شامىلى سالقىن.
ئادەملىرى مەرد، يەرلىرى مۇنبەت،
داستىخىنى كەڭ قاچاندا بارغىن.

تۇغۇلغان يەرنىڭ گۈلى خۇش پۇراق،
شامىلى شۇڭا پۇرايدۇ ئېپار.
يۇرت ئاسمىنىدا ئۈيۈشۈپ بۇلۇت،
گۈللەرگە ئەتىر تامچىسى چاچار.

تۇغۇلغان يەرنىڭ قىشمۇ گۈزەل،
ئاپئاق قارلىرى گويا ئاق لالە.
گۈتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىپى بەلەن،
دىلنى خۇش ئېتەر ياقۇت پىيالە.

تۇغۇلغان يەرنىڭ ھېكمىتى تولا،
جانىدارلار توپى ياڭرىتىدۇ خور.
سۆيىگە چۆمۈپ، قوينىدا يېتىپ،
مەندە پەيتىلگەن سۆيگۈ ھەم غۇرۇر.

تۇغۇلغان يەرنى ئالتۇن يەر دەيمەن،
كىندىكىم قېنى گۆھەرگە تامغان.
قوڭۇر تۇپراقنى قۇچاقلاپ كۆپ رەت،
ئۆمىدە، شان-شەرەپ، پەزىلەت تاپقان.

تۇغۇلغان يەرنى دېسىمۇ سەھرا،
ماڭا ئۆمۈرلۈك مېھرىبان ئانا.
ئۆلمەيدۇ بۇ يەر، ئۆلمەيدۇ نامىڭ،
شۇڭا يادلىنار نامى ھەرتىلدا.

ئەمەت جاپپار

## ئىككى شېئىر

### نەۋرەم كۈلكىسى

مىلتىق تۇتۇپ ئۆتتى ياشلىقىم،
ئەمما بىر پاي باقمىدىم ئېتىپ.
ياۋنى كۈتۈپ تۇرسىمەن ھەر چاغ،
كېچە-كۈندۈز ئۇيقۇدىن كېچىپ.

ئوغلۇم بولدى قورال تۇتقۇدەك،
كەلدى مېنىڭ ئىزىمدىن مېڭىپ.
مېيىقىدا كۈلمەكتە نەۋرەم،
توغ تىكلەمدۇ دۈشمەننى يېڭىپ.

### جەڭچى قەلبى

شەنبە ئاخشام، گازارما ئىچى
ياش يۈرەكلەر ئوتىدا قايناق.
ھاياجاندىن تاغلار لەرزىدە،
جەڭچىلەرنىڭ مەشرىپى قايناق.

يۇلتۇزلارغا تىكىلەر ئۇلار،
بىر تەرىپى قىلغاچقا كەملىك.
چۈشەنگەندەك ئۇلار قەلبىنى،
بىر نەچچە قىز كىردى بىر ئەپلىك.

ناخشا-ئۇسسۇل چىقتى ئەۋجىگە،
تانسا، چاقچاق قىزدى شۇنچە.
جەڭچىلەرنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن،
ئورۇن ئالدى ھەر بىر گۈل غۇنچە.

مانا سەھەر، سىتۇدېنت قىزلار،
لېيەن بىلەن تېزلىدى سەپكە.
جەڭچىلەردەك ماھارەت بىلەن،
ھۆسن قوشتى جەڭگىۋار سەپكە.

نىياز ئىمىن قۇربانى

## ۋەتەن بەختى-مېنىڭ بەختىم

ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق، ۋەتەننى سۆيگۈنۈم بەختىم،
ۋەتەن ئىشقىدا مەجنۇندەك ئۆمۈرلۈك كۆيگۈنۈم بەختىم.

ۋەتەن باقتى بىرىپ ئاق سۈت، قىران ئوغلان بولۇپ ئۆستۈم،
ئادا قىلماقتا بۇرچۇمنى بىلەكنى تۈرگۈنۈم بەختىم.

ئۇنىڭ قوينى ماڭا جەننەت - شۇڭا چىمەندىم توپاسىنى،
ئىپار ھەم مۇشكى ئەنبەردەك كۆزۈمگە سۈرگۈنۈم بەختىم.

شەرەپ - شان كەلتۈرۈش ئەلگە ۋەتەن پەرزەنتىنىڭ قەرزى،
بولۇپ كارۋان سەپەر - جەڭدە ئىلغىر يۈك يۈدكۈنۈم بەختىم.

ۋەتەن بەختى - مېنىڭ بەختىم، ئۇنىڭسىز تەلىيىم يوقتۇر،
ئۇنىڭغا جان پىدا ئەيلەپ، تۆكۈپ تەر ئۆتكۈنۈم بەختىم.

**ھۇشۇر ئىبراھىم**

## گۈلمىتەي ئالتۇن بويۇڭ

باغ دېسەم، بوستان دېسەم قوينۇڭنى مەن
جەننەتۇل مەۋا① خىجىل ئالدىڭدىمۇ.
«خىزىرنىڭ كۆزى چۈشكەن» دېگەن تەمسىل
قەشقىرىم — ئانا يۇرتۇم يادىڭدىمۇ؟

قىرىق باھار ئۆتتى، ئانا، شوخ، جىلۋىلىك،
نۇر بىلەن تولدى سېنىڭ ئالتۇن بويۇڭ.
ھەر باھار چېھرىڭ تولۇپ گۈل - غۇنچىدەك،
غەلىبىلىك كەلدى بۈگۈن قۇتلۇق تويۇڭ.

قەشقىرىم، ئوتقاش لىباس كەيسەڭ سەھەر،
چاندۇ ھەتتا گۈزەل باغۇ - ئىرەم.
كۈننىمۇ قىلغاي خىجىل، سەن نۇر بولۇپ،
چاقنىساڭ يالقۇن چېچىپ كۈلگۈن سەنەم.

ھۆر پەرى بولساڭ ئەگەر ئالتۇن دىيار،
ھېيتگاھ مەڭزىڭدىكى نۇرانە خال.
گۈل گۈلىستان قوينىدا قۇش ۋە باھار،
بەختىيار ئەۋلادلىرىڭ يايرار خۇشال.

سۇلىرىڭ ئابىھايات شۇنچە لەزىز،
ئوتلىسا ھەر تامچىسى تەنگە داۋا.
ئاسمىنىڭ كۆپكۆك سېنىڭ بەكمۇ سۈزۈك،
جانغا جان قوشقاي ئەجەب پاكىز ھاۋا.

تاغلىرىڭ ئالتۇن، كۈمۈش - مەدەنگە باي،
ئاستىدا دولقۇنلىنار يەرنىڭ يېغى.
گۈللىگەن پوسكام بۇنىڭ تىمسالىدۇر،
قىر - ئېدىر رەڭدار چىمەن ئەلنىڭ بېغى.

باغلىرىڭ ئالما، ئانار، ئەنجۈرگە باي
ياردۇ تىلنى - شېكەر - شەرۋەتلىرى؛
پەيزىۋات قوغۇنلىرى كەتتى يىراق
ئۈلگىيىپ دۇنيادىكى ئۆلپەتلىرى.

يېزىدا، زاۋۇتتا، كان - يايلاقلىدا
ئىسلاھات ئالتۇن نۇرى كەتتى يورۇپ.
ئۆيدە توي، خاماندا توي، باغلاردا توي —
ياغدى ئامەت يامغۇرى دەريا بولۇپ.

① جەننەتۇل مەۋا — گۈزەل جەننەتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.

قىرىق باھار ئۆتتى زەپەر غەلىبە بىلەن
گۈللىدىڭ تارىختا ئەڭ روناق تېپىپ.
ئەجرىمىز بوش كەتمىدى ئالتۇن دىيار
ياشنىدىڭ غۇربەتچىلىك سەندىن كېتىپ.

مەن ساڭا ئاشىق بولۇپ ئاچقان كۆزۈم،
شۇ پېتى كەتسەم يەنە يوق ئارمىنىم.
چۈنكى سەن بەردىڭ ھايات، بەردىڭ بەخت
سەن بىلەن بولدى بۈيۈك كۈچ - دەرمانىم...

ئېھ ئانا!
ھۆر مەرتىۋەڭ بولسۇن ئېگىز،
سەن ئۈچۈن داستان يېزىش بەختىم مېنىڭ.
پارتىيەم يول باشلىغان جەڭگىلەرسىرى،
گۈللىسۇن پارلاپ گۈزەل بەختىڭ سېنىڭ.

ئانجان، باغرىم ياقاي باغرىڭغا چىڭ،
تۇتىيا ئەيلەپ گىياھ، تاشىڭنىمەن.
ئىشتىياق باغلاپ ئەقىدەم مەۋجىدە،
گۈللىتەي ئالتۇن بۈيۈك - باشىڭنىمەن!

ئىبراھىم نىياز

## قاراماي سادالىرى

### ۋىشكىلار

مەغرۇر قەددىڭ تىرەپ تۇرار ئاسماننى،
قونۇۋالار گاھى ساڭا بۇلۇتلار.
گۈرۈلدىگەن ئاۋازىڭغا قوشۇلۇپ،
تەرىپلىنەر زەپەر قۇچقان مىنۇتلار.

تەلمۈرىشەر ساڭا ھەرئان گۈزەللەر،
شېرىن ھېستا ئارزۇيىڭنى ئەسلىشىپ.
ھەمراھ ساڭا سانسىزلىغان يىگىتلەر،
ئىش - ئۇتۇقتا ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ.

مۇقام كەبى جارائلىغان ئاۋازىڭ،
ئۇزاپ كېتەر بارخان ئاتلاپ يىراققا.
كېچە - كۈندۈز كەتمەس نېرى قولاقتىن
كۆيۈك دىلنى سىلىپ ئۇتلۇق پىراققا.

ئېھ، ۋىشكىلار! ناخشىڭغا باي ۋىشكىلار،
ساڭا شۇنداق ئۇتلۇق كۆزلەر تىكىلەر.
سېنىڭدىدۇر مۇھەببەتلىك تىنۇشلار،
سەندە ھارماس نېفىتچىلار يېتىلەر...

### ياش تۆكمە

ئازاب ئىچرە يىغلاپ قالدىڭ ئامرىقىم،
مەن يىراققا تۇنجى قېتىم كەتكەندە.
ئېرىپ كەتتى سىماب كەبى ۋۇجۇدۇم،
سەن كۆزۈڭدىن ھىجران يېشى تۆككەندە.

سەن ياش تۆكمە، مېنى چۆلگە كەتتى دەپ،
نېفىتچىغا گۈل كۆرۈنەر قاقاس چۆل.
كۆنۈپ كەتكەن نېفىتچىلار چۆللەرگە،
ۋىشكىلاردىن چۆل كۆكسىگە تاقاپ گۈل.

ئازابلانما، كەتتىم چۆلگە، ئامرىقىم،
بەلكى سېنى چۆلدە ئەسلەپ يۈرەرمەن.
ئايسىز كېچە، چىراغلارنىڭ ئاستىدا،
ھەر سېغىنسام پىراقىڭدا كۆيەرمەن.

### كۆيۈكتاغ

مەن تېپىشقا سېنى ئويلاپ ھارمايمەن،
غايىبانە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ؟!
شېئىر يازسام سېنى يېزىپ تويمايمەن،
ۋۇجۇدۇمنى سېنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرۈپ؟

ئېھ، كۆيۈكتاغ! ئەجدادىمغا مەنبە سەن،
ھەمدە لىرىك كۈيلىرىمنىڭ بۇلىقى.
سېنى كۆرسەم، يېقىن بېرىپ ھىدلىسام،
كېلەر ئىللىق قارامايىنىڭ پۇرىقى.

سەن بىلمەيسەن، چۈشەنمەيسەن كۆيۈكتاغ،
ۋۇجۇدۇمدا لاۋۇلدىغان ئوت كۆيەر.
نېفىتچىلار سالغان ئوتتۇم يالقۇنلاپ،
كۆزلىرىمدىن شادلىق يېشى تۆكۈلەر.

نۇرمۇھەممەت جېلىل

## سەھرا

باغلىرىڭ گۈلىستان، شورتىڭىڭ ئاپئاق،
مەن ئۇچۇن گۈزەلسەن ئەي ئېزىز سەھرا.
مەيلىم يوق ساماۋى جەننەتكە ئەسلا،
قەلبىمنىڭ كۆزىدىن كەتمەيسەن ئەسلا.

يوللىرىڭ ئەمەستۇر ئاسفالت، مەرمەر،
يالىڭاياق پۇتلىرىم قۇملارغا چۆككەن.
ئېخ! مېنىڭ پاك، سەبى ئۆسمۈر چاغلىرىم
چاڭلارغا مىلىنىپ باغرىڭدا ئۆتكەن.

تۈگۈچ قىپ ئالايمەن تۇزانلىرىڭنى،
پۇرايمەن قانغۇچە سېنىڭ ھىدىڭنى.
گويا ئۇ يېقىملىق ئانا سۈتىدەك،
ئەسلەتسۇن ئاتەشلىك مۇھەببىتىڭنى.

لاي سۈيۈڭ ئاقاتتى دۆڭنىڭ باغرىدىن،
يايرايتتۇق قانماستىن ئاڭا چۆمۈلۈپ.
چۇقراپ ئۇينايتتۇق ئېتىشىپ موللاق،
قۇياشقا كۆز قىسىپ، قۇمغا كۆمۈلۈپ.

ئەتىياز مەۋسۈمى تېرىپ گۈل - چېچەك،
مىنەتتۇق چىۋىقنى گويا ئات قىلىپ.
مۆكۈشمەك ئوينايتتۇق گاھى ئاخشىمى،
گاھ چۆچەك ئېيتىشىپ دىلنى شاد قىلىپ.

كەلگەندە سېخى كۈز بەركەت ياغدۇرۇپ،
ئىدى بەك كۆڭۈللۈك قوغۇن ئۈزۈشمۇ.
سېۋەتكە سېلىشىپ ئالما، ئانارنى،
بىردىشتىن ياقۇتتەك ئۈزۈم ئېلىشمۇ.

سۆيۈملۈك گۈلباغلار، ئېتىز، شورتاڭلار،
دىلىمدىن بىر ئۆمۈر سۆيگۈنۈم سەھرا.
مەيلىم يوق ساماۋى جەننەتكە ئەسلا،
دىل بېرىپ تا ئەبەد كۆيگۈنۈم سەھرا.

**تۈزىتىش**

ژورنىلىمىزنىڭ 9 - سان 65 - بېتىدىكى «چۈشلىرىمنى چاقىرار ناخشام» دېگەن شېئىر ئەسلى مۇتەللا قىرانىنىڭ بولۇپ دىققەتسىزلىكىمىزدىن مۇھەممەتجان ئەمەتنىڭ شېئىرلىرىغا ئارىلىشىپ قالغان. ۋاقىپ بولغايسىزلەر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# ئايالىق قەلبىنىڭ مېلودىيىسى

— تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن لىرىكىلىرىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىللىق شېئىرىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق شېئىرىيىتىمىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر بولۇپ قالدى. مەن تۇرسۇنئاي لىرىكىلىرىدىن ئاياللار قەلبىنىڭ ئۆلگىلىك شېئىرىي ئىپادىلىرىنى ئۇچراتقىنىمدا، ئىككى قاتلام مەنىۋى ھوزۇرغا ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭ بىرى، شائىر شېئىرلىرىدىن ئالغان ئاجايىپ تەسىرلىك، ئۇنتۇلغۇسىز بەدىئىي زوق بولسا، يەنە بىرى ئايالىق سۇبيېكتىنى بىرقەدەر ئەركىن، ئازادە ۋە بىۋاسىتە شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەش مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى ئۈمىدلىك تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت.

تۇرسۇنئاي شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ ھەم ئارۇز، ھەم بارماق ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى، شېئىرىي تېمىسىنىڭ رەڭگارەڭلىكى، ئۆزگە خاس تۇرمۇش پۇرىقى، تىلىنىڭ ئىخچاملىقى، تىل ۋە تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇش، ئىنسانىي سەزگۈنى تەبىئەتلەشتۈرۈش ماھارىتى ۋە بەدىئىي بالاغىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئايالىق قەلبىنىڭ ئەركىن، ئىزگۈ، گۈزەل ۋە يالقۇنلۇق شېئىرىي ئىپادىسى سۈپىتىدىمۇ ئەدەبىياتىمىزدا خاس بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

تۇرسۇنئاي شېئىرلىرىدا ھەممىدىن ئىلگىرى كۆزگە تاشلىنىدىغىنى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازلار تۈركۈمى ۋە سىموۋوللاشتۇرۇلغان بەدىئىي كۆرۈنۈشى. ئۇ بۇنداق ئوبرازلار تۈركۈمى ۋە بەدىئىي كۆرۈنۈشلەرنى ھەممىدىن ئىلگىرى يېزا ئاياللىرى تەسۋىرىگە بېغىشلىغان. ئۇيغۇر يېزا ئاياللىرىنىڭ بىۋاسىتە كوللېكتىپ ئوبرازى ۋە ۋاستىلىك ماجازى تەسۋىرى ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان خاس ئىجتىمائىي تېماتىكا، ۋە تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ «سەھرا ئىلھاملىرى»، «بىزنىڭ مەھەللە»، «يىپەك ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن بىز يالپۇز تېرىۋاتقان يېزا قىزلىرى، نان يېقىۋاتقان يېزا ئاياللىرى، قايماقچى مومايلار، دوپپىچى چوكانلار، پاختىكار قىزلار، يىپەكچى ئاياللار، يېزا تويلىرى، ھەتتا گۈزەل قىزلارغا كۆز سالىدىغان يېزا دۇكاندارلىرى كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈۋالىمىز.

ئۇ ماجازى - سىموۋوللۇق ۋاستىلەرنى قوللىنىشتا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى

«گۈل»، «بۇلبۇل»، «سابا» قاتارلىق ئوبرازلاردىن تاشقىرى، بىر قاتار باي، جانلىق گۈزەل سىمۋوللۇق ۋاستىلەردىن پايدىلانغان. ئۇنىڭ «قاراڭغۇ باغلاردا»، «كەچقۇرۇن»، «سەھرا ئىلھاملىرى»، «ئاق تېرەك» قاتارلىق شېئىرلىرى «شوخ سابا»، «پىتىنىخور يېشىل ياپراق»، «قىزىل گىلاس»، «ئىشقى-پىراقتىن سارغايغان ئۆرۈك»، «توغاچ قىز»، «ئەمدى پەرزەنت كۆرگەن ئەنجۈر»، «گۈل قىسقان سەتەڭ ئانار»، «گۈلى خازان بولغان بادام»، «بەل تولغايدىغان پىستە»، «ياسانچۇق يۆگىمەچ گۈل» قاتارلىق ئوخشىتىشلىرى بىلەن كىشىدە قىزىقىش ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ:

«كۆمۈش سۇ ئالدىرايدۇ ئېرىقلاردا،
چۆنەكتىن-چۆنەكلەرگە گەپلەرتوشۇپ،»
(«قاراڭغۇ باغلاردا»)

«چېچەك ئېچىپ قىردا كۆك يانتاق،
ھەر تەرەپكە شېخىنى ياغان.
كۆز-كۆز قىلىپ قىزىل مونچاقنى،
كۆزلىرىڭنى ئۇينىتار ئازغان.»
(«سەھرا ئىلھاملىرى»)

«ياقۇت رەڭ دوپپا كىيدى سۇۋادانىلار،
مەجنۇنتال ھال رەڭ شايى رومال ئارتتى.
كۆتۈردى گۈلىستانلار رەڭدار كۈنلۈك،
قۇياشمۇ شۇدەم تاغقا ئاستا پاتتى.»
«تولغىنىپ سۇغا چىققان چىۋەر قىزنىڭ
تارتىمدۇ سۈرىتىنى كۆلنىڭ سۈيى.»
(«كەچقۇرۇن»)

دېگەن مىسرالىرىدا تەبىئەت، ھەتتا ياۋا گىياھلارمۇ ئىنسانلاشتۇرۇلۇپ، ئاياللاشتۇرۇلۇپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «ئاق تېرەك» ناملىق شېئىرىدا ياشانغان ئانىنىڭ جىمجىت خىيال سۈرۈشى، تەمكىن مىجەزى، ئۆز ياشلىقىنى پەرزەنتلىرىگە سەرپ قىلغانلىقى سىمۋوللاشتۇرۇلغان.

تۇرسۇنئاي لىرىكىلىرىدا شائىر لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە چاقناپ، ئۆز شولىسىدا ئاياللارغا خاس پاك مۇھەببەتنى ۋە ئۇنىڭ قىسمەتلىرىنى شېئىرىي تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇنداق شېئىرلار ئۇنىڭ ئاساسىي لىرىكىلىرىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ «مەن سىزنى سۆيەتتىم» ناملىق شېئىرىدا:

«خىيالمۇ كىرمىگەن قىز ئىدىم ساددا،
كىرگەنىڭ قەلبىمگە سىز بولۇپ خىيال»

دەپ، رېسىدىلىققا ئەمدى قەددىمى يەتكەن قىزغا خاس سۆيگۈ ئۇچقۇنىنى تەسۋىرلىسە، «خىنەگۈل» ناملىق غەزىلىدە:

«جانان قىزاردى ۋىل قىلىپ، كەتتى كۆزۈمدىن ئوت يېنىپ،
چاڭ قىلدى، تەگدى تەستىكى، ئۇندى ئېگەككە خىنەگۈل» دەپ، يىگىت تىلىدىن تۇنجى مۇھەببەت يالقۇنلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ «قورققاق» ناملىق شېئىرىدا پاك مۇھەببەت، شېرىن سۆيگۈگە غەرق بولغان، ئەمما ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئەرلىك روھىنىڭ ئاياللار نەزەرىدىكى ئوبرازىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن.

«سەن يېنىمغا كېلىسەن، جېنىم،
بىر ئاجايىپ قارايسەن ماڭا،
كۆزلىرىڭدىن چاقنىتىپ قۇياش.
يات كۆزلەردىن قورقۇپ ئالدىراش.»

ئۇ «چىغىرىيول» ناملىق شېئىرىدا ئاتايىن چوڭ يولنى تاشلاپ، چىغىرىيولدا يۈرگەن قىزنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈ دولقۇنلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

«قەلبىمنىڭ بېغىغا سالدى چىغىريول
شۇ ئوتلۇق بېقىشىڭ، بىلەمسەن ئەي يار.»

ئۇ بۇ نۇقتىنى «قارىئۆرۈك» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق سۈرەتلەيدۇ.

«ئامرىقىم، چىۋەر يارىم، ئويلىغان ئىدىم سەنچۈن،
يولۇڭغا قارايمەن دەپ، ساچىمنى تارارمەن دەپ.»

بۇ شېئىر بىزنى تىنچ مۇھىت مۇھەببەت زوقى بىلەن مەھلىيا قىلىپ، ئۆزگىچە تۇيغۇ بىلەن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

تۇرسۇنئاي شېئىرلىرىدا ئائىلە ئىناقلىقى — ئايالارنىڭ «پانى ئالەم» رېئاللىقىدىكى ئاساسىي بەخت - سائادىتىنىڭ ھۆلى تەكىتلەنگەن. ئۇ «ئامرىقىم» ناملىق شېئىرىدا تولىمۇ چىنلىق ۋە ئېزگۈلۈك بىلەن:

«ئامرىقىم، ھەر كۈنى ئۆتەيلى خۇش ۋاق، ئامرىقىم، ئىجادىڭنىڭ كۆكىدە چاقنا،
خاپىلىق دىللارغا سالمىسۇن سايە. ئالتۇندەك ۋاقتىڭنىڭ ئوغرىسى ھەسرەت.
دەرد - ئەلەم ئىكەن ئۇ ئۆمۈر ئېكىكى، چىن سۆيگۈ ئەھلىنىڭ قەلبىدۇر دەريا،
غەم تېغى ئاستىدا كۆمۈلگەي غايە. مۇھەببەت بېغىشلار ئىنسانغا قۇدرەت»،

دەپ يازغان.

تۇرسۇنئاي ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغانلىق دەۋرىگە خاس لىرىكىلار ۋە مۇھەببەت لىرىكىلىرى يېزىپ، سۆيگۈنى نىكاھلىنىش ئالدىدا چەكلەپ قويغان توسۇقنى بۇزۇشقا ھەسسە قوشتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «قىرىق يېشىم» دېگەن شېئىرى ھەممىدىن ئۆلگىلىك. ئۇنىڭ:

«قىرىق يېشىم، چوكان چېغىم، ياز چېغىم. ئىجادىيەت ئوكيانىمنى ئاقتۇراي،
ئەقلىم، كۈچۈم تولغان ھەتتا قىيامىم. جاۋاھىرلار چىقار بولسا ئامىتىم.»

دېگەن مىسرالىرىدا گۈزەللىك تەبىئەتتىن، تەبىئىي ھۆسنىدىن ئىجتىمائىي ئىقتىدار يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن.

تۇرسۇنئاي شېئىرىيىتى شائىر تەبىئىتىنىڭ ئۇنىڭ قەلبى ۋە خاراكتېرىدىكى ئېزگۈ ۋە گۈزەللىكىنىڭ بەدىئىي شاھىدى ۋە لىرىك تاشقىنى سۈپىتىدە بىزدە شائىرغا سەمىمىي ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ.

تۇرسۇنئاي شېئىرىيەتكە ئەدەبىيات دەرسلىرى ياكى چەت ئەل لىرىكىلىرىنىڭ كىتابىي تەسىرى ئۆلگىسى ئارقىلىق قىزىققان ۋە كىرىپ كەلگەن «تەقلىدچى»، «ھەۋەسچەن» شائىر بولماستىن، بەلكى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ھەقىقىي يۈرەك دەۋىتى بويىچە شېئىرىي تەپەككۇر بىلەن قولىغا قەلەم ئالغان شائىر. بىز بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ شېئىرىي تېماتىكىسىنىڭ كونكرېتلىقى، ئىنسانىنى، ئائىلە بىلەن ئاياللارنى مەركەز قىلغانلىقى، پىكىر - ھېسسىياتىنىڭ كۆچۈرۈلمە بولماستىن، تەبىئىي يىلتىز تارتقان چىنلىقتا ئىكەنلىكى؛ شېئىرىي تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە مەنتىقىسىنىڭ خامخۇتا سىرتقى پەردازدار، ئاجايىپ - غارايىپ بولماستىن، ئۆزلىشىمچان، راۋان ۋە روشەنلىكى؛ شېئىرىي پۇرىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى تەرەققىياتىغا ئويغۇنلۇقىدىن

www.uyghurkitap.com



بايقىۋالالايمىز، ئۇنىڭ شېئىرلىرى دەبدەبىلىك سۆزلەر، ياسالما ئىبارىلەر، ئەلىتە جۈملىلەردىن پۈتۈنلەي خالى!

ئۇنىڭ «هايات» ناملىق شېئىرىغا نەزەر سالايلى:

«قىيغاچ قاشلار، تال-تال ئۇقيا كىرپىكلەر  تۈيغۇ بولسا يېرىلاتتى بەلكى تاش،
ئاچچىق ياشلار بىلەن كەتتى جۈپلىشىپ.  ئايال چەككەن بىر دەققە ئازابقا.
چەكمىش كىردى قارا سۈمبۈل چاچلارغا،  تۈرالماستىن ئېتىپ قىيان دەريالار
قارا تەردە ياڭىقىغا چاپلىشىپ.  ئۇرار ئىدى ئۆزلىرىنى گىردابقا.»

چىنلىق ئۇنىڭ روھىيەت تارىخى، روھىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھەقىقىي چۆكمىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ مىسرالىرىنىڭ قىممەت باھالىق قەدىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىزگە بېرىدىغىنى تۇرمۇشنىڭ تەلەپپۇزدىكى قىياسەن سايىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇت جىسمىدەك نەق ئۆزى.

تۇرسۇنئاي شېئىرلىرىنىڭ «ھەقىقىي شائىر»، «تەپەككۇر قىلىدىغان شائىر» (فارابى سۆزى) غا خاس كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بۇ خاسىيەتلىرى ھەتتا ئىنتايىن سول خاھىش ئۈستۈنلۈك ئالغان زاماندىمۇ «مەۋھۇملەشمىگەن»، «ئۇقۇملاشمىغان»، «قاتماللاشمىغان»، بۇ بىزگە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ:

«مىڭ تۈمەن ناپاكى ئەردىن ياخشىراق
پاك ئايالارنىڭ ئاياغىنىڭ ئىزى»

دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدىغان مەردانىلىق!


تۇرسۇنئاينىڭ لىرىكىغا قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەكرار ئوقۇپ، شائىر مەنىۋى قاتلىمىنىڭ قۇرۇلمىلىق تۈزۈلۈشى ھاكىممۇتلەقلىق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرى ۋە ئالىيجاناب ئىنسانىي خىسلەت بولغان ئىنسانپەرۋەرلىكتىن تەركىب تاپقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئامىتى! بۇ قاتلاملىق قۇرۇلما ئۇنىڭ تۇمارى، ئۇنىڭ ئىجادىيەت دىۋىگاتىلى، شېئىرىي بايلىقى ۋە تارىخىي باھاسىنىڭ ھۇل تېشى. مەن مۇشۇ روھىيەتلىك قۇرۇلمىغا بولغان ھۆرمەت، ئىشەنچ ۋە دىلكەشلىك تۈپەيلى ئۇنى ئىستىقباللىق شائىر، دەپ تونۇيمەن، ئۇنىڭ شېئىرىيەت سۈپىتى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئايالىرى ئېزگۈ قەلبى ۋە ھاياتىنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## ئۆمىدلىك شائىر، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان



مۇھەممەت ئىمىن 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ئارال يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئىمىرەل ئاخۇننى شائىرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى قوزغىغان تۇنجى ئۇستاز دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئادەم گۆدەك مۇھەممەتكە چۆچەك، مەسەل، تېپىشماق، جەڭنامىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ تاغىسى ئىبراھىم ئاخۇنمۇ چۆچەك، جەڭنامىلەرنى ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. شائىرنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرى مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە ئۆتتى.

ئۇ 1954 - يىلى ئارال باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «ئالتۇن ئاچقۇچ» قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ كۈچەيدى. مۇھەممەت ئىمىن 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ياپچان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1960 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە يېڭى شەھەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، 1965 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1975 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئىشلىدى. 1975 - يىلدىن ھازىرغىچە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1960 - يىلى شېئىر يېزىش بىلەن باشلاندى. 1963 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» گە «ئۇنتۇلماس كۈن» ناملىق تۇنجى شېئىرى بېسىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ 1966 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «قەشقەر گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» (ھازىرقى «تارىم») قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ خېلى جىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

شائىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» يىللىرىدا قولىغا ئاساسەن قەلەم ئالمىدى. جۇت قىشنى قوغلىغان ئىللىق باھار شامىلى ئۇنىڭ قەلبىدە قايتىدىن ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى، شائىر يېڭى دەۋرگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، «تيانئەنمېن ناخشىسى»، «ئاسلان ئويغاندى»، «ۋەتەن ئىلھامى»، «مۇھەببەت ناخشىلىرى»، «پەسىل لىرىكىلىرى»، «بارىكاللا، غۇنچىلار»، «جاسارەتلىك قوشكېرەك»، «سىڭلىمغا»، «ھۆل تاش بىلەن كاھىش» قاتارلىق شېئىر، داستان، باللادا، شېكىل ۋە مەسەللەرنى يازدى.

مۇھەممەت ئىمىن 1982 - يىلغىچە ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن، 1982 -

يىلدىن كېيىن ئاساسەن مەسەل، ھېكايە، پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1982-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1985-يىلى شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «قارىغاي بىلەن تېيىن» ناملىق مەسەللەر توپلىمىنى، 1987-يىلى مىللەتلەر ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتلىرى «داغدا قالغان قىز» ناملىق پوۋېست-ھېكايىلار توپلاملىرىنى نەشىر قىلدى. ئۇنىڭ «دۇتار ۋە زۇلپىقار» قاتارلىق ھېكايىسى 1983-يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بىرجۈپ لاي قورچاق» ناملىق مەسىلى 1987-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2-قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «توشقان نېمە ئۈچۈن ئۆلدى» ناملىق مەسىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-يىللىق ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئۇنىڭ «رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «جاسارەتلىك قوشكېزەك» ناملىق داستانى، «قارىغاي بىلەن تېيىن» ناملىق مەسەللەر توپلىمى ۋە «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى» ناملىق ھېكايىسىگە خېلى يۇقىرى باھا بەردى.

مۇھەممەت ئىمىن ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «ئاسما»، «فورۋىدانىڭ تەقدىرى»، «پوتېئىر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا»، «فېك شۆفېك مەسەللىرى»، «سەرگەردان بالا»، «دۇنيادىكى مەشھۇر چۆچەكلەر»، «شېئىرىي چۆچەكلەر» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «خەزىنە گىرۋەكلىرى» قاتارلىق داستان، پوۋېست، رومان، شېئىر توپلاملىرىنى، شۇنىڭدەك «قوش بۇلاقتىكى ئاي شولىسى» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى ھەمدە بايرون، شېللېر، گېنرىخ گېيىنى قاتارلىق شائىرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگەن «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق»، «مارجان»، «ئەيشى-ئىشرەت سورۇنىنىڭ يېڭى نومۇرى»، «چاپان قىز»، «مىدوزىنىڭ نېمە ئۈچۈن سۆڭىكى يوق» قاتارلىق رادىئو درامىلىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىدا كۆپ قېتىم ئاڭلىتىلدى. ئۇ يەنە «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ «ياشلىقتىكى بىر غەۋغا» ناملىق تەرجىمە ھېكايىسى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن 1982-يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

كىتابخانلارغا قىممەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەقدىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئۈممىدلىك شائىر، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەت ئىمىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىق ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 1988-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ھەم جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى.

مۇھەممەت ئىمىن كېيىنكى يىللاردا تۈرلۈك ئېقىملار توغرىسىدا چوڭقۇر ئىز-
دەندى. ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى يارىتىش ھەققىدە قاتتىق باش قاتۇردى.
ئۇ ئەدەبىيات پېشىۋالىرىنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى بىر قىسىم باياناتلىرىنى ئەستا-
يىدىل ئۆگەندى. شېللېرنىڭ «مەن زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار شائىرلار بىلەن ئۇس-
تۇن-تۆۋەنلىك سېلىشتۇرۇش كويىدا بولۇشقا پېتىنالمايمەن، ئەمما ئالدىنقىلاردىن
ھەرقانداقسىنىڭ ئىزىغا دەسسەپ مېڭىشىنىمۇ كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدى-
غا تىل ئۇسلۇبى ۋە ياكى شېئىرىي ۋاسىتىلىرى بولىدىكەن، ئۇلارنى دوراشتىن ئۆزۈم-
نى قاچۇرىمەن. چۈنكى مەن شۇنداق دەپ ھېسابلايمەنكى، ئەسىرىم بىر تىيىنغا
ئەرزىمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بەربىر ئۆزۈمنىڭ ئەسىرىم-دە!»، ل. تولستوينىڭ «سەن-
ئەتتىكى كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان زىيانلىق نەرسە
بولمايدۇ» ۋە ماكسىم گوركىنىڭ «باشقىلاردىن ياخشىراق يېزىشنى ھەرگىز شەك-
لەن قوغلاشماسلىق كېرەك، باشقىلاردىن ناچارراق يېزىپ قويسىمۇ ھېچقىسى يوق،
مۇھىمى، ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە يېزىشتۇر» دېگەندەك باياناتلىرىنى قايتا-قايتا
ئوقۇش ھەم مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق كونكرېت بىرەر ئېقىمنىڭ كەينىدىن قارىغۇ-
لارچە قوغلاشماي، مۇدۇرۇپ-چوقۇرۇپ يۈرمەي، تىرىشىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارى-
تىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

مۇھەممەت ئىمىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئېقىمنىڭ ئۆزىگە
خاس ئارتۇقچىلىقى بولۇش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتكە چەك قويىدىغان رامكىلىرىمۇ
بولىدۇ. رامكا ئىكەن، ئۇ ھەرقانچە چوڭ بولغان بىلەنمۇ بەربىر رامكا. ئادەم ئۆزى-
نى بۇنداق رامكا ئىچىگە سولاپ قويغاندا، ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ھەر خىل
ئېقىم رامكىلىرىمۇ ئادەمنىڭ پۇت-قولىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەپ قويىدۇ، شۇڭا
ئۆزىمىزنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئېقىم رامكىلىرىغا باغلاپ قويماي، ئۆز
مىللىتىمىزگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا تىرىشىشىمىز كېرەك». ئۇ ئۆزى-
نىڭ بۇ كۆز قارىشىنى كېيىنكى يىللاردا يازغان بەزى ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادى-
لىدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ھازىر بازىرى چىقىۋاتقان ھەم بىر قىسىم
يازغۇچىلار دوراۋاتقان ئاڭ ئېقىمى، مودېرنىزم قاتارلىق ئېقىملارنى ئەندىزە قىلىپ
ئەسەر يېزىشقا ئەمەس، بەلكى مەلۇم خاسلىققا ئىگە ئوبرازلارنى يارىتىشقا قارىتىپ،
ئۆزگىچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتتى.

مۇھەممەت ئىمىن «ئاينۇرى» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرى-
ياتقا تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتى-
كى رېئال يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «جانان نېمىشقا يىغلايدۇ؟» ناملىق
رومانى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ يەنە 1989-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ
كۆرسىتىشى بىلەن «جۇڭگو ھازىرقى زامان داڭلىق ياش شەخسلەر قامۇسى» غا
كىرگۈزۈلدى. بىز ئۈمىدلىك شائىر ۋە ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەت ئىمىننىڭ
بۇندىن كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتىدە تېخىمۇ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

رەخىم قاسىم

# ئەدىبلەر ئارىسىدا

(زىيارەت خاتىرىسى)

## بىلىم يۇرتى

مانا، ئالدىمىزدا ناۋائىي نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى! تاشكەنتنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىنىڭ بىرىسىدىكى چوڭ يولدىن خېلى ئىچكىرىگە سىلىنغان، نەچچە قەۋەتلىك ھەم ئۇزۇن، ھەم كۆركەم بىناغا جايلاشقان بۇ مۇزېيغا تارراق سېمونت يول بىلەن باردۇق. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ، ئۆزبېك سوۋېت ئەدىبلىرىنىڭ ھەمدە رۇس - سوۋېت يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ يېرىم گەۋدىلىك ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان. بىز بۇ ھەيكەللەر ئارىسىدىن ئۆتكىنىمىزدە ئۆزىمىزنى ئەدىبلەر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز. ھەيكەللەر قاتارىنىڭ ئاخىرىدا ناۋائىينىڭ ھەم چوڭ، ھەم ھەيۋەتلىك ياسالغان پۈتۈن گەۋدىلىك ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

مەن «ناۋائىي ئەدەبىيات مۇزېيى» نىڭ داڭقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، تەلىپىمگە ئاساسەن مېنى بۈگۈن بۇ مۇزېيغا تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، پەلسەپە پەنلىرى كاندىداتى مالىك ئارىپوۋ باشلاپ كەلگەنىدى.

بىزنى ئىشىك ئالدىدا ياش ۋە چىرايلىق بىر ئۆزبېك قىزى كۈتۈۋالدى. ئۇ مۇزېينىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى ئىكەن. تەلىيىمىزگە يارىشا بۇ قىز مالىك ئارىپوۋنىڭ ئوقۇغۇچىسى چىقىپ قالدى. قىز بىزنى ئالدى بىلەن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يادىكارلىقلىرى قويۇلغان بۆلۈمگە باشلىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دەۋرلەرگە خاس بولغان ئاسار - ئەتىقە خاراكتېرلىك نەرسىلەر قويۇلغانىدى. ئۇ يەردىن چىقىپ شەرق ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرى — فىردەۋسى، نىزامىي، روداكى، ساككاكى، لۇتفى قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان بۆلۈمدە بولدۇق. بۇ يەردە ئەنە شۇ كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قول يازما نۇسخىلىرىدىن تارتىپ، كېيىنكى چاغلاردا بېسىلىپ چىققان تولۇق تومىلىرىغىچە قويۇلغانىدى ھەمدە ئۇلار ھەققىدە كېيىنكى ئەدىبلەرنىڭ، ئىلمىي تەتقىقاتچىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى بار ئىدى. تاملارغا بۇ كلاسسىكلارنىڭ ھەربىر دەۋرلەردە سىزىلغان سۈرەتلىرى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىگە دائىر رەسىملەر، ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر چوڭايتىپ ئېسىلغانىدى.

مۇزېيدا ئەڭ كۆپ ئورۇن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىغا بېغىشلانغان. بۇ يەردە ناۋايىنىڭ ئائىلە نەسەبى، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى، ھاياتى، ئىجادى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە باشقىلار ھەققىدە تەپسىلىي ماتېرىياللار قويۇلغان. ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قول يازما نۇسخىسىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە يىغىلغان، رەتلەنگەن، بېسىلغان ئەسەرلىرى يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. بۇ يەردە ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تىللىرىدا بېسىلغان نۇسخىلىرى قويۇلۇپلا قالماستىن، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق شەرق ئەللىرىدە شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە بېسىلغان ئەسەرلىرىمۇ قويۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ناۋايىشۇناسلارنىڭ ناۋايى ھەققىدە يازغان ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىمۇ بار. ناۋايى بۆلۈمى ناۋايىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۈرلۈك دەۋرلەردە، تۈرلۈك مەملىكەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەرگە دائىر ماتېرىياللار بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ يەردە تۈرلۈك فوتو سۈرەتلەر بىلەن بىللە ھەرقايسى ئەل رەسساملىرى سىزغان ناۋايىنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان. شۇنداقلا ناۋايىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەملەر، فار فور بۇيۇملار ھەمدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى نەقىش قىلىپ توقۇلغان لەۋھەلەر بۇ بۆلۈمگە تېخىمۇ سەلتەنەت بېغىشلىغانىدى.

ئەنە شۇ خاتىرە بۇيۇملار ئىچىدە دىققىتىمنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتقىنى ناۋايى قەبرىسىنىڭ مودېلى بولدى. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان ناۋايىنىڭ مەقبەرىسى شەرق مىمارچىلىقىنىڭ ئۈلگىلىرى ئاساسىدا ئىنتايىن ئېسىل ياسالغان.

بۇ مۇزېينىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى دېموكراتىك ئەدەبىياتقا بېغىشلانغان قىسمىمۇ كىشىدە زور قىزىقىش قوزغايدۇ. بۇ بۆلۈمگە مۇقىمى، ئاگاھى، خارازمى، پۇرقەت، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ، نادىرە، زىبۇننىسا قاتارلىق شائىرەلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان، ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللار قويۇلغان. بۇ نەچچە ئونلىغان ئەدىبلەرنىڭ، بولۇپمۇ پۇرقەت ۋە مەشرەپنىڭ نامى كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ياخشى تونۇش.

مۇزېيدا پۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن بېسىلىپ چىققان ئەسەرلىرى قويۇلغان. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ يەركەنتتىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز ئىكەن.

شائىر مەشرەپ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى قەشقەردە ۋە كېيىنكى يىللىرىدا ئۆتكەن، مەشرەپنىڭ نامى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقالغان، ئاددىي بىر مىسالنى ئالساق، كېيىنكى يىللارغىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ گۈلشەنباغ دېگەن جايىنى كىشىلەر: «مەشرەپ تۆگىلىرىنى باققان يەر» دەپ ئاتاپ، ئۇنى تەۋەررۇك ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن. مەشرەپ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ شېئىر-غەزەللىرى «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىدا مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەپلا قالماستىن، ھەتتا بەزىلىرى خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

ئالتۇن بىلەن رەنانى    مەي بولسا خېرىدارى
يارىمغا تۇتاي دەيمەن    بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.

دېگەن ناخشىسىنىڭ كېيىنكى ئۈچ مىسراسى مەشرەپنىڭ بولۇپ، پەقەت بىرىنچى مىسراسى ئۆزگەرتىلگەن. مەشرەپنىڭ يەنە:

جان ئىچىدە جانان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز...

دېگەن غەزىلىمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن.

مەن مۇزېينىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى دېموكراتىك ئەدەبىيات بۆلۈمىدىن چىقىپ، ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتى بۆلۈمىگە كىردىم. بۇ بۆلۈم ماڭا ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ 70 يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى ئىلمىي تۈردە تەپسىلىي بايان قىلغان چوڭ بىر قامۇسنى ئەسلەتتى.

بۇ بۆلۈمدە ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ۋە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى: پىترەت، چولپان، ھەمزە ھەكىمزادە نىيازى، ئابدۇللا قادىرى، غەيرىتى قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان.

مەن ئابدۇللا قادىرى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان بۆلۈمگە كىرگىنىمدە، قەلبىمدە تىل بىلەن ئىزھارلىغۇسىز بىر خىل ھېسسىيات دولقۇنلىدى. گويا ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر يازغۇچىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئۆزى سۆزلەپ بېرىۋاتقان كەچۈرمىشلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ تەقدىرىگە چىن قەلبىمدىن ئېچىنىۋاتقاندەك بىر خىل ھاياجان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى. بۇ يەرگە ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەرەب يېزىقىدا بېسىلغان ئەسەرلىرى، شۇنداقلا كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى قوللانغان لاتىن يېزىقىدا بېسىلغان ئەسەرلىرى قويۇلغان. مەن «ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھراپتىن چايان» رومانلىرىنى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئەنە شۇ ئەرەب يېزىقىدا بېسىلغان نۇسخىلىرىدا ئوقۇغان ئىدىم. ئۆزۈمگە تونۇش بۇ كىتابلار كۆز ئالدىمغا كۆپ يىللار ئالدىنقى خاتىرىلەرنى كەلتۈردى. بۇ يەردە يەنە ئابدۇللا قادىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردا بېسىلغان ئەسەرلىرى بار.

ئابدۇللا قادىرىدىن تەۋەررۈك بولۇپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە «بەقەسەم تون»، دوپپا كىيىمپ چۈشكەن رەسىملىرى، ئەينى چاغلاردا ئىشلەتكەن يېزىقچىلىق قوراللىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى قالغان. مەن چۈشەندۈرگۈچىدىن:

— ھازىر ئابدۇللا قادىرىنىڭ قەبرىسى نەدە؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— تېخىچە ئۇنىڭ جەسىتى تېپىلمىدى...

ھەمراھلىرىم ماڭا، ئابدۇللا قادىرى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ئۆي، ھازىر ئۇنىڭ مۇزېيى قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن بۇ ئىستېداتلىق يازغۇچىغا ئىنتايىن چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن تەزىيە ۋە ئېھتىرام بىلدۈردۈم...

دېدى، مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزبېك خەلقىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر يازغۇچىسى، س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاكادېمىك مۇسا تاشمۇھەممەت ئوغلى ئايبېكنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ «قۇتلۇق قان»، «ناۋايى»، «ئالتۇن ۋادىدىن شاماللار» رومانلىرى، «پاكىستان تەسىراتلىرى» پوۋېستى ۋە شېئىرلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق.

مەن يەنە بىر ئاكادېمىك شائىر، س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن غۇپۇر غۇلامغا بېغىشلانغان بۆلۈمدە بولدۇم. 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئۇنىڭ «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى، «يادىكار» پوۋېستى قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە تارقالغانىدى. ئۇنىڭ «سەن يېتىم ئەمەسسەن»، «شەرقتىن كېلىۋاتىمەن»، «مەن يەھۇدى»، «خوتۇن»، «ۋاقىت» دېگەن شېئىرلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مانا مۇشۇ مەشھۇر شائىر، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەپ مۇنداق دەپ يازغانىدى:

بىز ئۆزبېكلەر نىچۆك قوۋانمايلۇقكى،
ئەرك ئالغان ئۇيغۇر خەلقى بىزگە قانداش بولىدۇ.
تارىخى تەقدىرىمىز، ئۆرپ، ئادەت، تىلىمىز
ھەتتاكى خەرىتىمىز تۇتاش - يانداش بولىدۇ.

شائىر غۇپۇرغۇلام جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىسىگە ئەنە شۇنداق قىزغىن تەنتەنە قىلغان، بۇنى ئۆز غەلىبىسى، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ غەلىبىسى دەپ بىلگەنىدى.

شائىر غۇپۇر غۇلامنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزبېكىستاندىكى بىردىنبىر بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىغا ئۇنىڭ نامى بېرىلگەن، بۇ نەشرىيات ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان نۇسخا ۋە تىراژدا تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلماقتا.

مەن ناۋايى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيىدا يەنە ئۆزبېك خەلقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچى - شائىرلىرىدىن خەمىت ئالىمجاننىڭ، ئايدىن سابىروۋانىڭ، مەخسۇت شەيخزادىنىڭ، سەئىدە زۇنۇنوۋانىڭ، مەمەرۇسۇل بابايېۋنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان بۆلۈملەردە بولدۇم. ئەپسۇسكى، ماڭا بۇلارنىڭ تەۋەررۇكلىرىنى كۆرۈشكىلا نېسىپ بولدى، چۈنكى، بۇلارمۇ ئايبېك ۋە غۇپۇر غۇلامغا ئوخشاش بۇ يورۇق ئالەم بىلەن ۋىدالاشقانىدى. ۋاپات بولغان مانا بۇ ئەدىبلەر قاتارىدا س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە دراماتۇرگ ئابدۇللا قاھارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ «سەراب»، «قوشچىنار چىراغلىرى»، «ھېكايىلار» قاتارلىق كىتابلىرى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان. «شايى سۆزەنە» («يېڭى يەر») درامىسى شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينالغان. بۇ رېئالىست يازغۇچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كەلگەن.

مۇزېيدا يەنە ھازىر ھايات ياشاۋاتقان مەشھۇر ئەدىبلەردىن دراماتۇرگ كامىل

يەشىن، شائىر ئۇيغۇن، شائىرە زۇلپىيە ئىسرائىلوۋالارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى «سوتسىيالىستىك مېھنەت قەھرىمانى» ئۇنۋانى بېرىلگەن.

مۇزېيدا يەنە س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئۆزبېكىستان خەلق شائىرى رەمىز باباجان، ئەسخەت مۇختەر، خەمىت غۇلام، مىر مۇھسىن، سەئىد ئەخمەت، تۇراپ تۆلە، قۇددۇس مۇھەممەدى، ئادىل ياقۇبوۋ، ئۆلمەس ئۆمەر بېكوۋ، ئەركىن ۋاھىدوۋ، ئابدۇللا ئارىپوۋ، ئامان مەتجان قاتارلىق يازغۇچى-شائىرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۆزبېكىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن ئىمىنجان ئوسمانوۋ، روزى قادىرىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان بۆلۈملەر قۇرۇلغان.

ناۋايى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە بۆلۈم ئاجرىتىلىپ ئۇنىڭدا خەلق قوشاقچىلىرى، داستانچىلىرى، ھاپىزلار، لەتىپىچىلەر ۋە باشقىلار ھەققىدە تونۇشتۇرۇشلار بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق ئۆزبېك داستانچىسى پازىل يولداش ئوغلى قاتارلىق شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرى ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن...

ئومۇمەن ناۋايى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بىر مۇزېيى ئىكەن. ئۇنىڭدا شەرقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن تارتىپ تۈرلۈك ئەسىر، تۈرلۈك دەۋرگە خاس بولغان ئەدەبىي مىراسلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ يەردىكى ماتېرىياللارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

بۇ مۇزېيى ئۆزىنى ئەدەبىيات ئىشىغا بېغىشلىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىباھا بىلىم يۇرتى ئىكەن!

## ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە

مەن تاشكەنتكە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئىككىيلەن يوقلاپ كەلدى. يېشى، بوي-تۇرقى، ئورۇق-سېمىزلىكى ھەتتا كىيىنىشلىرى بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرسى ئاقىراق، بىرسى بۇغداي ئۆڭ ئىدى. ئالدى بىلەن ھېلىقى بۇغداي ئۆڭلۈكى سۆز باشلىدى:

— تونۇشۇپ قويايلى، بۇ كىشى ئىمىنجان ئوسمانوۋ، ئەدەبىي تەخەللۇسى ئەمىن ئوسمان، ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى. مېنىڭ ئىسمىم ھسامىدىن، كۆپرەك بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

بىز گويا كونا تونۇشلاردەك دەرھال قىزغىن گەپكە كىرىشىپ كەتتۇق. ماڭا ئىمىنجان ئوسمانوۋنىڭ ئىسمى تونۇش ئىدى. تېخى يېقىندا «تارىم» ژۇرنىلى ئۇنىڭ بىر ھېكايىسىنى باسقان، ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بەرگەن. ھەمدە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ يەنە بىر ساندىكى ئەدەبىي ھايات سەھىپىسىگە ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر بۆلۈمى قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەنىدى.

ئۇلار ماڭا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. بۆلۈمچە 60-يىللىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىر مەزگىل ئۇنى شائىر روزى قادىرى باشقۇرغان، بىراق كۆپ ئۆتمەي تارقىلىپ كەتكەن. كېيىن، ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئەسلىگە كېلىپ، مەلۇم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ئۆزبېكىستاندىكى س س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاپتورلارنى تەشكىللەپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان؛ سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچى-شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزبېكچە تەرجىمە قىلغان، بۇ ئەسەرلەر «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن توپلام قىلىپ بېسىلغان ۋە باشقىلار.

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ۋاپاتى سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن جۈملىدىن ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر بۆلۈمى يەنە تارقىلىپ كەتكەن. يېقىندا بۇ بۆلۈم قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن. ئۇنىڭغا ئىمىنجان ئۇسمانوۋ مەسئۇل قىلىنغان.

ئىمىنجان ئۇسمانوۋ بىرىنچى كۆرۈشۈشتىلا مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ئۇيغۇر يىگىت كەمتەر، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، گەپ-سۆزلىرى ئورۇنلۇق، خۇش خۇي ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

— مەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان ئادەم ئىدىم. بۇ قېتىم مېنى ئۇيغۇر بۆلۈمىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ قويدى. راستىمنى ئېيتسام، مۇنداق ئىشلاردىن كۆرە كۆپرەك بىر نەرسە يېزىۋېلىشنىلا ئويلايتتىم.

ئىمىنجان ئۇسمانوۋنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە دېيىشىچە، ھازىر سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئاساسەن قازاقىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىشلەيدىكەن، چۈنكى، مۇتلەق كۆپ ئۇيغۇر يازغۇچىلار قازاقىستاندا تۇرغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىش ئورۇنلىرىمۇ قازاقىستاندا ئىكەن. ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىي ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى سوۋېت ئۆزبېك جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭدا ئۆزبېك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزبېكىستاندا تونۇشتۇرۇش رەسمىي قولغا ئېلىنمىغان ئىكەن. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ جارى قىلغىلى بولىدىكەن.

مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم.

ئىمىنجان ئۇسمانوۋ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا مېنى ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلدى. مەن رازىلىق بەردىم.

ئەتىسى ئىمىنجان ئۇسمانوۋ بىلەن ھېسامىدىن مېنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى تاشكەنت شەھىرىنىڭ مەركىزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمالىدا شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ بىرى «ئۆزبېكىستان مېھمانخانىسى» قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. غەربىي-جەنۇبى باغچە، ئالدى كۆللۈك مەيدان ئىدى. ماشىنىلار دەريادەك ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىغا سېلىنغان بۇ بىنا بۇرۇن تاشكەنت شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ئورگىنى بولغان. ئۇ ئاق ۋە سېرىق رەڭدە ئاقارتىلغانىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى قەدىمىي رۇس بىناكارچىلىقىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى ئىدى. بۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىم بىلەن تەڭ يان تەرەپتىكى كىتاب تىزىلغان پەشتاختىغا كۆزۈم چۈشتى. ھەمراھلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىتاب سېتىش پونكىتى بولۇپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى خادىملار ئۈچۈن ۋە بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئاپتورلار ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلغانىكەن. كۆپلىگەن يازغۇچىلار خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى سەۋەبىدىن كىتابخانىلارغا ۋاقتىدا بېرىپ تۇرالمايدىكەن. ئۇلار بۇ يەرگە پات-پاتلا بىرەر ئىش بىلەن ياكى يىغىلىشلارغا كېلىپ تۇرغاچقا، ئەنە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېڭى كىتاب-ژۇرناللارنى سېتىۋالىدىكەن.

بىز بىنانىڭ كەڭ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدۇق. ئىككىنچى قەۋەتكە چىققىنىمىزدا پەلەمپەينىڭ ئۇدۇلىغا ئېسىلغان سۈرەت جازىسى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ، چوڭ رامكىغا ئېلىنغان نەچچە ئون نەپەر ئادەمنىڭ ئايرىم-ئايرىم چۈشكەن سۈرەتلىرى ئىدى. ھەمراھلىرىم ماڭا سۈرەتتىكى بۇ ئادەملەر ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان يازغۇچىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى خاتىرىلەش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە كېيىنكى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۈلگە قىلىشى ئۈچۈن بۇ خاتىرە رەسىملەر ئېسىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەنمۇ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردۈم.

بىز بىنانىڭ ئۈچىنچى-قەۋەتكە چىقتۇق. مەن بوسۇغىدىن ئاتلىشىم بىلەن تەڭ ئۈستەلدە ئولتۇرغان ياشانغان بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئىمىنجان ئوسمانوۋ تونۇشتۇردى:

— يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئادىل ياقۇبوۋ.

ئادىل ياقوبوۋ ئوتتۇرابوي، بەستلىك، بۇغداي ئۆڭ ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ تېخى تولۇق ئاقارمىغان قويۇق چاچلىرى، مەزمۇت قامىتى، تېتىك ھەرىكىتىگە قاراپ، ئاتمىش ياشلارغا بارمىغان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم.

ئادىل ياقۇبوۋ بىز بىلەن ئىنتايىن سەممىمىي ۋە ئوچۇق چىراي كۆرۈشتى.

بىز ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئادىل ياقۇبوۋ مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى يولداش ئىمىنجاندىن ئاڭلىدىم. باشقا يولداشلارمۇ كۆرۈشمەكچى ئىدى، يولداش سەئىد ئەخمەت خېلى ئۇزاق كۈتۈپ ئولتۇردى. سىلەر ئۇلگۈرۈپ كېلەلمىگەچكە، تېخى يېڭىراقتا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىمىنجان ئوسمانوۋ سۆز قىستۇردى:

— سەئىد ئەخمەتنىڭ ئايالى شائىرە سەئىدە زۇنۇنوۋا ۋاپات بولغان. ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا قىزى بار، سەئىد ئەخمەت قىزىدىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ.

يازغۇچى سەئىد ئەخمەتنىڭ ۋە شائىرە سەئىدە زۇنۇنوۋانىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا 50-يىللاردىنلا تونۇش. بۇ ئەر-ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى، مەسىلەن، سەئىدە زۇنۇنوۋانىڭ «دەريالار تۇتاشقان جايدا» ناملىق پوۋېستى، سەئىد

ئەخمەتنىڭ ھېكايىلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا تەسىر قوزغىغان. سەئىد ئەخمەتنىڭ «كېلىنلەر قوزغىلىڭى» دراممىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا بېسىلغان، سەھنىلەردە ئوينالغان.

يولداش ئادىل ياقۇبوۋ ئالدى بىلەن ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى توغرىلىق سۆزلىدى:

ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆز قۇرۇلتىيىدا سايلانغان ھەيئەت رىياسەتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش يۈرگۈزىدىكەن. كۈندىلىك كونكرېت خىزمەتلەرنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارلىرى ئىشلەيدىكەن. يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەركىبىدە پروزا، پوئېزىيە، دراماتۇرگىيە، تەنقىد-بىئوگرافىيە قاتارلىق بۆلۈملەر بار ئىكەن. بۆلۈملەر قاتارىدا يەنە ئۆزبېكىستاندا نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ بولغان باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بۆلۈملىرى — يەنى قىرىم تاتارلىرى بۆلۈمى ۋە ئۇيغۇر بۆلۈمى بار ئىكەن. ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۆز تەركىبىگە ئون نەپەردىن ئارتۇق س س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئالغانىكەن. ھازىر ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «شەرق يۇلتۇزى» ناملىق ئۆزبېكچە ۋە «زۋېزدا ۋوستوكا» ناملىق رۇسچە ئەدەبىي ژۇرناللار چىقىدىكەن.

يولداش ئادىل ياقۇبوۋ ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار سويۇزى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزى ھەققىدە سۆزلىدى:

ئادىل ياقۇبوۋ ئېلىمىز جۇڭگو ھەققىدە خېلى مەلۇماتقا ئىگە ئىكەن. ئۇ 1945-يىلى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشتا شەرقىي شىمالدا بولغان. ياپون جاھانگىرلىكى تەسلىم بولغاندىن كېيىن بىرنەچچە يىل دالىيەندە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. شۇ يىللىرى بەزى خەنزۇچە سۆزلەرنىمۇ ئۆگەنگەن، يەرلىك كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلغان. ئېلىمىز ئازاد بولغاندا ئادىل ياقۇبوۋمۇ مىليونلىغان سوۋېت كىشىلىرىگە ئوخشاش زور خۇشاللىققا چۆمۈلگەن. ھازىر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۇنى خۇرسەن قىلغان. ئادىل ياقۇبوۋ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ياشلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا ياخشى كۆرگەن، بولۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ ھەربىيلىك يىللىرىمنى ئۆتكۈزگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بىر كۆرۈش — مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم.

مەن ئادىل ياقۇبوۋنىڭ سۆزلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدىم.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئىنتايىن قىزغىن بولدى. مەن ئادىل ياقۇبوۋقا ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرىنىڭ ئېلىمىزدە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى، «دىيانەت» ۋە «ئۇلۇغبېك خەزىنىسى» رومانلىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى ئېيتتىم.

ئادىل ياقۇبوۋ ئىنتايىن مەمنۇنلۇق بىلەن مۇنداق دېدى:

— رەھمەت، سىلەرگە. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلغان تەرجىمان ۋە تەھرىر يولداشلارغا مەندىن سالام ئېيتارسىز.

ئادىل ياقۇبوۋ ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزبېكچىلەشتۈرۈپ نەشر قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقلىرى توغرىسىدا توختالدى. ئالدى بىلەن ئىككى كىتاب يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى، ھەمدە شىن-

جاڭ ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى نەشىر قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقلىرىنى، لېكىن قوللىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق ئەمەسلىكىنى، ئۆز ئارا ئەسەر ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتتى. دەرۋەقە، مەن كىتاب - ژۇرنال ماگىزىنلىرىدىمۇ ئېلىمىزدە نەشىر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كىتاب - ژۇرناللارنى كۆرمىدىم، ھەتتا ئۆزبېكىستان بويىچە بىردىنبىر كۇتۇپخانا بولغان «ناۋايى كۇتۇپخانىسى» دىمۇ 50 - يىللاردىكى شىنجاڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدىن باشقا نەرسە تېپىلمايدىكەن.

مەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى بۇ ئۇچرىشىشتىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ قايتتىم.

## شائىر رەمىز باباجان بىلەن ئۇچرىشىش

س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئۆزبېكىستان خەلق شائىرى رەمىزباباجان بىلەن ئۇچرىشىش توغرىلىق بىر كۈن ئالدىن خەۋەر تاپتىم. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى رەمىزباباجان ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان، قېرىلاردا بولىدىغان ھەممە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر شەخس ئىدى، چۈنكى 40 - يىللاردىلا، مەتبۇئاتلاردا تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. ھازىر رەمىزباباجان ئۆزبېكىستاندا كۆزگە كۆرۈنگەن بىردىنبىر پېشقەدەم شائىر. ئۇنىڭ نامى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغىمۇ تونۇش.

مەن بەلگىلەنگەن كۈنى يەنى 23 - دېكا ئەتىگەن سائەت ئوندا رەمىزباباجاننىڭ ئىشخانىسىغا كەلدىم. مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن خادىم كىچىككىرەك يىغىن زالىغا باشلىدى. بۇ خادىم ياش ئۆزبېك شائىرى ئەخمەتجان لوقمانوۋ ئىدى. بوسۇغىدىن ئاتلىشىم بىلەن تەڭ ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قويۇق قارا چاچلىق، تېتىك - چاققان بىر ئادەم مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەخمەتجان لوقمانوۋ تونۇشتۇردى:

— يولداش رەمىزباباجان!

مەن رەمىز باباجاننى تامامەن باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلغاچقا، ئىختىيارسىز ھالدا:

— سىز تېخى ياش ئىكەنسىزغۇ! — دەۋەتكىنىمنى سەزمەي قالدىم.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

— نەدە ياش بولاي، تېخى يېقىندىلا 60 ياشلىقىمنى خاتىرىلىدىم.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا ئۆزى يازغان مۇنۇ رۇبائىيسىنى ئەسلەتتى:

پەيتى كەلسە قېرىلىقمۇ يارىشىدۇ،
بوۋاي - موماي ئۆتكەن ئۆمرىنى سانىشىدۇ.
ئاتمىشتىمۇ ئوتتۇز ياشتەك ياشاش مۇمكىن،
بەزەن ئادەم ئۆز يېشىدىن ئادىشىدۇ.

بىز چوڭ ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. رەمىز باباجان ئالدى بىلەن بۇگۈنكى ئۇچرىشىش ھەققىدە مۇنۇلارنى ئېيتتى: مېنىڭ تاشكەنتكە كەلگەنلىكىمنى تېخى يېقىندا ئۇققانلىقىنى، مېنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش «شېئىر مەپتۇنى» ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ شېئىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى

باشقىلاردىن ئاڭلاپ، بۇ ئۇچرىشىشنى شەخسەن ئۆزى، ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا بۇ «شائىرلار ئۇچرىشىشى» ئىكەن.

مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىشتىن سەل‍لا بۇرۇن «تارىم» ژۇرنىلىدا شائىر رەمىز باباجاننىڭ:

شادلىقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئەلەمنىڭ ئۆمرى قىسقا،
ئالەمدىن ئۆتكەنلەرگە ئالەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.
كېلەچەككە ئابىدە بولالمايدۇ مېھنىتى،
يالغان - ياۋىداقنى يازغان قەلەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.

قاتارلىق بىر تۈركۈم «يېڭى رۇبائىيلىرى» تەرجىمە قىلىپ بېسىلغانىدى.

شائىر رەمىز باباجان بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. سىلەرنىڭ بىر مىليارد نوپۇسلۇق شۇنداق چوڭ مەملىكەتلىرىڭلاردا مېنىڭ روبائىيلىرىمنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقى ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭ شان - شەرەپ!

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. چۈنكى بۇ سۆزلەردە شائىرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت مۇھەببىتى جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

رەمىز باباجان قىزغىن ۋە جۇشقۇن ھالەتتە ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شىنجاڭ ئازاد بولغان چاغدىلا مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ «ئۇيغۇر قىزىغا» قاتارلىق ئىككى شېئىر يېزىپ، بۇ غەلىبىنى تەبرىكلىگەن ئىدىم. بۇ شېئىرلىرىم 50 - يىللاردا چىققان توپلاملىرىمغا ئېلىنغان. بۈگۈن سىز بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئاخشام كىتابلىرىمنى ئاقتۇرسام، ئەنە شۇ شېئىرلار بېسىلغان توپلامدىن پەقەت بىرسىلا قاپتۇ... ئۇ شېئىرلارنى كۆچۈرۈپ ئەكەلدىم.

رەمىز باباجان شىنجاڭ ئازادلىقى ھەققىدە يېزىلغان بۇ ئىككى شېئىرىنى زوق ۋە ئېھتىراس بىلەن ئوقۇدى. مەن ئۆزۈمگە تونۇش بولغان مىسرالارنى ئاڭلىغىنىمدا، خىيالىم ئۇزاق يىللارنى ئاتلاپ كەتتى:

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىر مۇشتىرىسى بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغان. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر خەلقىنى چىن يۈرىكىدىن ئالقىشلىغان. 1956 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكلىپ بويىچە شىنجاڭغا كەلگەنىدى. ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېزىت - ژۇرناللارغا بىر قىسىم سوۋېت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. مەن رەمىز باباجاننىڭ ئۆز ۋاقتىدا «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يۇقىرىقى ئىككى شېئىرىنىڭ ئۆزبېكچە نۇسخىسىنى تېپىپ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمدە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئانچە راۋان بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇلارنى قايتا تەرجىمە قىلغان ئىدىم. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شېئىرلاردىكى بەزى پارسچە سۆزلەر مېنى خېلى كۆپ باش قاتۇرۇشقا، لۇغەتلەرنى ئاقتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئېھتىمال، شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، رەمىز باباجان ئەنە شۇ شېئىرلارنى ئوقۇغاندا ئايرىم مىسرالار دەرھال ئېسىمگە كەلدى.

رەمىز باباجان بۇ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا يۇقىرىدىقى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم.

رەمىز باباجان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىز بايا مېنى ياش ئىكەنسىز دېدىڭىز، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن ياشىنىپ قالدىم، شۇڭلاشقىمۇ ئاڭلاڭ، مەن بىر رۇبائىي ئوقۇپ بېرەي:

ئۇسما كېتىپ، قاش قالسا ئەجەب ئەمەس،
دوپپا ئۇچۇپ، باش قالسا ئەجەب ئەمەس.
چاچ ئاقىرىپ، چىش چۈشۈپ قېرىساڭمۇ،
كۆڭلۈڭ هامان ياش قالسا ئەجەب ئەمەس.

بۇ رۇبائىي سورۇننى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە بىرنى ئوقۇدى:

كۆتكەندە ۋاقىت ئۆتمەسلىكى بەكمۇ قىزىق،
ئالدىرىغاندا يەتمەسلىكى بەكمۇ قىزىق.
ئىنسان ۋاقىتنى كۆتكەن بىلەن، ۋاقىت ئىنساننى
ھەتتا بىردەم كۆتمەسلىكى بەكمۇ قىزىق.

مەن بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنى ئادەتتىكى ئۇچرىشىشلارغا ئەمەس، بەلكى «مۇشائىرە»گە ئوخشاتقۇم كەلدى. شائىر رەمىز باباجان ئىنتايىن هاياجانلانغان هالدا مۇنداق دېدى:

— گەرچە مەن سىزنى ئاتمىش يىللىق خاتىرە كۈنۈمگە ئۆز ۋاقتىدا تەكلىپ قىلالمىغان بولساممۇ، ئەنە شۇ تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ تەكلىپنامىسىدىن بىرىنى سىزگە تەقدىم قىلماقچىمەن.

مەن تەكلىپنامىنى قولۇمغا ئالدىم. ئوتتۇرىسىغا شائىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بۇ قىزىل باغاقنىڭ ئۈستىگە «س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئۆزبېكىستان خەلق شائىرى رەمىز باباجان تۇغۇلغانلىقىنىڭ ئاتمىش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرە كېچىلىكىگە قاتنىشىش تەكلىپنامىسى» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلەر يېزىلغان. مانا مۇشۇ تەكلىپنامىغا شائىر ئۆز قەلىمى بىلەن ماڭا ئاتاپ بېغىشلىما يازغانىدى.

رەمىز باباجان يەنە ماڭا چىرايلىق مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ۋە بىر پىلاستىنكىنى سۇنۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ كىتاب — مېنىڭ ئۆزۈمگە ئەڭ ياققان شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلىمىم. مانا بۇنىسى — ئۆزۈم ئوقۇغان شېئىرلىرىمنىڭ پىلاستىنكىسى. مېنى ئەسلىگىنىڭىزدە ئوقارسىز، ئاڭلارسىز، ئۇ يەنە ماڭا ئۆزىنىڭ «يېڭى رۇبائىيلار» ناملىق ئۈچ خىل يېزىقتا بېسىلغان شېئىر توپلىمىنى تەقدىم قىلدى. مەن ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان



# جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرى

## مىسىر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى نەجىپ مەھبۇز

1958-يىلى 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بىرەيلەن مىسىر ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى نەجىپ مەھبۇزدىن: «نېمىشقا بىرمۇ مىسىر يازغۇچىسى ياكى ئەرەب يازغۇچىسى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىدى؟» دەپ سورىغان، نەجىپ مەھبۇز ئىشەنچ بىلەن: «ئاشۇنداق بىر كۈن كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تېخى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۇدەك سەۋىيىگە يەتمىدى، بىز تېخى بۇ يۇكسەكلىككە يەتمىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

30 يىلدىن كېيىن، يەنى 1988-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى پەيشەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە ھەرقايسى ئەل ئاگېنتلىقلىرى مىسىر يازغۇچىسى نەجىپ مەھبۇز شەرەپ بىلەن 1988-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، دەپ بەس-بەستە خەۋەر تارقاتتى. مىسىر پايتەختى قاھىرە بىردىنلا قايناپ كەتتى.

سائەت 2 يېرىمدا نەجىپ مەھبۇزنىڭ قاھىرە نىل دەرياسى كوچىسىدىكى 172-نومۇرلۇق قورۇسى تەبرىكلەپ كەلگەنلەرگە لىق تولدى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۈشمۇ-تۈشتىن يېتىپ كېلىشتى.

ئىككى يىل ئىلگىرى فىرانسىيىدىكى «دۇنيا گېزىتى» نەجىپ مەھبۇزنى «ئەرەب ھېكايىچىلىقىنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىغان، بەزىلەر ئۇنى «مىسىردىكى دىككىنىس» دەپ ماختىغانىدى. نەجىپ مەھبۇز ھەرقايسى ئەل مۇخبىرلىرى ئالدىدا شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى ئىزھارلاپ مۇنداق دېدى:

«سىلەرگە 1988-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمنى ئاڭلىغان چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئامالسىزمەن. بۇنىڭدىن ھەم تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىم، ھەم خۇشال بولدۇم، ئارقىدىن يەنە ئازراق خورسىندىم. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئۇقۇتقۇچىلار-تاھاھۇسىيىن، ئاببىاس ئاكادى، تەۋپىق ھاجىم قاتارلىق ئەدەبىيات پىرلىرى ماڭا قارىغاندا بۇ شان-شەرەپكە ئېرىشىشكە تېخىمۇ ھەقلىق ئىدى.

مۇبارەك زۇڭتۇڭ مېنى تەبرىكلىگەندە: نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن ئىبارەت پاكىتنىڭ ئۆزىلا دۇنيانىڭ مىسىرغا بولغان ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئىسپاتلىدى، دەپ كۆرسەتتى. مەنمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق دەپ قارايمەن، بۇ ھەر بىر مىسىرلىقنىڭ ۋە ئەرەبنىڭ شان-شەرىپى.

مەن بۇنىڭ دۇنيانىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىنى ئېتى-

راپ قىلغانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بولۇپمۇ مەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئەرەب يازغۇچىسى بولۇپ قالماسلىقىم كېرەك.

ئاق كۆڭۈل مىسىر خەلقى ماڭا ئۇلارنى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمدە ئەينەن ئىپادىلىيەلەيدىغان ئىلھامنى بەردى، شۇڭا مەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى مىسىر خەلقى دېگەن قاراشتىمەن. مېنىڭ ئاخىردا دەيدىغىنىم شۇكى، دۇنيا بىزنىڭ ئىرىشچانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى!»

شۇنداق، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى نەجىپ مەھبۇزنىڭ 50 نەچچە يىللىق ئەجرىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلدى. شۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇنىڭغا بۇ مۇكاپاتنى بەرگەن چاغدا، مىسىر يازغۇچىسى نەجىپ مەھبۇزغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى بېرىشتە ئۇنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى نەزەرگە ئالدۇق، دەپ كۆرسەتتى.

نەجىپ مەھبۇز 1911-يىلى 12-ئاينىڭ 11-كۈنى كونا قاھىرە ھۈسەيىن مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇرا مۇلۇكدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى خىزمەتچى ئىدى، نەجىپ 1934-يىلى داشۆنى پۈتتۈردى. ئۇ قاھىرە داشۆسى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، داشۆدىكى مەزگىلىدە «قەدىمقى مىسىر» نىڭ ئېنگىلىزچە نۇسخىسىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويۇشى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىقتىن بولغان ئىدى. نەجىپ پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەسلىدە فرانسىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىشى، پەلسەپىنى بېرىلىپ ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ چاغدىكى قاھىرەلىك بىر دوختۇر بىلەن ئىسىمداش بولغانلىقتىن، خاتا ھالدا خىرىستىئان مۇرىتى دەپ قارالدى، نەتىجىدە دىنىي ئىشلار فوندى مىنىستىرلىكىگە تەقسىم قىلىنىپ خىزمەتچى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا غەيرەت بىلەن يېزىقچىلىق قىلىپ، ئاخىر بىراقلا داڭ چىقاردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوزۇلغان ئىجادىيەت ھاياتى داۋامىدا جەمئىي 46 پوۋېست، رومان ۋە ھېكايە توپلىمى چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون نەچچە پارچە ئەسەر كىنو قىلىنىپ ئۆزگەرتىلىپ قويۇلدى. 80-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېلىمىزدە قويۇلغان مىسىر فىلىمى «قەھۋەخانا» ئۇنىڭ «كالراك قەھۋەخانىسى» ناملىق رومانىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

نەجىپنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي تېمىدىكى رومانلار. ئۇ، تارىخىي تېمىدىكى بۇ ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش تارىخنى قايتا يورۇتۇش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىكى مىسىر خەلقىنى ئويغىتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ 40-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قاھىرەدىكى كۇتۇپخانىدا خىزمەت قىلدى، خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، شەرق ۋە غەربنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى، بۇ ئۇنىڭ ئارىلىقتىكى ئىجادىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. نەجىپ بۇ مەزگىلدە «يېڭى قاھىرە» (1945)، «خېلىل بازىرى» (1946)، «مىتاك كوچىسى» (1947)، «بېشى ۋە ئاخىرى» (1949) نى ۋە غايەت زور «ترىلوگىيە» «ئوردا كوچىسى»، «ئوردىنى سېغىنىش كوچىسى»، «كەۋسەر كوچىسى» نى ئىجاد قىلدى. ترىلوگىيە 40-يىللىرى پۈتۈپ 50-يىللىرى نەشر قىلىندى. ئۇ يېرىم بىئوگرافىك

شەكىلىدىكى غايەت زور تەسىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ۋەيران بولۇشى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مىسىر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق زىددىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى يورۇتۇلغان.

1952-يىلدىن 1959-يىلغىچە نەجىپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى يەتتە يىل توختاپ قالدى، چۈنكى مىسىر ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى يازغۇچىنى يېپيېڭى بىر دۇنياغا ئېلىپ كىرگەنىدى، ئۇ ماسلىشىش، پىكىر قىلىش ۋە يېڭىدىن باشتىن ئۆگىنىش جەريانىغا موھتاج ئىدى.

1959-يىلى نەجىپ «ئەلئەھرام گېزىتى» دە «كوچىمىزدىكى ھېكايىلار» ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدى، بۇ ئۇنىڭ قەلىمىنى تاشلاپ قويۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن يازغان تۇنجى ئەسىرى ئىدى، ئەمما رومانىدىكى پېرسوناژلار ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەد ۋە بىر ھازىرقى زامان ئالىمى بولغانلىقتىن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، شۇڭا ئۇ كىتاب بولۇپ چىقالمىدى. شۇ چاغدا بەزى مۇتەئەسسىپ كىشىلەر نەجىپنى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىمىز دەپ جار سالدى: كىتابخانىلارنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا، جەمئىيەتنىڭ كەڭ دىققەت-ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغان بۇ كىتاب، شۋېتسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن «ئۇلۇغ دىننى يارىتقۇچىلار خوجايىنلىق قىلىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى بىر مەسەل» دەپ ئاتالدى.

60-يىللار ۋە 70-يىللاردا نەجىپ يەنە ئارقا-ئارقىدىن «ئوغرى بىلەن ئىت»، «ياغ ساتقۇچى ۋە كۈز»، «نىل دەرياسى بويىدىكى بىمەنە گەپلەر»، «مىرامار»، «يامغۇردىكى مۇھەببەت»، «قارا مۈشۈك قاۋاقخانىسى»، «يول»، «ھۆرمەتلىك جاناب»، «كۆنلۈك ئاستىدا»، «كارناك قەھۋەخانىسى»، «داھىي ئۆلتۈرۈلگەن كۈن» ۋە «سېرىق خورما» دېگەندەك رومانلارنى ئېلان قىلدى.

1957-يىلى نەجىپنىڭ «ئوردا كوچىسى» ۋە «ئوردىنى سېغىنىش كوچىسى» دېگەن ئەسەرلىرى شەرەپ بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك مىسىر دۆلەت ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1972-يىلى مىسىر زۇڭتۇڭى سادات بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك جۇمھۇرىيەت ئوردېنى تەقدىم قىلغان؛ 1981-يىلى ئۇ مىسىر كىنو يازغۇچىلىرى ۋە تەنقىدچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئىلغارلار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ 1985-يىلى فرانسىيە-ئەرەب ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

نەجىپنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئىنگلىز، فىرانسۇز، نېمىس، شىۋېت، خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. ھازىر مىسىر كىتابچىلىق باش ئىدارىسى «نەجىپ مەھبۇز ئەسەرلىرى توپلىمى» نى بېسىپ چىقىرىشقا جىددىي كىرىشتى. شۇنداقلا مەشھۇر شەخسلەر يازغان «خاتىرىلەش ماقالىلىرى توپلىمى» نى نەشر قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇزۇنغا قالماي نەجىپنىڭ پۈتۈن گەۋدىلىك ھەيكىلى قاھىرەدىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسى ئالدىغا ئورنىتىلماقچى. دۆلەت كىنو مەركىزى يېقىندا نەجىپنىڭ ئەدەبىي ھاياتى تەسۋىرلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىمەكچى بولدى.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان.

# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

**راھىلە ھاپىزوۋا**

## شېئىرلار

شائىر راھىلە ھاپىزوۋا 1937 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلى غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1963 - يىلى ئائىلىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاخانگاران شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ، ھازىر س س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ «قەلەم ۋە بالام»، «ۋەتەن چىنارى»، «دىل ئارامى»، «ھايات شۇنداق» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

### ياپراقلار

ئايغىم تېگىدە تۆمەن ياپراقلار،
بەزىسى سارغايغان، بەزىسى قىزغۇچ.
باغرىغا تارتقاندا ئۇنى تۇپراقلار،
كۆمۈلەر، قىلىشقا يوق ئۇنىڭدا كۈچ.

ياپراقلار باھارنىڭ ياپپېشىل كۆركى،
سارغايتىپتۇ بۈگۈن ئۇنى كۈز كېلىپ.
بىرەركىم ئەسلەرمۇ ئۇ گۈزەل كۆركىنى،
لېكىن مەن قەلبىمگە قويغانمەن سىزىپ.

قاراڭ، ئوخشاپ كېتەر ئادەم تەقدىرى،
بەزى كەچمىشىگە ئاشۇ ياپراقنىڭ.
شاخلاردىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ھەر بىرى،
كىرگەندەك قېتىغا ئانا تۇپراقنىڭ.

### ئانا قەلبى

قۇياش دېسەم ئانا قەلبىنى،
نۇردا كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەكسىنى.
ھاراردىتى يەكدى قۇياشنى،
تاپالمىدىم ئۇنىڭغا ئوخشاشنى.

گۈلدە كۆردۈم تەبەسسۇمىنى،
باغقا قىياس قىلدىم كۆكسىنى.
تەڭ كەلمىدى مېھرىگە دەريا،
شۇ مېھرىدىن تۆكتى ئۇ زىيا.

يىپەك كەبى يۇمشاق چېھرىسى،
نۇر بولىقى قەلب مېھرىسى.
بالىقىپ تۇرار تاشقىن ساي بولۇپ،
ھەم قەلبتە يۇلتۇز - ئاي بولۇپ.

ئانا بىلەن ئۇلۇغتۇر ئالەم،
ئانا بىلەن يوقتۇر قايغۇ - غەم.
قېنى ئىدى بار ئىنسانىدا ھەم،
ئانا قەلبى بولسا مۇجەسسەم.

### قىرغاقتا..!

قىرغاقتىمەن، لالە رەڭ شەپەق،
ماۋى دېڭىز دىلىنى ئېتەر رام.
ئەندىكتۇرەر بەزىدە پەقەت،
دولقۇنلىنىپ دېڭىز بىئارام.

دېڭىز ئۆزىدىن ئېشىپ قىرغاققا،
شىددەت بىلەن يايىدۇ غۇلاچ.
قىرغاقتىكى تاشنى يۇتمەككە،
ئىنتىلىدۇ قالغان كەبى ئاچ.

گاھ قىرغاقنىڭ باغرىنى ئويۇپ،
ئېلىپ كېتەر قەھرىگە دېڭىز.
گاھ ئىسيانكار شىردەك ھۆركىرەپ،
تاشلاپ كېتەر قىرغاقنى يالغۇز.

گاھ سەزگەندەك ھىجران - پىراقنى
قىرغاقلارغا تۆكۈپ كېتەر ياش.
دولقۇنلىرى سۆيۈپ قىرغاقنى،
يۇمشاققىنا قويار ئاڭا باش.

ھە، كەمتەرىن، باغرى كەڭ قىرغاق،
ھەممىسگە بېرىدۇ بەرداش.
ئۇ ئانىدۇر، غەزەپتىن يىراق،
شۇڭا دېڭىز بەگباش ۋە ياۋاش.

### نۇر ئىدىك

سەن نۇر ئىدىڭ دېرىزەمدىن قارىسام،
شۇ يوچۇقتىن نۇر تولاتتى ئۆيۈمگە.
سېنىڭ چاقناق كۆزلىرىڭگە قارىسام،
نۇردىن ئىلھام قۇيۇلاتتى كۆيۈمگە.

سەنمۇ كەتتىڭ، دېرىزەمنىڭ يوچۇقى،
گويا مەڭگۈ قارا تۈنگە قاپلاندى.
لېكىن دىلىمنىڭ نۇرغا تەشنا ئوچۇقى،
ئاشۇ نۇرنىڭ سايىسىدا تاۋلاندى.

### سېغىنىش

سېغىنىپ-سېغىنىپ، ئەسلىدىم سېنى،
سېغىنىش ئوتىنى سېلىپ كەتتىڭمۇ؟
تېخىمۇ باغلاندى كۆڭلۈم رىشتىسى،
ئەزىزىم قەلبىمنى ئېلىپ كەتتىڭمۇ؟
ئايرىلىش ئازابى قىيىندى مېنى،
بۇ دېمەك سېغىنىش ئوتى مۇھەببەت.
ھەر كۈنى ئىزدەيمەن، ئىستەيمەن سېنى،
قەلبىمگە تاپالماي سەندەك بىر مەدەت.
سېغىنىشنىڭ ئالتۇن زەنجىرى بىلەن،
باغلاقلىق ۋۇجۇدۇم، ئۈمىدىم پارلاق.
تىلىسا ئەگەر ھىجران خەنجىرى بىلەن،
تىترىگەن يۈرەككە چىرمىشار پىراق.
سەنمۇ كەلمەك بولساڭ بىزنى سېغىنىپ،
يوللىرىڭنى ئاچسا زەپەرلەر گويا.
شۇندا ئوغۇللىرىم، قىزلىرىم ئېلىپ،
ئالدىڭغا چىقىمەن بولۇپ بىر دۇنيا.
سېغىنىپ - سېغىنىپ ئىستەيمەن سېنى.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھوسەيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ۋىلىيام فولكنېر (ئامېرىكا)

# بىر تال ئەتىرگۈل

ۋىلىيام فولكنېر (1897—1962) ئامېرىكىنىڭ 20 - ئەسىردىكى ئاساسلىق يازغۇچىسى، «جەنۇب ئەدەبىياتى» گۇرۇھىنىڭ ياراتقۇچىسى، شۇنداقلا پۈتۈن غەربتە ئەڭ تەسىرى بار ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى. فولكنېر 20 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە كەسىپتىن سىرتقى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «مەرمەردىن ياسالغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلاھى» دېگەن شېئىرى توپلام بولۇپ (1924) «ئەسكەرنىڭ ئىش ھەققى» (1926) ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى.

30 - يىللاردىن باشلاپ، فولكنېر ئۆز ئەسەرلىرىدە جەنۇب سەھرالىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش، بىر قانچە جەمەتنىڭ گۈللىنىش ۋە خاراب بولۇش تارىخىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان ھېكايىلار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ ئاڭسىز ھالدا تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلەپ ئۆز ئەسەرلىرىگە كېلەچەكچىلىك، ھالقىما رېئالىزم قاتارلىق ئامىللارنى كىرگۈزدى. ئۇ يەنە ئاۋسترىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىمى فرويدنىڭ روھىي تەھلىلچىلىك تەلىماتىنى ئاساس قىلىپ «ئاڭ ئېقىمى» ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋاقىت تەرتىپىنى بۇزۇش، بايان نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىش، قەھرىمانلارنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىنى ئىپادىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەسىرىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتمەكچى بولدى. بۇ غەيرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى كېيىنكى ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر قىلدى. فولكنېرنىڭ ئىجادىيىتى تۈپەيلىدىن ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولغان «جەنۇب ئەدەبىياتى» گۇرۇھى مەيدانغا كېلىپ، فولكنېر ھېمىڭۋايدەك «بىر ئەۋلاد» ئادەمگە ئەمەس «بىر رايون ئادەم»گە ۋەكىللىك قىلدى.

1949 - يىلى فولكنېر ھازىرقى زامان ئامېرىكا ھېكايىچىلىقىدا بەدىئىي جەھەتتىن تەڭداشسىز تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى.

«بىر تال ئەتىرگۈل» فولكنېرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېكايىسى. بىز بۇ ھېكايە ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاق ۋەكىللەر سىنىپىنىڭ كۈنسايىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىدەك ھالاكەتلىك تارىخىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ ھېكايە بىمەنە، ئاجايىپ - غارايىپ كەيپىياتقا تولۇپ تاشقان بولۇپ، كىشىگە ۋەھىمىلىك، تىلسىم تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. يازغۇچى قەھرىماننىڭ ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدىغان پائالىيىتى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كىتابخاننى پەيدىنپەي تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ - دە، ئەڭ ئاخىرىدا ۋەقەنى شىددەت بىلەن چورت بۇراپ قەھرىمان ئوبرازىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋېتىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر فولكنېرنىڭ ئىجادىيەت ئەندىزىسى بىلەن ئۇسلۇبىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئېمىل گېلىرسىن خانىم ئالەمدىن ئۆت-
تى، بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
ئۆلۈمىگە باردى. ئەرلەر بىر خاتىرە مۇنا-
رىسى غۇلاپ چۈشتىغۇ دەپ ئۇنى ھۆرمەت-
لەپ بارغان بولسا، ئاياللارنىڭ تولىسى ئۇ-
نىڭ ئۆيىدە نېمىسى بار ئىكىن كۆرۈپ
باقايلىچۇ دەپ قىزىقىسىنىپ باردى. بۇ ئۆيگە
كەم دېگەندە ئون يىلدىن بۇيان ئاشپەز
ھەم گۈلچى بولۇپ ئىشلەيدىغان قېرى
خىزمەتكاردىن باشقا ھېچكىممۇ كىرىپ
باقمىغانىدى. يۇمىلاق تورۇسلىرى 19-
ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى ئۇسلۇب بو-
يىچە ياسالغان، مۇنار ۋە قاينام نەقىشلىك
بالكونى بار ئەسلىدە ئاق سىرلانغان بۇ
ياغاچ ئۆي رەستىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جاي-
لاشقان بولۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.
ئەمما، ماشىنا ئۆيى، پاختا ماشىنىسى دې-
گەنلەر بۇ تەرەپنىڭ سۈپىتىگە تەسىر
يەتكۈزۈپ، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ھەيۋىتىنى
پاك - پاكىز ئۆچۈرۈپ تاشلىغانىدى. بۇ
يەردە پەقەت ئېمىل خانىمنىڭ ئۆيىلا
مەغرۇر قەد كۆتۈرگەنىدى، ئۇنىڭ تۆت
ئەتراپىنىمۇ پاختا ماشىنىلىرى بىلەن نې-
فىت پومپىلىرى ئورىۋالغانىدى. گەرچە بۇ
ئۆي ئەسكىرەپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا
بويۇنتاۋلىق، خۇپسەنلىك قىلىپ تەقدىرىگە
تەن بەرمەي تۇرغان، ھەممىدىن كۆرۈم-
سىز ئۆيلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەمدىلىكتە
ئېمىل خانىم ئىسىم شەرىپلىرى ئۇلۇغۋار،
ۋەكىللىك خاراكتېرى بار قەھرىمانلارنىڭ
سېپىگە قوشۇلغانىدى، بۇ قەھرىمانلار قا-
رىغاي چۆرۈلگەن قەبرىگاھلىقتا ئۇخلىماق-
تا ئىدى. بۇ يەر پۈتۈنلەي جەنۇب - شى-
مال ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جېفسون جېكس-
دە ھالاك بولغان جەنۇب بىلەن شىمال-
دىن كەلگەن نامسىز ئەسكەرلەرنىڭ قاتار-
قاتار قەبرىلىرى بىلەن تولغانىدى.

ئېمىل خانىم ھايات چېغىدا ھامان
ئەنئەنىنىڭ تىمسالى، پەرىزنىڭ رەمزى،
ئادەملەر سەپسالىدىغان نىشان ئىدى.
1894 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بازار
باشلىقى پولكوۋنىك سادورىس نېگىر ئايال-
لار پەرتۇق تارتمىسا بازارغا چىقىشقا
بولمايدۇ دېگەن پەرماننى چۈشۈرگەندىن
باشلاپ، ئېمىل خانىمدىن ھەنىۋا باج خى-
راجلارنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەنىدى، كەچۈرۈم
ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغان كۈنىدىن ئۆزىنىڭ
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشاتتى. بۇ پۈتۈن
بازاردىكىلەر ئېمىل خانىم ئالدىدا ئادا
قىلىپ كېلىۋاتقان مەجبۇرىيەت ئىدى. بۇ،
ئېمىل خانىم خەيرى - ئېھسان ئېلىپ تۇ-
رۇشقا رازى بولىدى دېگەنلىكمۇ ئەمەس
ئىدى. ئەسلىدە پولكوۋنىك سادورىس ئې-
مىلنىڭ ئاتىسى بازارلىق ھۆكۈمەتكە قەرز
پۇل بەرگەن، شۇڭا بازارلىق ھۆكۈ-
مەت سودا ھېسابىدا مۇشۇنداق شەكىل
ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇشقا ماقۇل بولدى
دېگەندەك يوقىلاڭ ئۆسەكلەرنى توقۇغان
بولۇپ، بۇنداق ئۆسەكلەرگە پەقەت خوتۇن
خەقلەرلا ئىشىنەتتى.

ئىدىيىسى ئىلغارراق بولغان ئىككىن-
چى ئەۋلاد بازار باشلىقى ۋە كېڭەش پالا-
تا ئەزاسى بولغاندا بولسا بۇ ئورۇنلاشتۇ-
رۇش بەزى ئۇششاق نارازىلىقلارنى قوز-
غىدى. شۇ يىلى يېڭى يىلدا، ئۇلار ئېمىل
خانىمغا باج تۆلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇ-
رۇش جەدۋىلىنى ئەۋەتتى، 2 - ئاي كىر-
گىچىمۇ ئېمىل خانىمدىن ھېچقانداق خە-
ۋەر - ئاتا بولمىدى. ئۇلار ئېمىل خانىمغا
ئالاقە ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئەدلىيە مەھكى-
مىسى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىشنى
تەلەپ قىلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، با-
زار باشلىقى شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭغا خەت
يېزىپ، ھۇزۇرىڭىزغا بېرىپ كۆرۈشسەممۇ

ياكى ماشىنا ئەۋەتىپ سىزنى ئالدۇرسامىمۇ بولىدۇ دېگەننى ئىزھار قىلدى، ئېرىشكەن جاۋاب خەت سارغىيىپ كەتكەن قەغەزگە كونا سىياھتا ئۇششاق ئەمما چىرايلىق يېزىلغان ئىككىلىك باغاقچە بولدى. خەتنىڭ مەزمۇنى ھەرگىزمۇ بوسۇغىتىن سىرتقا چىقمايمەن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ باج تۆلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى قايتۇرۇۋەتكەن ۋە ھېچنېمە دېمىگەنىدى.

كېڭەش پالاتا ئەزالىرى پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئۇلار ئىشىكنى چېكىشتى، توققۇز-ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئېمىل خانىم پار-پۆر قاچىلار سىزمىچىلىقى دەرسىنى توختاتقاندىن كېيىن بۇ ئىشىككە ھېچكىممۇ دەسسىمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ سىرتقا چىقمىغانىدى. ياشانغان بىر ئەر نېگىر ئۇلارنى قاراڭغۇ دەھلىزگە ئېلىپ كىرىپ ئۇ يەردىن پەلەمپەيگە باشلىدى، پەلەمپەي تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. چاڭ-توزان ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى، ھاۋا نەمخۇش ۋە دىمىق بولۇپ، ئۆي ئۇزۇندىن بۇيان بوش تۇرماقتا ئىدى. نېگىر ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، ئۆيدىكى جاھازلار پۈتۈنلەي تېرە بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇ مەنسەردە دېرىزىنى ئېچىۋەتتى، يورۇقتا تېرە قاپلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ يېنىدىن پۈررىدە تۇزۇغان چاڭ-توزان تارام-تارام شولىلارنىڭ ئىچىدە ئاستا ئايلانماقتا ئىدى. تام مەشنىڭ ئالدىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن رەسىم جازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېمىل خانىمنىڭ دادىسىنىڭ كۆمۈر قەلەم بىلەن سىزىلغان سۈرىتى قويۇلغانىدى.

ئېمىل خانىم ئۆيگە كىرىشىگە، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئۇ بىر كىچىك چىراي، دۇغلاقسىنە كەلگەن سېمىز ئايال بولۇپ، باشتىن ئاياغ قارا كىيىگەن، ئالتۇن سائىتىنىڭ ئىنچىكە زەنجىرى كەمىرىگە تېگىپ تۇراتتى، ئۇ قارا سىرگى دەرەختىن ياسالغان ھاسىسىغا تايىنىپلا ئۆرە يۈرۈۋاتاتتى، ھاسىسىنىڭ تۇتقۇچىغا بېرىلگەن ئالتۇن ھەل ئاللىبۇرۇن كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولغاچقا باشقا ئاياللار ئۈچۈن يارىشىملىق بۇنداق ئەتلىنىش ئۇنى سېمىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ توختام سۇدا قالغان ئۆلۈككە ئوخشاش ئىششىپ، ئاقىرىپ كەتكەنىدى. مېھمانلار بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان يۈز گۆشلىرى ئارىسىدىكى گويا خېمىرغا پاتۇرۇپ قويغان كۆمۈر شارچىسىدەك كۆزلىرى توختىماي ئالاق-جالاق قىلىپ بىر دەم ئۇنىڭ، بىر دەم بۇنىڭ يۈزىگە قادىلاتتى.

ئېمىل خانىم مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۆرە تۇرغىنىچىلا ئاڭلىماقتا ئىدى، مېھمانلارنىڭ ۋەكىلى دۇدۇقلاپ سۆزلەپ بولغاندىلا ئالتۇن زەنجىرنىڭ ئۇ بېشىغا يوشۇرۇنغان ئاسما سائەتنىڭ چىكىلدىغىنى ئاڭلاندى.

سائەتنىڭ ئاۋازى ئاياۋسىز، مۇدھىش ئىدى.

— جېفسوندا مەن تۆلەيدىغان باج يوق، پولكوۋنىك سادۇرىس بۇنى ماڭا ئاللىقاچان ئېيتقان، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرۈپ باقساڭلار ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

— ئارخىپنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق، ئېمىل خانىم.

— بىز، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، سىز ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى

شەخسەن ئۆزى قول قويغان، ئۇقتۇرۇشنى ئالمىدىڭىزمۇ؟

— توغرا، مەن بىر پارچە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان، — دېدى ئېمىل خانىم، — ئېھتىمال ئۇ ئۆزىنى ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەۋالغاندۇر.

— جېفسۇندا مەن تۆلەيدىغان باج يوق!

— ئەمما باج رويخېتىدە ئۇنداق دېگەن گەپ يوق، بىلىدىغانسىز. بىز بەلگىلىمىگە ئاساسەن...

— سادورىس پولكوۋنىكنى تېپىڭلار، جېفسوندا مەن تۆلەيدىغان باج يوق.

— بىراق، ئېمىل خانىم!

— سادورىس پولكوۋنىكنى تېپىڭلار (سادورىس پولكوۋنىكنىڭ ئۆلگىنىگە ئون يىلغا يېقىن بولۇپ قالغانىدى) جېفسوندا مەن تۆلەيدىغان باج يوق. توبى!

ئاۋاز بىلەن تەڭلا نېگىر يېتىپ كىردى.

— بۇ ئەپەندىلەرنى چىقىرىپ قوي!

2

شۇنداق قىلىپ، ئېمىل خانىم ئۇلارنى خۇددى 30 يىل بۇرۇن ھېلىقى پۇراق ئۇچۇن بولغان ئىشتا ئاتىلىرىنى يېڭىۋالغاندەك «قاق پاكىز» يېڭىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ ئىككى يىل بولغان، يەنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمى (بىز جەزمەن ئېمىل خانىم بىلەن توي قىلىدۇ دەپ ئىشەنگەن ھېلىقى ئادەم) ئېمىل خانىمنى تاشلىۋەتكىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىدى، ئۇ، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن تالا - تۈزگە كەمدىن - كەم چىقىدىغان، كۆڭلىدىكى ئادىمى كەتكەندىن كېيىن بولسا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغانلا بولدى. بىرقانچە ئايال ئۇنىڭ ئۆيىگە دىۋەڭلىك قىلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئېمىل خانىم ئۇلارنى مۇجۇقىغىمۇيولاتمىدى. ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئەتراپىدىكى بىردىنبىر تىرىكلىك نىشانى سېۋەت كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان ھېلىقى نېگىر ئەر كىشى بولۇپ، ئۇ يىللاردا ئۇ تېخى ياش يىگىت ئىدى.

— قانداقلا ئەر كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت بىرلا ئەر كىشى ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ كەتكەن نەدە بار؟ — دەپ غۇدۇرشاتتى ئاياللار. شۇڭا ھېلىقى پۇراق بارغانسېرى بۇلۇۋاراپ كەتكەندىمۇ ئۇلار بۇنىڭغا ھەيران قالمىدى. بۇ مەۋجۇداتلار ئالەمى بىلەن ئېسىلزادە مەرتىۋىلىك گېلىرىسىنلار ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى باشقا بىر خىل مۇناسىۋەت ئىدى.

قوشنا ئايال بېشى سەكسەندىن ئاشقان بازار باشلىقى سوتچى سېتۋېنسقا كايىدى.

— بىراق، خانىم، بۇ ئىشقا مېنىڭ نېمە ئامالىم باردەيسىز؟ — دېدى ئۇ.

— ھىم، ئۇنىڭغا پۇراقنى يوقات دەپ ئۇقتۇرۇش قىلغۇلۇق، — دېدى ھېلىقى ئايال، — قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەنغۇ!

— مېنىڭچە بۇنداق قىلىشنىڭ لازىمى يوق، — دېدى سوتچى سېتۋېنس، — بەلكى ئۇنىڭ ھېلىقى خىزمەتچىسى زەڭگى ئالۋاستى ھويلىدا يىلان - مىلان، ياكى چاشقان - ماشقان ئۆلتۈرۈپ قويغاندۇ... مەن بۇ ئىش توغرىلىق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي. ئەتىسى ئۇ ئىككى شىكايەت تاپشۇرۇۋالدى: بىرسى بىر ئەر كىشىدىن كەلگەن بولۇپ تەلەپپۇزى مۇلايىم ئىدى: «سوتچى، بىز بۇ ئىشنى ھەقىقەتەنمۇ سۈرۈشتۈرمەي تۇرالمايمىز. مەن ئېمىل خانىمغا ھالاقىت يەتكۈرۈش-

نى ئەڭ خالىمايدىغان ئادەم، ئەمما بۇنىڭغا بەربىر ئامال قىلىش كېرەك» شۇ كۈنى ئاخشىمى بارلىق كېڭەش پالاتا ئەزالىرى—ئۈچ نەپەر ياشانغان ۋە بىر نەپەر ياشراق يېڭى ئەۋلاد ئەزا بىرلىكتە يىغىن ئاچتى.

— بۇ ئىش ناھايىتى ئاددىي، —دېدى ياش يىگىت، — ئۆيۈڭنى تازىلا، بېرىلگەن مۆھلەت ئىچىدە تازىلاپ بولىسەن، بولمىسا ... دەپ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش قىلىمىز.

—ئەپەندىم، ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ —دېدى سوتچى سېتۋىنىس، —بىر ئېسىلزادە ئايالنىڭ يۈزىدىن-يۈزىگە ئۆيىڭىزدە سېسىق پۇراق بار ئىكەن دېيەلەمسىز؟

ئىككىنچى كۈنى يېرىم كېچىدىن كېيىن 4 ئادەم ئېمىل خانىمنىڭ چىمەنلىقىدىن ئۆتۈپ، خۇددى قاراقچىلاردەك ئۆينى ئايلىنىپ ماڭدى-دە، تامنىڭ بۇرجىكى ئەتراپلىرى ۋە گەمىنىڭ شامال ئۆتۈشىدىغان تۆشۈكلىرىنى ھەدەپ پۇراشقا باشلىدى، بىرسى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان خالتىدىن نېمىنىدۇ ئېلىپ، توختىماي ئۇرۇق چاچقاندەك بىر ھەرىكەتنى قىلماقتا ئىدى. ئۇلار گەمىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى-دە، گەمىنىڭ ئىچىگە ۋە بارلىق تاشقارقى ئۆيلەرگە ھاك چاچتى. ئۇلار قايتىپ، چىملىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئەسلىدە قاراڭغۇ تۇرغان بىر دېرىزىدە چىراغ يورۇپ كەتتى: ئېمىل خانىم ئۆي ئىچىدە ئولتۇراتتى، كەينىدە چىراغ، ئۇنىڭ تىك قەددى-قامىتى خۇددى بۇتقا ئوخشاش قىمىر قىلمايتتى.

ئۇلار ئاۋايلاپ دەسسەپ چىملىقتىن ئۆتتى-دە، رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى توخۇمەك دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. بىر-ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پۇراق يوقالدى.

ۋەھالەنكى مۇشۇ چاغدىلا كىشىلەر ئېمىل خانىم ئۈچۈن ھەقىقىي يوسۇندا ئازابلىنىشقا باشلىدى. بازاردىكى كىشىلەر ئېمىل خانىمنىڭ ئۇلۇغ مومىسىنىڭ ئاخىرى بېرىپ پۈتۈنلەي ساراڭ بولۇپ قالغىنىنى ئەسلىشىپ، گېلىرىدىن ئائىلىسىنىڭ ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتىدىغان ئائىلە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىشتى. ئېمىل خانىم ۋە ئېمىل خانىم تىپىدىكى ئاياللار ياش ئەركەك دېگەن نېمىلەرگە نەزەر كۆزىنىمۇ سالمايتتى. ئۇزۇندىن بۇيان بىز بۇ ئائىلىدىكىلەرنى ھامان رەسىمدىكى قەھرىمانلار دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق: زىلۋا، ئاق ئىگىن كىيگەن ئېمىل خانىم، ئالدىدا، ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇرغان ئاتىسىنىڭ قىياپاش كۆرۈنۈشى، ئۇ دۈمبىسىنى ئېمىل خانىمغا قارىتىپ، قولىدا ئات قامچا تۇتقان، كەينىگە ئېچىلغان ئالدى ئىشىك دەل بۇ ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭ گەۋدىسىگە بىر كەلگەنىدى. شۇڭا ئېمىل خانىم ئوتتۇز ياشقا تاقاپ، تېخى توي قىلمىغاندىمۇ بىزدە توي ئويناش ئىستىكى تۇغۇلمىغانىدى، پەقەتلا بۇرۇنقى دېگەنلىرىمىزنىڭ دەلىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدۇق.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قېنىدا سەۋدايىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ناۋادا ئېمىل خانىمنىڭ ئالدىدا ھەممە پۇرسەتلەر تەخىمۇ تەخ بولغىنىدا، ئۇ بۇنداق پۇرسەتلەرنى بىراقلا قولدىن بېرىپ قويمىغان بولاتتى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئېيتىشلىرىچە، ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن مىراس قالغان ھەممىۋا مال-مۈلۈك ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆيى ئىدى. بۇنىڭغىمۇ كىشىلەر خۇشال بولۇشتى. ئاياغىغا كەلگەندە ئۇلار

ئېمىل خانىمغا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى، يالغۇزلۇق، پاناھسىزلىق، ئۇنى ئادەم قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇمۇ بىرەر تىيىننى كۆپرەك تاپسا ھاياجانلىنىپ خۇشاللىنىدىغان، بىرەر تىيىننى كەمرەك تاپسا ھەسرەت چېكىپ ئۇمىدسىزلىنىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ئېمىل خانىمنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ ئىككىنچى كۈنى ھەممە ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا قايغۇداش ۋە تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى، بۇ بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز ئىدى. ئېمىل خانىم ئاياللارنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا كۈتۈۋالدى، ئىگىنلىرى ئادەتتىكىدەك، چىرايىدا قايغۇ-ئەلەم دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاياللارغا ئاتىسىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. پەتىگە كەلگەن دىنىي دۈيۈشمىنىڭ پوپىغا بولسۇن، مىيىتنى كۆمۈۋېتەيلى دەپ نەسىھەت قىلغان دوختۇرغا بولسۇن، ئۇ ئۇلاردا ئۈچ كۈنگىچە شۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ئۇلار قانۇن ۋە قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىمىز دەپ تۇرغاندا ئېمىل خانىم غۇلاپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئاتىسىنى كۆمۈپ قويدى.

ئۇ چاغدا بىز ئۇنى تېخى سارڭ بوپقالدىمىكىن دېگەنىدۇق. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنى تۇتالماي قالغانلىقىدىن بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بارلىق ياش يىگىتلەرنى قوغلىۋەتكەنلىكىمۇ تېخى يادىمىزدا ئىدى. بىز ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنىڭ يوقلۇقىنى، كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ئامالسىزلىقتىن قىلغىنىدەك ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى بۇلاپ كەتكەن ئاشۇ ئادەمنى قويۇۋەتمەي سۆرەپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ بىلەتتۇق.

3

ئۇ ئۇزاق بىر مەزگىل ئاغرىپ يۈردى. كېيىنكى قېتىمدا كۆرگىنىمدە چېچىنى قىرقىتىپ، قىزلارغىلا ئوخشاپ، چېركاۋنىڭ گۈللۈك ئەينەك دېرىزىسىدىكى پەرىشتىنىڭ سۈرىتىگە ئوخشاش مەيۈس ۋە سۇرلۇك بولۇپ قالغانىدى.

مەمۇرىي دائىرىلەر پىيادىلەر يولى ياساش توغرىسىدا توختام تۈزۈپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەن يازدىن باشلاپ ئىش باشلىدى. قۇرۇلۇش شىركىتى بىر تۈركۈم نېگىر، خېچىر ۋە ماشىنىلارنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى، غوجىدار شىماللىق تومتۇۋاق خېمۇ بولۇن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇزۇنتۇرا، قاراقۇمچاق، مىختا ئىشلەمچى، ئاۋازى يوغان، كۆزلىرى يۈزىگە باققاندا سۇس ئىدى. بىر توپ باللار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن نېگىرلارنى تىللىشىغا قۇلاق سالاتتى، نېگىرلار بولسا جوتونىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە چۈشۈش رىتىمىغا ئەگىشىپ ئەمگەك قوشىقى ئېيتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىلىپ كەتتى. ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا كىشىلەر مەيداننىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىسا جەزمەن خېمو بولۇن شۇ يەردە دەپ بىلىشەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىز يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئېمىل خانىم بىلەن پەيتونغا چۈشۈپ سەيلىگە چىققانلىقىنى كۆردۇق. سېرىق چاقلىق پەيتۇن ئېغىلدىن تاللىۋېلىنغان تورۇق ئىچ ئاتقا تولىمۇ ياراشقانىدى.

دەسلەپتە بىز ئېمىل خانىمدا ئازتولا بولسىمۇ ئۈمىد پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانىدۇق، چۈنكى خوتۇنلار: «كېلىرىسىن ئائىلىسىدىكىلەر كۈندە تاپقىنىنى كۈندە كۆرىدىغان بىر شىماللىق تومتۇۋاقنى ئۆلسىمۇ پىسەت قىلمايدۇ» دېيىشكەنىدى. ئەمما بەزى ياشانغان كىشىلەر ئەلەم چاققان تەقدىردىمۇ بىر ھەقىقىي ئېسىلزادە ئائىلىنى «ئېسىلزادىقا خاس ھەددى-ھەرىكەتلەر» دىن قول ئۈزدۈرمەسلىك لازىم، گەرچە بۇنىڭ ئۆزى ئېغىزدا ئېسىلزادىقا خاس ھەددى-ھەرىكەتلەر» دەپ ئاتالمىسىمۇ، دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ: «بىچارە، ئېمىل، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە بولاتتى،» دېگىنى دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئادابامادا ئىدى. ئەمما بىرقانچە يىل بۇرۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى سارائ قېيىن ئانىسىنىڭ مال-مۈلۈك ھوقۇقى توغرىلىق ئۇلار بىلەن ئارازلىشىپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىش يوق ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆلۈم ئىشىغىمۇ ئادەم ئەۋەتمىگەنىدى. ياشانغانلار «بىچارە، ئېمىل» دېيىش بىلەنلا پىچىرلىشىشقا باشلايتتى. ئۇلار ئۆزئارا: سەن راستىنلا ئاشۇنداق ئىش بار دەپ ئويلامسەن؟

—ئەلۋەتتە شۇنداق بولمايچۇ، ئۇندىن باشقا يەنە قانداق ئىش بولسۇن،—دېيىشەتتى. ئۇلار بۇ گەپلەرنى قولى بىلەن ئاغزىنى يېپىپ تۇرۇپ ئاستا ئېيتاتتى. يېنىك ۋە ئۇچقۇر ئات تۇياقلىرى تاراسلاپ ئۆتكەن، يەكشەنبە كۈنىدىكى چۈش پىشىن قۇياشتىن دالداقايدىغان مەنسەردە دېرىزىلەر يېپىلغان چاغلاردا تاۋار-دۇردۇنلارنىڭ «بىچارە، ئېمىل» دېگەن شىۋىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەتتى-تېخى بىز ئۇنىڭ يولدىن چىقىپ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە چىن پۈتۈپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدىمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇ كىشىلەردىن گېلىرىسىن نەسلى-زاتىنىڭ سوڭغى ئەۋلادىنىڭ ئىززەت-نەپسىنى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ بەكرەك تەن ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىززەت-نەپسى ئۆرپى-ئادەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى قىلچە دەخلىسىز خۇلقى-مىجەزنى يېڭىباشتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ چاشقان دورىسى، مەركىمۈش ئالغان چاغدىكى ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. بۇ كىشىلەر ئۇنى «بىچارە، ئېمىل» دېيىشكە باشلىغاندىن بىر يىل كېيىنكى چاغ ئىدى، ئېمىل خانىمنىڭ ئىككى بىر نەۋرە ئىنگىچە-سىڭىل تۇغقىنىمۇ دەل شۇ چاغدا ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى.

—ئازراق زەھەرلىك دورا ئالماقچىدىم،—دېدى ئۇ دورىپۇرۇشقا، ئۇ شۇ چاغدا ئوتتۇز ياشلاردىن ئۆتۈپ قالغان، جىۋەك بىر ئايال بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن تېخىمۇ جۈدەپ، قاپقارا كۆزلىرى سوغ ۋە مەغرۇر چاقناپ، يۈزىدىكى گۆشلەر ئىككى چېكىسى بىلەن كۆز چاناقلىرىغا مەھكەم چاپلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنداق چىراي ئالامەتلىرى تەسەۋۋۇردىكى ماياك قاراۋۇللىرىدىلا بولاتتى.

—ئازراق زەھەرلىك دورا ئالماقچىدىم،—دەيتتى ئۇ.

—چۈشەندىم ئېمىل خانىم، قايسى خىلىنى ئالىسىز؟ چاشقان يوقىتىدىغىنىمۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن سىزگە...

—مەن سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك بار زەھەرلىك دورىنى ئالماقچىمەن، خىلى بىلەن كارىم يوق.

دورپۇرۇش كەينى - كەينىدىن بىر-
نەچچە دورا خىلىنىڭ ئېتىنى ئېيتتى، —
بۇلار ھەرقانداق نەرسىنى زەھەرلەپ
ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا پىلنىمۇ... ئەمما سىز-
نىڭ ئالىدىغىنىڭىز؟

— مەرگىمۇش، — دېدى ئېمىل خا-
نىم، — مەرگىمۇشىڭىز كۈچلۈكمۇ؟

— ھەئە،... مەرگىمۇش؟ بىلدىم،
خانىم، ئەمما سىزنىڭ ئالىدىغىنىڭىز؟

— مېنىڭ ئالىدىغىنىم مەرگىمۇش.

دورپۇرۇش ئۇنىڭغا تۆۋەندىن لاپ-
پىدە قاراپ قويدى. ئۇمۇ دورپۇرۇشقا
جاۋابەن قاراپ قويدى، ئۇنىڭ قەددى
ئېلىپتەك تۈز، چىرايى خۇددى پاتلانغان
بايراققا ئوخشايتتى.

— ئوھوي، ئەلۋەتتە بار، — دېدى
دورپۇرۇش، — ئەگەر سىزنىڭ ئالىدىغى-
نىڭىز مۇشۇنداق زەھەرلىك دورا بولسا،
ئۇنداقتا قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە بۇ
دورىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىڭىزنى
ئېيتىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ئېمىل خانىم ئۇنىڭغا قاراپلا قال-
دى، ئۇنىڭ جۈپ كۆزلىرىگە توغرا قاراش
ئۈچۈن بېشىنى كەينىگە تاشلاپمۇ قوي-
دى، ئۇ دورپۇرۇشقا دورپۇرۇش ئۇنىڭ-
دىن كۆزىنى يۆتكىگۈچە، مەرگىمۇشنى
ئوراپ بولغۇچە قاراپ تۇردى. نېگىر
مال توشۇغۇچى ھېلىقى ئوراپ بولغان
دورىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بەردى.
ئېمىل خانىم ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن
بولاقنى ئېچىپ، قۇتىنىڭ ئۈستىدىكى
باش سۆڭەك بەلگىسىنىڭ ئاستىغا: چاشقان
دورىسى دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى.

4

شۇڭا بىز ئەمدى ئۇ ئۆلۈۋالىدى-
غان بولدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن
بۇنىڭدىن ياخشى چارىمۇ يوق دېيىشتۇق.
بىز ئۇنىڭ بىلەن خېمو بولۇنىڭ بىللە
تۇرغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىمىز-
دە ئېمىل خانىم خېمو بولۇنغا تېگىدى-
غان بوپتۇ دېيىشتۇق. كېيىن يەنە: «ئې-
مىل خانىم خېمو بولۇنىنى ئىندەككە
كەلتۈرۈشى كېرەك، چۈنكى خېمو بو-
لۇنىڭ ئۆزى ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىشنى
ياخشى كۆرىمەن،» دېدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ
ياشلار بىلەن قانداغاي كلۇبىدا بىللە
ھاراق ئىچىشكىنىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ
ئۆزىمۇ ئۆيلىنىشكە كۆڭلۈم تارتمايدۇ دې-
گەن»، دېيىشتۇق. كېيىن ئۇلار ھەر يەك-
شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن چىرايلىق
پەيتونغا چۈشۈپ سەيلىگە ماڭىدىغان
بولدى: پەيتوندا ئېمىل خانىم غادايغان
پېتى، خېمو شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىگەن
ھالدا تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، سېرىق
پەلەي كىيگەن قولىدا تىزگىن ۋە قامچا
تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بىز مەنسەردە دېرىزى-
نىڭ كەينىدىن ئىختىيارسىز ھالدا:

— بىچارە ئېمىل ، — دەپ قو-
ياتتۇق.

كېيىن بەزى ئاياللار بۇ پۈتۈن با-
زىرىمىز ئۈچۈن نومۇس، ياشلار ئۈچۈن
يامان ئۈلگە دېيىشىدىغان بولدى. ئەرلەر
بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى، ئەمما ئاياللار
غۇسلى تەرەت ئۇيۇشمىسىدىكى پوپنى
(ئېمىل خانىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇقەد-
دەس جامائەت ئۇيۇشمىغا تەۋە ئىدى)
ئېمىل خانىمنىڭ يېنىغا بېرىشقا مەج-
بۇرلىدى. پوپ بارغان چاغدىكى ئەھۋالنى
ھېچكىمگە يايمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ يې-
نىغا ئىككىنچى قېتىم بارمايدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتتى. كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى ئۇلار يەنە پەيتوننى قوشۇپ رەستىدە پەيدا بولغانلىقتىن ئىككىنچى كۈنى پوپىنىڭ خانىمى — قۇشناچ ئېمىل خانىمنىڭ ئارابامادىكى تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ ئۇلارنى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈردى.

ئۇلارنىڭ ئەسلىدە، يېقىن تۇغقانلىرىمۇ بار ئىدى، شۇڭلاشقا بىز ئىشنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىغا سەپسېلىپ تۇرۇۋاتقانىدۇق. دەسلەپتە ھېچقانداق تىۋدىش بولمىدى، كېيىن ئۇلارنى توي قىلىدىكەن دەپ ئېنىق خەۋەر ئاڭلىدۇق. بىز يەنە ئېمىل خانىم زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنىغا بېرىپ، كۈمۈشتىن ئەرلەر ئىشلىتىدىغان يۇيۇنۇش جابدۇقلىرى بۇيرۇتۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە «خ.ب» دېگەن خەتلەرنى ئويدۇرۇپتۇ دەپمۇ ئاڭلىدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن بەزىلەر بىزگە ئېمىل خانىم بىر يۇرۇش ئەرەنچە كىيىم ھەتتا ئۇيقۇ كىيىملىرىگىچە سېتىۋالدى دېدى. شۇڭا بىز ئۇلارنى توي قىلدى دېدۇق. بىز راستىنلا خۇشال بولدۇق.

بىزنىڭ خۇشال بولۇشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئىككى بىر نەۋرە ئىگىچە-سىڭىل ئېمىل خانىمغا قارىغاندا گېلىرىسىن جەمەتىنىڭ خىسلىتىنى ئۆزلىرىدە بەكرەك ساقلاپ قالغانىدى.

شۇڭا خېمو بولۇن بۇ شەھەردىن كەتكەندە (رەستىگە يول سېلىش قۇرۇلۇشى تۈگىگىلى خېلى بىر زامان بولغانىدى) بىز بىرئازمۇ ھەيران قالمىدۇق. ئۆزىتىش تاماشىسى كەم بولغىنى ئۈچۈن مەيۈسلەنمەيمۇ قالمىدۇق. ئەمما خېمو بولۇننىڭ بۇ سەپىرى، ئېمىل خانىمنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ياكى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىگىچە-سىڭىل تۇغقىنىنى يولغا سېلىپ قويۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدۇق.

(بۇ چاغدا بىر مەخپىي گۇرۇھ شەكىللەنگەنىدى، بىز ئېمىل خانىم تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ بىر جۈپ بىر نەۋرە ئىگىچە-سىڭىل تۇغقىنىنى تېپىپ چىقىرىشىغا ياردەم قىلماقچى بولغانىدۇق.) توپىمۇتوغرا، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار مېڭىپ كەتتى. يەنە كېلىپ بىزنىڭ كۈتۈپ كەلگىنىمىزدەك، خېمو بولۇن بازارغا يەنە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر قوشنىسى ھېلىقى نېگىرنىڭ بىر كۈنى قاش قارايغان چاغدا ئۇنى ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى.

بۇ بىزنىڭ خېمو بولۇننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشىمىز ئىدى. ئېمىل خانىمنى بولسا، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇچراتمىدۇق. نېگىر نەرسە-كېرەك سالىدىغان سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ-چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدى ئىشىك ھەمىشەم ئېتىك تۇراتتى. بەزىدە خۇددى ھېلىقى ئاخشىمى ھاك چاچقاندا كۆزگە تاشلانغانغا ئوخشاش تۇيۇقسىزلا دېرىزىدىن لىپلا قىلىپ ئۆتكەن ئېمىل خانىمنىڭ گەۋدىسىنى كۆرگىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توپىمۇتوغرا ئالتە ئايغىچە رەستىدە كۆرۈنمىدى. بىزمۇ بۇنىڭ تەبىئىي ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مىجەزى ئۇنىڭ ئاشۇ ئاياللىق ھاياتىغا تالاي قېتىم ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەنىدى، يەنە

كېلىپ بۇ مىجەز ئىنتايىن زەھەرلىك،
ئىنتايىن تەلۋە بولۇپ تېخىچىلا يوقالـ
مىغاندەك قىلاتتى.

ئېمىل خانىمنى قايتا كۆرگىنىمىزدە،
ئۇ سەمىرىپ چارباش بولۇپ قالغانىدى.
كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ
چاچلىرى بارغانسېرى ئاقىرىپ خۇددى
قارىمۇچ تالقىنىدەك كۆكۈمتۈل كۈلرەڭ
تۈسكە كىرىپ، بۇنىڭدىن قايتا ئۆزگەر-
مىگەنىدى. تاكى يەتمىش تۆت يېشىدا
ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ چاچلىرى
ئاشۇ يالجىپ تۇرغان كۆكۈمتۈل كۈلرەڭ
رەڭگىنى بەجايىكى بىر جۇشقۇن يىگىت
ئۆز چېچىنىڭ رەڭگىنى ساقلىغاندەك
ساقلىغانىدى.

ئاشۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئالدى
ئىشىكى داۋاملىق ئېتىكلىك تۇرىدىغان
بولدى، بۇ ئۇنىڭ 40 ياش ئۆپچۆرىسى
دىكى ئاشۇ 6 ـ 7 يىللىق ۋاقتىنى ئۆز
ئىچىگە ئالمايتتى. ئۇ ئاشۇ مەزگىل ئى-
چىدە پار ـ پۇر قاچىلار سىزىمىچىلىقى
دەرسىنى بېرىۋاتقانىدى. ئۇ تۆۋەن قە-
ۋەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيىنى ۋاقىتلىق رە-
سىم سىزىش بۆلمىسى قىلىپ سەرەم-
جانلاشتۇرغان بولۇپ، پولكوۋنىك سادۇ-
رىسنىڭ زاماندىشلىرى قىز ۋە نەۋرە قىز-
لىرىنى ئېمىل خانىمنىڭ رەسىم سىزىش
بۆلمىسىگە رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە
ئەۋەتىشەتتى. مەشغۇلات شۇ قەدەر ئۆز
ۋاقتىدا، شۇ قەدەر ئەستايىدىللىق بىلەن
ئېلىپ بېرىلاتتىكى، بۇ خۇددى بۇ قىز بۇ
قىز نەۋرىلەرنى يەكشەنبە كۈنى چېر-
كاۋغا ئاپىرىپلا قالماستىن يەنە ئۇلارغا
خەير ـ ئېھسان غەللىسىگە تاشلايدىغان
ئىككى يېرىم موچەنلىك تەڭگە پۇل بەرگەن

بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. مۇشۇ چاغدا
ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قى-
لىنغانىدى.

كېيىن، يېڭى بىر ئەۋلاد پۈتۈن
بازارنىڭ ئۇيۇتقۇسى ۋە روھىغا ئايلاندى،
رەسىمدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ چوڭى-
يىپ قاتارغا قوشۇلدى ۋە بۇ يەردىن
بىر ـ بىرلەپ كېتىشتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ
قىزلىرىنى بوياق قۇتىسى، كىشىنى دى-
دىقتۇرىدىغان سىزىش قەلىمى ۋە ئاياللار
ژۇرنىلىدىن قىيمىلىنغان رەسىملەرنى كۆ-
تەرتىپ ئېمىل خانىمنىڭ رەسىم سىزىش
بۆلۈمىگە رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە ئە-
ۋەتمىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوقۇغۇچى
كەتكەندىن كېيىن ئالدىنقى ئىشىك ئې-
تىۋېتىلدى بەلكى مەڭگۈلۈك ئېتىۋېتىلدى.
پۈتۈن بازاردا ھەقسىز پوچتا تۈزۈمى
يولغا قويۇلغاندىن كېيىن پەقەت ئېمىل
خانىم بىر ئادەملا ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە
مېتال ئىشىك نومۇرى قوشۇمچە پوچتا
ساندۇقى ئورنىتىشنى رەت قىلدى. ئۇ
نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇلارغا ئىرەن قىل-
مىدى.

كۈنلەرنى قوغلىشىپ ئاي، ئايلارنى
قوغلىشىپ يىل ئۆتتى، ھېلىقى نېگىرنىڭ
چاچلىرى ئاقىرىپ بەللىرى مۈكچەيدى،
لېكىن ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك سېۋەتنى
كۆتۈرگىنىچە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرمەكتە
ئىدى. ھەر يىلى 12 ـ ئايدا ئېمىل خا-
نىمغا باج ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى ئەتەۋەتتۇق،
لېكىن بىر يەكشەنبە ئۆتكەندىن كېيىن
بۇ ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئا-
دەم بولمىغانلىقتىن قايتىپ كېلەتتى.
بىز ئاندا ـ ساندا تۆۋەن قەۋەتتىكى بىر
دېرىزىدىن (روشەنكى ئۇ بىنانىڭ ئۈس-

تىنىمۇ ئېتىۋەتكەنىدى) ئۇنىڭ خۇددى بۇتىنىكىدەك گەۋدىسىنى كۆرۈپ قالاتتۇق، ئەمما ئۇنىڭ بىزنى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكى ھەققىدە بىر نېمە دېيەلمەيتتۇق. ئۇ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئېسىلزادىلىك، ئاسايىشلىق، قۇتۇلالماسلىق، يېگانىلىق، ئاجايىپ-غارايىپلىق ئىچىدە ئۆتتى.

ئۇ مۇشۇ تەقلىدتە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ چاڭ-توزان قاپلىغان جىس ۋە سۇرلۇك ئۆيدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھالىدىن بەقەت قېرىپ مۇنۇپ كەتكەن ئاشۇ نېگىرلا خەۋەر ئالاتتى. بىز ھەتتا ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەپتىمىز. چۈنكى خېلى بۇرۇنلا نېگىرنىڭ قېشىغا بېرىپ بىسرەر سىرتىق-مىرتىق بىلىپ كېلىشنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق. نېگىر ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى، ئېمىل خانىمنىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن پۇتتۇپ كەتكەنىدى.

ئېمىل خانىم تۇۋەن قەۋەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيدە جان تەسلىم قىلغان بولۇپ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان كالاڭپاي كارىۋاتقا تېخىچىلا چىمىلدىق تارتىقلىق تۇراتتى، كۆكۈمتۇل كۈل رەڭ چاچلىق بېشىنى ئۇزۇن يىل قويغان ئۇنىڭ ئاشۇ ياستۇقى كۆپ ئىشلىتىلىپ ئابتاپ كۆرمىگەنلىكتىن سارغىيىپ، پاختىلىشىپ كەتكەنىدى.

5

نېگىر ئالدى ئىشىكتە بىرىنچى تۇركۇم ئاياللارنى كۈتۈۋالدى-دە، ئىچكىرىگە باشلىدى، ئۇلار ئاستا سۆزلەيتتى، ئاۋازلىرى كىسىلداپ چىقاتتى. ھەممە نەرسىگە قىزىقسىنىپ قاراپ چىقاتتى. نېگىر بىردەمدىلا كۆرۈنمەي قالدى، ئۇ ئۆيىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەينى ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ نېگىر كۆزدىن غايىب بولدى.

ئىككى بىر نەۋرە ئىنگىچە-سىڭىلىمۇ دەرھال يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئەتىسى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، پۈتۈن بازاردىكىلەر ئېمىل خانىمنىڭ گۈلگە پۈركەلگەن جەسىتىنى كۆرگىلى كېلىشتى. ھېيىت قويىدىغان تاختىغا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كۆمۈر قەلەمدە سىزىلغان سۈرىتى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكە ئويچانلىق ئالامەتلىرى چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ كەتكەنىدى. (خوتۇنلار ۋىچىرلىشىپ ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەشمەكتە ئىدى) ياشانغان ئەرلەر بولسا (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تولىمۇ پاكىز تازىلانغان جەنۇبىتىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغانىدى) كارىدورلاردا، چىملىقلاردا خۇددى ئېمىل خانىم ئۇلارنىڭ زامانداشىدەك ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە سۆزلىشەتتى، تېخى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭغا مۇھەببەت قويغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەتتا ئۇلار ئارىفمېتىكىلىق قاتار بويىچە ئىلگىرىلەيدىغان ۋاقىتنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى، بۇ قېرىلاردا ھەمىشەم چېلىقىدىغان ئەھۋال. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆتكەنكى ۋاقىتلار بارغانسېرى تارىيىپ بارىدىغان يول بولماستىن، بەلكى ھەتتا زىمىستان قىشىمۇ بىرتال مويىغا تېگەلمەيدىغان بىپايان يايلاق ئىدى،

ئوغىنىسى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانلا ئۇ
خۇددى شىشىنىڭ تار ئاغزىغا ئوخشاش
ئۇلارنى ئۆتمۈشتىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋەت-
كەنىدى. بىز بىنانىڭ ئۈستىدە بىر ئۆيـ
نىڭ بارلىقىنى، بۇ ئۆينى 40 يىل ما-
بەينىدە ھېچكىمنىڭ كۆرمىگەنلىكىنى،
ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ئىشىكنى بۇزۇش
لازىملىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدۇق.
ئۇلار ئامانەتنى جايىغا تەگكۈزگەندىن
كېيىن ئىشىكنى ئامال قىلىپ ئاچماقچى
بولۇشتى.

ئىشىك زەرپ بىلەن ئېچىلغاچقا
ئۆينىڭ ئىچى چاڭ ـ توزانغا بىر كەلدى.
بۇ ياسىداق ئۆيىنى گۆرىستان سۈرى
قاپلىغانىدى. ئۆتۈپ كەتكەن دېرىزە پەر-
دىلىرى، قىزىل رەڭلىك چىراغ قاپلىرى،
ياسىنىش سۈپىسى، قاتار تىزىلغان خـ
رۇستال بۇيۇملار ۋە ئەرلەرنىڭ ئاق كۆ-
مۈچتىن ياسالغان يۇيۇنۇش جابدۇقلىرـ
نىڭ ھەممىسىلا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئاق
كۆمۈشنىڭ جىلاسى يوقاپ، ئۇنىڭ ئۈسـ
تىگە ئويۇلغان ئىسىم ـ فامىلە ھەرپلىرـ
نىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.

ئۆيدىكى ئاتا ـ مانامىنىڭ ئىچىدە بىر
دانە قاتۇرۇلغان ياقا ۋە بىر تال گا-
لستۇك بار بولۇپ، ھېلىلا بىرسىنىڭ
ئۈستىدىن يېشىۋېلىنغاندەك كۆرۈنەتتى،
بۇ نەرسىلەرنى ئالغان چاغدا، سۈپىغا
قونغان چاڭ ـ توزانلار ئىچىدە ھىلال
ئاينىڭ سۈس ئىزى قېپقالغانىدى. ئو-
رۇندۇقنىڭ ئۈستىگە راۋرۇس قاتلانغان
بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك قويۇلغان، ئو-
رۇندۇقنىڭ ئاستىدا بولسا ئىككى غىب-
رىبانە ئاياغ ۋە بىر جۈپ تاشلىۋېتىلگەن
پايپاق تۇراتتى.

ھېلىقى ئەر كىشى كارىۋاتتا ياتاتتى.

بىز ئۇ يەردە بىر ھازاغىچە تو-
رۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەتىسىز يۈزىدىكى كە-
رىشكەن چىشلار ھاسىل قىلغان تىلسىم
قىياپىتىگە سەپسېلىپ قاردۇق.

جەسەت ئاشۇ يەردە ياتماقتا، ئۇ-
نىڭدىن بىر پەسلەك قۇچاقلاشقانلىقىنىڭ
بەلگىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما مۇ-
ھەببەتتىنمۇ ئەبەدىي، مۇھەببەت ئازاب-
لىرىنى يەڭگەن ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ
ئۇنى كۆندۈرگەنىدى. ئۇ قالدۇرغان جىس-
مانىيەت جۇلدۇر كېپەنگە ئايلانغان ئۇيقۇ
كىيىمىنىڭ ئاستىدا چىرىپ، ئۆزى ياتقان
ياغاچ كارىۋاتقا چاپلىشىپ كارىۋات بىـ
لەن ھەمرلاش بولۇپ كەتكەنىدى. ئو-
رۇندىن بۇيان توپلانغان چاڭ توزانلار
ئۇنىڭ تېنى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇر-
غان ياستۇقنى تەپمۇتەكشى پۇركۇۋال-
غانىدى.

كېيىن بىز يانىدا تۇرغان ئاشۇ
ياستۇقتا ئادەم بېشىدىن قالغان ئىزنىڭ
بارلىقىغا دىققەت قىلدۇق. ئىچىمىزدىن
بىرەيلەن ياستۇقنىڭ ئۈستىدىن نېمىنى
دۇر ئالدى، يېقىن بېرىپ قارىساق (بۇ
چاغدا سۈس قاڭسىق بىر پۇراق دىمى
قىمىزغا ئۇرۇلدى) ئەسلىدە بۇ بىر تۇتام
ئۇزۇن كۆكۈمتۇل كۈلرەڭ چاچ ئىكەن.

خەنزۇچە «نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن
تاللانما» دېگەن كىتابتىن. ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# ئەدەبىي ھەسايات

△ يېقىندا مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى «بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئەمەلىي يوسۇندا قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن تېما ئاستىدا پايتەختتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى. بۇ يىغىنغا ليۇبەييۈ، مالچىنخۇ، جياڭ جۈڭ، لىن موخەن، مېڭ ۋېيزەي، ۋۇي ۋەنيەن، لى شىفەن، چىڭ دېيشى، يې شۈيفۇ، سەي روخۇڭ قاتارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قاتنىشىپ، نۆۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بىز كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

يولداش ليۇبەييۈ مۇنداق دېدى: ئون يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمما، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدىغان بولساق شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى پرولېتارىيات ئىگىلىمىسە مۇقەررەر ھالدا بۇرژۇئازىيە ئىگىلەيدۇ، بۇ بىمىرلەس ھەقىقەت. بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مۇنداق بىرنەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇش.

(2) ئىنقىلابىي ئىلغار ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىش،

(3) غەرب بۇرژۇئا مەدەنىيىتىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىش.

(4) ئەدەبىيات مەيدانىنى ئىگىلەش ئارقىلىق بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى كۆككە كۆتۈرۈش.

(5) خەلقنىڭ روھىنى بۇلغاپ، خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چىرىتىش.

يولداش مالچىنخۇ مۇنداق دېدى: ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ئۇزۇندىن بۇيان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان كىشىلەر ھېچقانداق ئالدىنقى شەرتى بولمىغان «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى»نى كۆككە كۆتۈردى.

يولداش جياڭ جۈڭ مۇنداق دېدى: سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت سىستېمىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مېنىڭچە، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار جەزمەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ نىشاننى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

1 - ئەدەبىيات-سەنئەت ئومۇمىي پىلانى ۋە ئۇنىڭغا سەرمايە سېلىش سىياسىي جەھەتتە مايىللىققا ئىگە بولۇش لازىم.

2 - ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت، نەشرىيات تارماقلىرى ۋە تەھرىرات خادىملىرى يۈكسەك ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىشى لازىم.

3 - ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى بىلەن نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

يولداش لىن موخەن مۇنداق دېدى: «ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بەزى ئادەملەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشقا يول قويمىدى، بەزى كىشىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى، ئوت قويۇرۇقلۇق قىلدى ھەمدە بۇ قېتىمقى سىياسىي ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى پىلانلىدى، قىسقىسى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاشقا قارشى تۇرۇشتا سەركەردە بولدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر تولىمۇ مۇشەققەتلىك. ئەگەر بىز خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمىسەك، ئۇلار يېڭىباشتىن باش كۆتۈرىدۇ. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى زور كۆپچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، زور كۆپچىلىك بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان ئادەملەرنى يېتىم قالدۇرۇشىمىز لازىم».

يولداش مىڭ ۋېيزەي مۇنداق دېدى: بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاش كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلدى.

ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىرقانچە تەرەپ، بىرقانچە شەكىل، بىرقانچە قاتلاملاردا ئىپادىلەندى، ئۇلارنى ئەمەلىي يوسۇندا تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا، يەنى خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يولداش ۋۇيۋۇنمىيەن مۇنداق دېدى: مېنىڭچە، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدىمۇ باشقا خىزمەتلەردىكىگە ئوخشاش ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تارىخ ۋە ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات-سەنئەت خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەمدە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، بارچە بەس-بەستە سايراش، ئوخشىمىغان شەكىل، ئۇسلۇب، ژانىر، ئېقىم، ئىلمىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆزئارا ئەركىن رىقابەتلىشىشى توغرىسىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا. بۇ فاڭجېن سىياسەتلەرنى مەيلى ھازىر، مەيلى كەلگۈسىدە بولسۇن باشتىن-ئاخىر ئېغىشماستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك.

ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مالىمانچىلىقلارغا سەل قاراشقا ۋە ئۇنىڭدىن داجىپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) بۇرژۇئازىيىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، چۈشكۈن، چىرىك ئەدەبىي-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ساقلانماي، ئۇنىڭغا چېقىلماي، ئۇنى تەنقىد قىلماي تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش.

(2) ئاڭ تۈسىنى ئالمىغان ئەدەبىيات-سەنئەتنى كۆككە كۆتۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئاڭ ھالەتلىرىنىڭ بىرى، ياكى ئالاھىدە، «تېخىمۇ يۈكسەك» ئاڭ ھالىتى. بۇ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئاساسلىق مەسىلە. ھالبۇكى، مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى، ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئەسلىيەتچىلىكنى ماركسىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ ئورنىغا قويۇشنى تەرغىپ قىلىشتەك بىر خىل خاھىش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ھەتتا بۇنداق دىئالېكتىكىلىق ئىنكاس نەزەرىيىسى بىۋاسىتە كۆزدىتىش ياكى مېخانىكىلىق ئىنكاس نەزەرىيىسى دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى. ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى «ئۆزىدىكى قانۇنىيەتچىلىك»، «ئۆزلۈك تەتقىقاتچىلىقى» دېگەنلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەن-

ئەتنىڭ رېئاللىق، دەۋر، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈۋېتىلدى، «ئۆزىدىكى مەن»، «سۇبيېكت» قاتارلىقلار ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن تەنقىدنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇلۇپ تۇرمۇش ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش رەت قىلىندى، ئەدەبىيات-سەنئەت پەقەت بىر خىل مەنىۋى هادىسە، ئىنسانىيەتنىڭ هاياتلىق هادىسىسى، ئالاھىدە بەلگىچىلىك، تىل ۋە مەدەنىيەت هادىسىسى دەپ قارىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەڭ هالەتلىك تۈسى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدىكى تارىخچىلىق خۇنۈكلەشتۈرۈلدى.


3 - ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە تەنقىدىدە ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادەمنىڭ قىممىتى قاتارلىقلارنى مۇھوملاشتۇرۇۋېتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇۋېتىش ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر خىل خاھىش.

4 - مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى مىللىي ئىنكارچىلىق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيە دولقۇنى

يولداش لى شىفەن مۇنداق دېدى، ئىدىيە-نەزەرىيە ساھەسىدە يېقىندىن بۇيان قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، ماركسىزمنىڭ ئورنى كۆرگىلى بولماي قالدى، ئاجايىپ - غارايىپ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا چىقتى.

بەزىلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، 4 - مايدىن سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى دەۋرىگىچە، يەنى ئەدەبىيات-سەنئەت دەۋرىدىن دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 17 يىلغىچە بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتنى ھەتتا ئەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەربلىشىشنى تەرغىپ قىلدى، بەزى ئادەملەردە مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىززەت نەپسى دېگەننىڭ قىلچە ئەسىرىمۇ يوق، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى بىلەن ئېچىلىش-سايراش فاڭجېنىنى ئەزەلدىن زىددىيەتلىك بولماستىن بەلكى ئورتاق يېتەكچى تەرەپكە ئىگە.

يولداش چىڭ دەيشى مۇنداق دېدى: بىرقانچە يىلدىن بۇيان كۆپ مەنبەچىلىكنى تەشەببۇس قىلىش — ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيەسىدىكى قىزغىن مۇھاكىمە نۇقتىسى بولۇپ قالدى. قارىماققا بۇنىڭدا ماركسىزممۇ بىر مەنبە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بىلەن ئەمەلىيەتتە، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك رولى قاتتىق چەتكە قېقىلدى، بەزىلەر نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش نامىدا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيەسىنى مېخانىكىلىق ماتېرىيالىزم نەزەرىيەسى دەپ بۇرمىلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم دېگەنلىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىنكار قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ، «سول» چاكىنا ئىجتىمائىيەتچىلىكنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى دەپ ھېسابلىندى. شۇڭا ئۇلار ماركسىزمنىڭ يەنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق «ئىنكاس نەزەرىيەسى»نىڭ «ئۆمرى ئاخىرلاشتى»، «ئومۇميۈزلۈك ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىنىشى» كېرەك دەپ جاكارلىدى.



يازغۇچى قەييۇم تۇردى

نېفتچىلار ئارىسىدا

يازغۇچى زوردۇن سابىر يېزىدا






رەسسام يازغۇچى، شائىر ۋە

ئوبزورچىلار سۆھبەتتە

سۈرەتلەرنى ئەرشىدىن

توختى، ھېزىم قاسىم، قېيۇم

تۇرسۇنلار تارتقان.




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1989 - يىل 10 - سان (344 - سان) . 39 - يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ . تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：CN65-1010/I
本刊代号：58-66 定　价：1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 - 58 . باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1.40 يۈەن .